*Иминжан Баһавудун*

# *Или тарихи*



**Бишкек - 2016**



**Иминҗан Баһавудун**
**(1897-1948)**

**Қирғизстан Миллий пәнләр академияси**
**Пәлсәпә вә сәясий – һоқуқ тәтқиқат институти**

## Иминҗан Баһавудун

# Или тарихи

**Бишкәк-2016**

УДК 93/94
ББК 63.3 (2 Уйг)
И 30

*Бу китап автор Иминжан Баһавудунниң нәвриси Әкбәржан Баудунов тәрипидин нәширгә тәйярланди.*

**Муһәррир:**

Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң пәхрий академиги, Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң мухбир әзаси, пәлсәпә пәнлириниң доктори, профессор Әзиз Наринбаев.

**Тәқриз язғанлар:**

Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң мухбир әзаси, пәлсәпә пәнлириниң доктори, профессор **Осмон Тоғусаков.**
Бишкәк шәһириниң К. Карасаев намидики Гуманитар университетиниң сәясий – һоқуқ пәнлири кафедрисиниң чоң оқутқучиси, тарихчи, сәясий пәнлириниң магистри **Абдурәхим Һапизи**

**Баһавудун И.**
И 30 **Или тарихи.** – Б.: «Айат», 2016-жил. - 288 б.

ISBN 978-9967-16-165-8

Китапта уйғурларниң заманимиздин бир қанчә миң жиллар илгири бүйүк бир милләт болуп шәкиллинип, инсанийәтниң мәдәнийәт тарихиға өчмәс төһпиләрни қошқанлиғи, кудрәтлик империяләрни қуруп, өзлириниң тәрәққият тарихида наһайити сәлтәнәтлик дәвирләрни бесип өткәнлиги йезилиду. Дуния тарихида уйғур хәлқиниң тутқан орни, мудапәккүрлири, қәһриман оғул-қизлириниң жасарити, милләтпәрвәрлиги, уйғур дөләтлириниң шан-шөһрити һәққидә тарихий фактлар баян қилиниду.

И 0503020900 - 16

УДК 93/94
ББК 63.3 92 Уйг)

ISBN 978-9967-16-165-8

© Иминжан Баһавудун, 2016
© Әкбәржан Баудунов, 2016

## Бовам Иминжан Баһавудун тоғрисида

1948-жили 24-март күни бовам Иминжан Баһавудун аләмдин өтти. У чағда мән 6 яшта едим. Шу күни белимға ақ бағлап дадам Абдурешит Иминниң йенида жиғлап туруп, өлүм пәтисигә кәлгән кишиләр билән қол елишип көрүштүм. Бовамниң жәсиди Ғулжа шәһириниң Дөң мәһәллисидики (һазирқи малийә мәктивиниң бенаси орнида) қәбристанлиққа дәпнә қилинди (бу зәрәткалиқ 70-жилларда Қарадөң мәһәллисидики зәрәткалиққа көчүрүлгән). Шу күнни та бүгүнгичә унтуғиним йоқ. Мән чоң болуп, шу чағдики сәясәтләр түпәйлидин 1961-жили Қирғизстанниң Фрунзе шәһиригә көчүп кәлдуқ. Бовам тоғрисида анам Ризвангүлдин сориғинимда, бовамниң көп китапларни язғанлиғи, бовам вапат болғандин кейин туққанлар у қолязмиларни елип кәткәнлигини сөзләп бәрди. Мениң көңлүмгә «бовам язған китаплар йоқулуп кәтмисә екән» дегән ойлар кәлди. Кейинирәк илмий ишлар билән шуғуллинип жүргән чағлиримда Йүсүпбәг Мухлисиниң «Уйғур классик әдәбияти қолязмилириниң каталоги» (1957-жили, Үрүмчи) китави намлиқ қолумға чүшүп қалди. Китапниң 47-48-бәтлиридә «Или тарихи»ниң автори Иминжан Баһавудун дегән жүмлиләрни оқуп көңлүм имин тапқан еди.

1988-жили вәтәнгә туққан йоқлаш үчүн барған чеғимда кичик дадам Абдушүкүр Имин Үрүмчидики Шинжаң Уйғур Автоном райониниң музейидин елип кәлгән бовамниң «Или тарихи» қолязмисиниң фотокөчүрмисини маңа көрсәтти. Шу чағда мениң һаяжанлиғим көккә йәткән еди. Кичик дадам билән бовамниң «Или тарихи» китавини вәтәндә нәшир қилдуруш тоғрисида планлаштуқ. Абдушүкүр Имин нәшириятлар билән сөзләшкәндә, улар вәтәндә чиқиришқа болмайдиғанлиғини уқтурған. Шуниңдин кейин қолязмини маңа әвәтип бәрди. Шу жәриянда кичик дадам Абдушүкүр Имин бовам тоғрисида бир нәччә мақалиларни йезип мәтбуатта

елан қилди. Униң йезишичә, бовам Иминжан Баһавудун 1897-жили Ғулжа шәһириниң Судәрваза мәһәллисидә мәрипәтчи, билимлик, диний зат Баһавудун аилисидә дунияға кәлгән. У дәсләп Ғулжа шәһиридики «Таалийә» мәктивидә Абду-Мутаали хәлпәм қолида, кейин Нағирчидики «Ханиқа» мәктивидә билим алған. 1912-жили январда аилиси билән Хонхай мазириға көчүп чиқип, орунлишип қалған.

Бу мәзгилдә Хонхай мазар Хитай-Русийә сода еғизи болған. Иминжан Баһавудун бу йәрдики рус аяли бар Жу Жаңгойди дегән бай хитай содигириниң қолида төрт жил ишләп, Жу Жаңгойдин хитайчә вә униң аяли Наташидин русчә тил үгиниду. Униң әқиллиқ вә парасәтлик жигит екәнлигини сәзгән бай содигәр уни дуканда мал сетишқа ишқа салиду. У өзиниң тиришчанлиғи билән өз билимини ашуриду вә Хонхайдики илим әһлилириниң бири болуп қалиду. Шундақла, шу чағда биринчиләрдин болуп пәнний мәктәп қурушниң тәшәббускари болиду. Шу дәвирдики йеңиликни халимайдиған билимсиз, мутәәссипләр билән күрәш қилип, ахири илғар пикирлик жамаәтчиликниң ярдимидә 1916-жили Хонхай мазирида тунжа мәктәп қуруп (икки синиплиқ) балиларни жиғип оқутушқа башлайду.

Русийәдә 1917-жили Октябрь инқилавидин кейин Чапчалниң Хонхай мазариға чәт әлдин көчүп кәлгәнләр барғансери көпийип, оқуғучиларниң саниму ешип, дәрисликләрниң йетишмәслиги келип чиқиду. 1920-жили бовам Иминжан Или диярида оқуш қураллири мәсилисини һәл қилалмиғанлиғи үчүн Орта Асияға сәпәр қилип, у йәрдин оқутуш материаллирини башқилар арқилиқ Илиға әвәткән. Өзи болса, билимини ашуруш үчүн Татарстанниң Қазан шәһиригә келип у йәрдә түрк, татар, парси, рус тил-йезиғини үгиниду. Бовам өз сәпиридин қайтип кәлгәндин кейин Или диярида пәнний мәктәпләрни қурушқа өзи рәһбәрлик қилған. 1930-жилдин кейин Хонхай мазар мәһәллисигә Йәттисудин көчүп кәлгәнләр көпәйгәнликтин пәнний дәрис оқутуш техиму кәң йолға қоюлған. У Тоққузтара райониниң һакими Нәзәрхан



ғожиниң мақуллиғини елип, маарип уюшмисиниң башлиғи Әмәтханниң тәстиғи билән Хонхай мазирида 500 кишилик клуб селип, 8 синиплиқ толуқсиз оттура мәктәп ачиду. Шуниң билән хәлиқ ичидә кәң тонилиду.

1933-жили Нәзәрхан ғожа бовамни өзигә катип қилип Тоққузтараға елип кетиду (у чағда Чапчал Тоққузтара наһийәсигә қаратти). Тоққузтара наһийәсидә мәдәний-маарип, йеза егилиги вә мәмурий саһаларда үнүмлүк хизмәтләрни қилиду. 1936-жили Чапчал айрим наһийә болуп қурулғандин кейин Иминжан Баһавудун наһийәлик маарип бөлүминиң башлиғи вә диний бөлүм масъули болиду. Бу мәзгилдә Чапчал районида 10ға йеқин уйғур, қазақ, моңғол мәктәплири қурулиду.

1940-жили Шиң Шисәй илғар пикирлик кишиләрни қолға алғанда бовам Иминжан Баһавудунму түрмигә солиниду. 1944-жили, 10-ноябрь күни Или партизанлири Ғулжини азат қилғанда уму түрмидин чиқиду. 1945-жили, биринчи январь күни Шәрқий Түркстан һөкүмитиниң ухтуруши бойичә Чапчал наһийәлик сақчи идарисиниң башлиғи болиду. У бу хизмәт җәриянида гоминдаң қалдуқ шпионлирини тазилаш билән биргә хәлиқниң көплигән наһәқ төһмәтлири, һөжҗәтләрни, шундақла йәнә бир қисим деһқанларниң йәр маҗрасини адиллиқ билән бир тәрәп қилип бериду.

Бовам өз хәлқиниң, өз вәтининиң тарихини йезип қалдурушта көп издинип, 22 жиллиқ өмрини сәрип қилип «Или тарихи»ни йезип чиққан. «Или тарихи» әсәрини вапат болуш алдида оғли Абдурешит Иминға вәсийәт қилип: «Мән бу тарихни мошу йәрдә тохтаттим. 22 жиллиқ өмрүмни сәрип қилип ишлигән бу китапни мениң орнимда рәһбиримиз Әхмәтжан әпәнди җанабилириға тәғдим қиларсән» дегән екән. Дадам Абдурешит Имин бовамниң вапатидин кейин қолязмини қайтидин көчүрүп бовамниң вәсийити бойичә Әхмәтжан Қасимийға тапшуриду. Бовам өз қоли билән язған нусхисини униң вапатидин кейин иниси Имрахун Баһавудунниң өйидин Йүсүпбәг Мухлиси елип кәткән. Бу икки қолязмилар

Үрүмчидики Шинҗаң-Уйғур автоном районниң музейида сақланмақта.

Бовам Иминҗан Баһавудун униңдин башқа «Ислам өлумалири», «Ислам хәлпилири», «Ислам тарихи» охшаш тарихий мавзуларда әсәрләр язған. 40-жили Или дияриниң мәтбуат вә мәтбәә ишлири анчә тәрәққий қилмиғанлиқтин китап чиқириш мүмкинчилиги болмиған. Шу сәвәплик униң әсәрлири қолязма һалитидә қалған вә бәзилири болса журналларда нәшир қилинған.

Бовам Иминҗан Баһавудун уйғур еғиз әдәбиятини жиғип-топлаш ишида көп әмгәк қилған. Бу тоғрисида «Шинҗаң әдәбият сәнъити» журнили 1957-жили 10-санида «...Иминҗан ака 3000дин ошуқ уйғур хәлиқ мақал-тәмсиллирини топлиған болсиму, лекин уни өзиниң һаят вақтида мәтбуат арқилиқ хәлқимизгә тәғдим қилиш пурситигә егә болалмиған еди. Биз журналимизниң мошу санидин башлап мәрһум Иминҗан ака тәрипидин топланған уйғур хәлиқ мақал-тәмсиллиридин техи мәтбуат йүзидә чиқмиғанлирини таллап, давамлиқ тонуштуримиз» дейилгән. Шуниңдин башлап мәзкур журналниң 11-12-санлирида вә «Тарим» журналиниң 1958-жили 1-2-санлирида тонуштурулған.

Бовам Иминҗан Баһавудунниң «Или тарихи» әсәри: «Уйғурларниң қедимқи дәври», «Или Чағатай дәври», «Или Җуңғар ханлиғи дәври», «Или Манҗур ханлиғи дәври», «Или султанлиғи дәври», «Или уйғурлириниң Йәттисуға көчүрилиши» қатарлиқ бир қанчә қисимлардин ибарәт.

Мана бу қолиңиздики бовам Иминҗан Баһавудунниң «Или тарихи» намлиқ китави биринчи қетим нәшир қилиниватиду. Мошу нәшир қилишта бизгә маддий вә мәнивий җәһәттин ярдәм көрсәткән қериндашлиримға, достларға чин жүрәктин рәхмәт ейтимән.

**Әкбәрҗан Абдурешит оғли Баудунов,**
**пәлсәпә пәнлириниң намзити.**



## Сөз беши

Бизниң бүгүнгичә болған тарихимизда тарихчиларниң жутимиз Или тарихини йезип мәйданға кәлтүргәнлири көрүнмәйду. Лекин рус шәриқшунаслиридин Н. Н. Пантусовниң әсәрлири, Молла Билал бин Молла Йүсүпниң (Билал Назим) «Ғазат дәр мүлки чин» намлиқ китави вә Октябрь инқилавидин кейин Нәзәрғоҗа Абдусәмәтовниң (Уйғур оғли) «Или таранчи тарихи» намлиқ әсири бесилип тарқалған болсиму, һөкүмран мустәбитләрниң сәясий бесими билән хәлиқ арисиға тарқитилмиған еди.

Илиниң тарихи, жуғрапийәси һәмдә ижтимаий әһвалларниң өткән заманда қандақ болғанлиғидин очуқ мәлумат берәләйдиған бирәр әсәр роятқа чиқмиғачқа, бу мәсилиләр тоғрисида билидиған қериндашлиримиз йоқ дейәрлик. Тарихни билидиғанларниң сөзләп бәргәнлири болса еғиздин – еғизға, балидин – балиға өтүп, йоқ болуп кетиши тәбиий. Мана шу вәҗидин бу йетәрсизликни толдуруш мәхситидә, 1923-жилдин 1948-жилғичә бу һәқтики мәлуматларни жиғип, рәтләп «Или тарихи»ни мошу һалға кәлтүрдүм. Әйни вақитта мустәбит һакимийәтниң бесими сәвәвидин бу әсәрни хәлиқбилән йүз көрүштүрәлмәй кәлгәндим. Аллаһниң рәһмити билән бир нәччә жил өмрүмни сәрип қилип жиққан бу тарихий әсәрни бир күн болсиму қериндашлиримизниң бурунирақ оқуп, өткән ата-бовилиримизниң роһиға атап дуа – патиһә қилишини чин көңлүмдин арзу қилимән.

Бу тарихни йезиш үчүн Молла Билал бин Молла Йүсүпниң «Ғазат дәр мүлки чин», Уйғур оғлиниң «Или таранчи тарихи»дин, Н.Н. Пантусовниң русчә әсәрлиридин, шивәчә, манжу, солун, шивәләр тарихи, «Көч-көч» тарихи вә моңғулчә «Моңғул ламалар тәзкириси», Имин Ваң, Мусагуңларниң тарихидин пайдиландим. Бу әсиримдә гәрчә камчилиқ – нуқсанлар көп болсиму, қуруқ қарап турғандин көрә кәлгүсидики тарихчилиримизға ярдими тегип қалар дегән нийәттә әвлатлиримизға қалдурдум.

**Иминҗан Баһавудун,**
**1948-жили, 28-февраль, Ғулҗа.**

## Тарихимиз һәққидә умумий баян

Бизниң әждадлиримиз заманимиздин бир қанчә миң жиллар илгирила бүйүк бир милләт болуп шәкиллинип, инсанийәтниң мәдәнийәт тарихиға өчмәс төһпиләрни қошқан, қудрәтлик империяләрни, ханлиқларни, һәмдә сулалиларни қуруп вә һөкүмранлиқ қилип, өзлириниң тәрәққият тарихида наһайити сәлтәнәтлик дәвирләрни бесип өткән. Миллитимиз дәсләптә уйғурларниң әждади болған улуқ Һун Тәңрикутлиғи, улуқ Көк Түрк қағанлиғи тәркивидә яшиған. Кейин уйғур Орхон қағанлиғи, Қараханийлар сулалиси, уйғур Идиқут ханлиғи, Йәркәнт Сәидийә ханлиғи қатарлиқ қудрәтлик дөләтләрни қурған.

Султан Сутуқ Буғрахан Қараханийлар сулалисиниң мәшһур падишаһи болуп, униң дәвридә Қараханийлар сулалиси тәвәлигидики барлиқ уйғур қәбилилири ислам динини қобул қилип мусулманлашқан һәмдә оттура әсир уйғур ислам мәдәнийитигә пухта асас салған. Уйғурларниң ислам динини қобул қилиши Қараханийлар дәвридә вә униңдин кейинки узақ тарихий җәриянда Оттура Асиядики түркий қәбилиләр вә башқа хәлиқләрниң мусулманлишишида тарихий характерлиқ түрткилик роль ойниған. Султан Сутуқ Буғрахан Қараханийлар сулалисидики ханлар ичидә мәмликәт башқурушта маһир киши болған. У Қараханийлар сулалисиниң зиминини кеңәйтиш үчүн көплигән урушларни елип барған. Һазир у ханниң җәсиди Артушта.

XI- әсирниң ахирлиридин башлап XII- әсирниң 12-жиллириғичә йәни Қараханийлар башқуруп кәлгән мәзгилидә уйғурларниң чоң дөлити һөкүм сүргән еди. Шуңлашқа, шу дәвирни уйғурларниң оттура әсирдики йеңи баштин тикләнгән һәм гүлләнгән дәвири дәймиз. Йүсүп хас Һаҗипниң: «Кутадғу билик»дастани әнә шу дәвирдә йезилип, шу замандики Шәрқий Қараханийларниң орунбасар қағани Обулһәсән Тавғач Боғраханға тәғдим қилинған. Қараханийлар дәвридә мәйданға кәлгән улуқ әсәрләрниң йәнә бири оттура әсирдики әң атақлиқ тилшунас алим Маһмут Қәшқәрий тәрипидин йезилған «Түркий тиллар дивани»дур. Алим бу әсирини 1075-жили шу дәвирдики әрәп хәлиписи Муқтәдирға тәғдим қилған.



## Чиңгизханниң бесип кириши

1228- жили Чиңгизханниң әскәрлири кәлкүн судәк шиддәт билән Шималий Хитай (җорҗитлар), Оттура Асия, Иран, Һиндистан вә Русийәни бесип, Европиға өтти. Шу чағдики уйғур Идиқут хани моңғуллар билән келишим түзгән еди.

Чиңгизхан дунияниң көп қисмини ишғал қилип, төрт оғлиға тәқсим қилип бәрди. У Дәшти Қипчақ даласини, йәни Иртиш дәриясиниң ғәрбий қисмидики түзләңликни чоң оғли Җуҗиға, Или вадиси, Иссиққөл, Чу дәриясиниң жуқири еқими, Талас дәрияси әтрапи һәмдә Қәшқәр вә Мавараунниәһри қатарлиқ җайларни 2- оғли Чағатайға мәрһәмәт қилди. Чиңгизханниң 3-оғли Огдайхан Балқаш көлиниң шәрқий вә шәрқий шималий қисми, йәни Имил дәрияси, Тарбағатай, Иртиш дәрияси вә Улунгу дәрияси қатарлиқ районларға егә болди. Кәнҗә оғул Толиға болса, ата-бовилиридин қалған Туғла дәрияси, Унун дәрияси билән Курулун дәриясиниң жуқири еқимидики йәрләр тәгди.

Шуниңдин башлап 14-әсирниң йеримиғичә уйғур ели Чиңгизхан нәслиниң қолидин – қолиға өтүп, тиничлиқ тапмиди. Ханларниң өз ара талаш – тартиши нәтиҗисидә уйғур ели чоң келишмәсликләргә учрап харап болди.

Чағатай ханлиғи һөкүмранлиқ қилған дәвирләрдә Маһмуд, Мәсъуд, Алғуй, Исән Буға, Туғлуқ Төмүрхан, Ильясхан, Хизирғожа, Шәйх Җаһан, Ширмуһәммәт, Ширәлихан, Юнусхан, Һасан Буға, Йүсүпхан, Муһәммәт Султан, Султан Әхмәт, Ажихан қатарлиқ он алтә хан һөкүм сүрди.

1262-жилларда Арикқ Буға, Алғуйлар өз-ара урушларни қилди. Әнә шундақ өз – ара урушлар нәтиҗисидә ханлар пат-пат алмишип турғачқа қисқа вақиттила жигирмигә йеқин хан өтти. Шу сәвәптин Қәшқәрийәдә Чағатай тухумидин хан уруғи қалмиди. Ахири шу мәзгилдики төриләр Бухарадин ғоҗа Мәңлик Исән Буға Диван Чечән оғлини алдуруп, Уйғурстанға

хан қилип тиклиди. Есән Буғиниң тоқал хотини Миңлидин Туғлуқ Төмүрхан исимлик бир оғул дунияға келиду. Бу бала аниси билән Қәшқәрдин Илиға қоғливетилиду. Сәвәви Есән Буғиниң чоң хотуни Сатилмишниң күндәшлигидин болған еди.

Бәзи гәп, мәлуматларға қариғанда. Туғлуқ Төмүрхан Илиға чиқип бир нәччә вақиттин кейин «Алмилиқ» шәһәр ордисидики Суванға илтимас қилип мундақ дәйду: «Илида тамамән сүт, қаймақ, айран бар екән, нан болса кам екән, биз мошу йәрдә туриверәмдуқ». Бу гәпни аңлиғандин кейин Суван Алтишәрдин 100 өйлүк кишини бала-чақиси билән көчүрүп чиқип, уларға Қорғасниң Кегән ғолидин бир ғол су берип, деһқанчилиқ қилдурған. Җәнуптин көчүп чиққан уйғурларни моңғуллар өз миллий исми билән атимай иш нами билән атап «таранчи» дегән, моңғуллар буғдайни «таран» дегәчкә «таранчи» дегән нам шу йәрдики уйғурларға сиңип қалған еди.

Бу дәвирдә Туғлуқ Төмүрхан нәсиллиригә Тәңри тағлири ичигә орунлишип қалған көчмән аймақлар тиничлиқ бәрмәй уларниң ички қисмидики түгимәс-пүтмәс дәрт-талашлардин пайдилинип үзлүксиз һуҗумларни қилиду. Шуниң нәтиҗисидә уйғур елиниң бирлиги парчилинип, талан-тараҗға учрайду . Һәмдә өз ара чиқишалмай ушшақ низаһлар билән вәйран болушқа башлайду.

## Илида Туғлуқ Төмүрхан дәври

Қәшқәрийәдә Есән Буға ханниң вапат болуши билән Уйғурстан йәнә хансиз қалди. Есән Буғиниң төрилиридин Әмир Булаҗи 1348-жили, Туғлуқ Төмүрханни Илиға хан қилип көтәрди. Туғлуқ Төмүрхан өз ордисидики Рәшид Бағдади дегән затниң тәкливи билән 160 миң моңғулға баш болуп мусулман болди. Есән Буға төрилиридин Җураси дәсләптә қарши чиққан болсиму ахири өзиму мусулман болди.

Туғлуқ Төмүрхан башчилиғида 160 миң моңғул исламни қобул қилғанда йеңи мусулманлар өз етиқадини көрсәтмәк үчүн башлиридики нишанә болған тәлпәклирини дәрияға



ташлиди. Шуниң билән су тосулуп ташқинлашқа башлиған. Лекин дәрия яқисидики Күрә шәһири аман қалғанлиқтин әтрапта қарап турғанлар «Илаһа» дәп вақириған. Шуниң билән «Илаһа» бу суға нам болуп қалған дейишиду. Буниңдин пәқәт Туғлуқ Төмүрханниң 160 миң моңғул билән мусулман болғанлиғи раст, қалғини ғәлитә сөзләрдур.

«Или» наминиң луғәт мәнисини тәкшүрсәк, әслидә у «или» – «иллиқ» дегән сөзләрдин елинғандур. Уйғурлар уни көзгә йеқимлиқ вә хуш көрүнүшлүк мәниләрдә җүргүзгән. Демәк, «или» - иллиқ дегән мәнидә елинғанлиғи һәқиқити тоғридур.

Хәнзу алими Ваң фамилилик киши билән бир мунчә вақит биллә болған едим. У «Или» дегән нам хәнзу тарихлирида йоқ, моңғулчә исим болса керәк дегән җавапни бәргән еди. Моңғуллар Илини «жиң» дейишиду. Бурунқи уйғурлар һәм моңғуллар мәшһур адәмләрниң қәбрисигә «алтунлуқ» дегән намни улуқлап қоятти. Бүгүнки күндә уйғурларниң Хонхайдики Йүсүп Сәккакийниң қәбрисини улуқлап «алтунлуқ» дейиши шуниңдин қалған болса керәк.

Туғлуқ Төмүрхан мәмлиқәтни кеңәйтиш йолида җәсур, ғәйрәтлик хан еди. 1360- жили Алтишәрниму қолиға алди. У қолға киргүзгән йәрлириниң абат, мәмурчилик болишиға тиришатти. У оғли Ильясғоҗини Сәмәрқәнттә қалдуруп, өзи Илида турған чеғида вапат болди. Униң қәбриси Қорғас мазарда(бурунқи «Алмилиқ» шәһиригә) қоюлди. Туғлуқ Төмүрхан өлгәндин кейин Ильясғоҗа билән Әмир Төмүр оттурисида ханлиқ талишиш уруши башлинип, Ильясғоҗа йеңилип Илиға қайтип кәлди. Әмир Төмүр Ильясғоҗиниң кәйнидин қоғлап келип уни өлтүрүп, Туғлуқ Төмүрханниң қизини некасиға алди вә өзиниң тәхти болған «Көк таш»қа Қораған (күйоғул) намини елип қайтти. Әмир Төмүр бу сәпәрдә улуқ Юлтузға барған еди, кейин алдирашлиқ билән арқиға қайтип кәтти.

Ильясғоҗидин кейин Туғлуқ Төмүрханниң кичик оғли Хизирғоҗа хан болди. Хизирғоҗа Турпан, Қумул аһалисини

ислам диниға киргүзүш йолида қаттиқ һәрикәт қилди вә ахири шу жәңләрниң биридә шеһит болди. Униң қәбриси һазирму Турпандадур. Хизирғожа вапат болғандин кейин 1401-жилдин башлап униң оғли Шәйх Җаһан (Шаһи Җаһан)хан болди. 1408-жили Хизирғоҗиниң иккинчи оғли Ширмуһәммәт хан болди. Йеқинқи заманлардила Йәттису вилайитиниң Ачиноқа дегән йеридә бу ханниң намиға соқулған тәңгиләр тепилған. Шәйх Җаһан хандин кейин униң оғли Нәқиши Җаһан хан болди. Нәқиши Җаһандин кейин Ширәли хан, андин униң оғли Үвәйсхан хан болди. Үвәйсханниң заманисида қалмақлар һазирқи Моғулистанғичә һуҗум қилип, Или районида қаттиқ урушлар болған еди.

Үвәйсханниң Есән Буға, Юсхан дегән оғуллири бар еди. (Үвәйсханниң қәбриси Ғулҗидин 80 чақирим шәрқтики Абрал теғиниң алдидики «Султан Үвәйс (Султанвәйс)» дегән мәһәллидидур. Амма бу тәрәптики хәлиқләр бу қәбрини Һиҗаз вилайитидики Рәһмитулла Әләйһәниң қәбриси дәп билиду.

Үвәйсханниң вапатидин кейин икки оғли ханлиқ талашқан еди. Есән Буға ханлиққа олтурди. У 1438-жили вапат болғандин кейин униң оғли Кепәк (Әхмәт)хан болди. Юнусхан 1472-жили Әхмәт Султанни өлтүрүп униң орниға хан болди.

## Илида Жуңғар ханлиғи дәври

Жуңғар ханлиғи Ойрат моңғуллири тәрипидин қурулған болуп, Ойрат қәбилиләр иттипақи Жуңғар, Дөрбит, Торғут, Хошут қатарлиқ төрт чоң қәбилини өз ичигә алиду. XVII-әсирниң 20-жиллириға кәлгәндә, Қара Қулла башчилиғидики Жуңғар қәбилиси пәйдин-пәй күчүйүп, Ойрат қәбилиләр иттипақидики һөкүмран қәбилигә айланди. 1635-жили Жуңғар қәбилисиниң тәйшиси Қара Қулла өлүп, униң орниға оғли Батур Қунтәйҗи варислиқ қилғандин кейин, Жуңғар қәбилисиниң йетәкчилик орни техиму гәвдилик болди. Жуңғар ханлиғиниң дәсләпки тарихиға Батур Қунтәйҗиниң дәвридин башлап асас селинған болуп, 1640-жили Тарбағатайда Ойрат вә



Халха моңғуллириниң бирләшмә жиғини чақирилип, Моңғул-Ойрат қануни мақулланди. Бу қанунниң мақуллиниши Жуңғар ханлиғини техиму мустәһкәм асасқа егә қилди. 1653-жили Батур Қунтәйҗи өлүп, униң орниға оғли Сеңги варислиқ қилди. Бирақ Сеңги 1670-жили ички ихтилапларда өлтүрүлүп, униң орниға иниси Ғалдан тәхткә чиққандин башлап Жуңғар ханлиғи қудрәт тепип, Оттура Асиядә һөкүмранлиқ қилишқа башлиди. XVII-әсирниң 80-жиллириға кәлгәндә Ғалдан Жуңғар ханлиғиниң мәркизини Қубуқсардин Или дәрияси вадисиға йөткәп кәлди. Ғалдан Или тәвәсини қолға киргүзивалғандин кейин Алтишәрни бесивелишни ойлиған болсиму, лекин у йәрдә өткәнки Чағатай нәслидин болған Исмаил ханға күчи йәтмәйдиғанлиғини ойлап, амалсиз қалиду. Дәл шу пәйттә Исмаил хан билән ханлиқ талишип келиватқан Мәхтум Әзәм әвладидин болған Һидайәтулламу (Аппақғожа) Исмаил ханға өзи тәң келәлмәслигини билип Кәшмир арқилиқ Тибәткә берип Далай Ламадин ярдәм сорайду. Далай Лама униңға Аппақ дегән намни берип, уни шу чағдики Жуңғар ханлиғиниң хақани Ғалданға тонуштуруп йолға салиду. У Алтишәрдә өзиниң әгәшкүчи муритлириниң көплигини, Ғалдандин ярдәм болсила Алтишәрни оңайла қолға алидиғанлиғини ейтиду. Ғалдан бир жил пухта тәйярлиқ қилғандин кейин Йәркәнт ханлиғиға қарши уруш қозғайду. У алди билән Турпан, Тоқсунларни елип, андин Аппақғоҗиниң тәшвиқати вә униң муритлириниң ярдими билән Қәшқәрни оңайла қолға алиду. Исмаил ханни әсиргә елип Илиға палап әкәлгәндин кейин йоқ қилиду. Ғалдан Алтишәрни алғандин кейин, Аппақғоҗиниң көрсәткән хизмити үчүн мукапат берип, уни тәхттә олтурғузиду. Аппақғожа Ғалдан билән келишим түзүп, сода ишлирини жүргүзиду. У вақитларда уйғурларниң тоқумичилиқ санаити тәрәққий қилған болуп, көп миқдардики мата, чәкмән вә пахтилар Илиға чиқирилип туратти. У вақитларда мата наһайити әтиварлиқ товар санилатти. Шуңа бир мата бир өчкигә тохтам қилинатти. Жуңғарлар һәммә чоң шәһәрләргә өз адәмлиридин назарәтчи қоюп, ғожиларниң әһвалини вә һәрикәтлирини күзитип

турушни орунлаштурған еди. Шу вәҗидин Аппақғоҗиниң җуңғарларға болған ихласи түгигән еди.

Җуңғарлар һазирқи Қайнуқ йезисиға йеқин орунни пайтәхт қилған болуп, әнә шу әсирләрдин қалған ординиң кона тамлири техичә бар. Чағатай балилириниң ордилириму мошу орунда екәнлигигә гуман қилинмайду. «Қайнуқ» «ханлиқ» яки «ханбалиқ» дегән сөзләрдин өзгәргән болса керәк. «Балиғ» – уйғурчә шәһәр демәктур.

Аппақғоҗа вапат болғанда Ғалданму вапат болған еди. Кейин бу икки орда бир йоли дегидәк варисларниң қолиға қалди. Шу мәзгилдә Аппақғоҗиниң рәқиби болған Касани ғоҗа бу пурсәттин пайдилинип җанлинип кетиду. У вақитни ғенимәт билип, «Аппақғоҗиниң балилири җуңғарларға қарши қозғилаңға һазирлиниватиду», дәп чеқиштуриду. Җуңғарларниң Қәшқәргә қойған назарәтчилири бу әһвални жуқуриға мәлум қилғанда, буниңдин моңғуллар шүбһилинип, ғоҗилардин Илиға чүшидиған һәмраһ сорайду вә Аппақғоҗиниң Әхмәт дегән нәврисини һәмраһ қилип, Илиға елип келип йоқ қилиду.

Җуңғарлар заманисида һазирқи Қайнуққа йеқин йәрдә Шәһәр ғоҗа (Шәрвағ)дәп аталған уйғурларниң «Тағлиқ» дегән келишкән бир шәһири бар еди. Башлиғи Муһәммәт Имин хан дегән киши еди, у моңғулларниң өз-ара талаш тартишлиридин пайдилинип исиян көтәрди. У Мунаси, Жупталаси, Маңлайсубуғ, Маңлайчу дегән йәрләрдә бир айға қәдәр урушуп, ахири җуңғарлар билән тәң келәлмәй, Көкинәк – һазирқи Тәләмәт давини билән ешип Кучаға кәтти. Куча хани Абдукеримбәг униңға ярдәм қилип 1000 атлиқ әскәр билән 1000 данә егәрлик ат әвәткән еди. Қалмақ әскәрлири уларни қоғлап кәлгән болсиму, өтикәк кесилигә гириптар болуп қалғанлиқтин илаҗисиз қайтип кетишкә мәҗбур болған еди.

Уйғурлар Алтишәрни Чағатай тухумидин қайтуруп алған болсиму, бурунқи һалитигә кәлтүрәлмиди. XVII-әсиргичә үзлүксиз ички вә ташқи мәзһәп урушлири әвҗ елип



кәткәнликтин манҗур, моңғул басмичилиридин қутулушқа имканийәт яр бәрмиди.

Әслидә бу қанлиқ мәзһәп урушлириниң беши мундақ башланған: XV-әсирниң йеримида Мәхтум Әзәм дегән бир ғоҗа Йәркәнт ханлиғиға келиду. Баш-айиғи үзүлмәй болуватқан урушлар сәвәвидин Алтишәр хәлқигә маддий, мәнивий әминлик бәк зөрүр еди. Мундақ әминликкә тәшна боливатқан мәзгилдә келип қалған бу ғоҗини Алтишәр хәлқи наһайити чоң һөрмәт билән қарши алиду. Бу зат алтә шәһәрликләргә наһайити көп карамәтләрни көрситип, өзиниң тәсирини сиңдүргәндин кейин вапат болған еди. У ғоҗамдин кейин Имам Калан, Исһақ Вәли дегән икки оғли ғоҗилиқ мәнсивини талишип, Алтишәр хәлқини иккигә айриветиду. Бири дөләтни сәясий йол билән башқуримиз десә, йәнә бири ислам дини билән башқуримиз дәп икки мәзһәп пәйда қилиду. Имам Калан мәзһипи: «Ишқийә», Исһақ Вәли мәзһипи: «Исһақийә» дәп атилип ишқийә тәрәпдарлири «Ақ тағ», исһақийә тәрәпдарлири «Қара тағ»лиқлар, ишқийә тәрәпдарлири «Ақ туғ», исһақийә тәрәпдарлири «Қара туғ» болуп, өз-ара уришиду. Бу урушлар икки әсиргичә созулуп, бу бир туққан икки қериндашниң сәвәвидин уйғур балилириниң қанлири дәрия-дәрия болуп еқип, бир-бирини өлтүрүп, бирликтин айрилиду (Аппақғоҗиниң өзиму ақ туғлуқлардин еди).

Ғоҗа әвлатлириниң бу мәзһәп урушлири шәрқий уйғурларниң тарихида унтулғусиз паҗиәләрни кәлтүрүп чиқирип, Алтишәрни пүтмәс-түгимәс бала-қаза ғариға солап қойған еди. Йәнә бир тәрәптин манҗурлар билән җуңғарлар бириниң кәйнидин бири һуҗум қилип, уйғурларни ейтқусиз вәйранчилиқларға учратқан еди. Илгири мустәқил, күчлүк дөләт егиси болуп, шөһрәт тапқан уйғурлар жуқириқи сәвәпләр түпәйлидин ахири моңғуллардин қутулуп манҗурларниң чаңгилиға чүшти.

Алтишәрликләр өз-ара соқушиватқанда манҗур сулалиси күчийип, уйғурлар билән җуңғарларға аяқ бесишниң

башланғучи қилип, Қумул билән Турпанни ишғал қилип, 1712-1718-жиллариғичә Қара шәһәргә қәдәр бесип келиду. Бу вақитларда Ғалданниң нәсли түгәп, моңғул бәгләр арисида һәрким өз алдиға хан болушни талашмақта еди. Жуңғариягә хан болғуси кәлгән Амурсина дегән киши ички питнә-пасатлардин пайдилинип, 1754-жили манжурлардин ярдәм сорап әлчи әвәтти. Ғалдан пучуқ заманисидин бери Жуңғариягә аяқ басалмай келиватқан манжурлар бу тәклипни ғенимәт билип дәрһал әскәр киргүзди.

Амурсина яман нийитини ишқа селип «Манжур сулалиси уйғурларни бесивелишқа әскәр киргүзди» дәп өзи чақирип кәлгән манжур әскәрлири билән ақ туғлуқ, қара туғлуқларни қорқутмақчи болған еди. Бу чағда ақ туғлуқ ғожилардин Бурһанидин хан ғожа қара туғлуқларни йеңип, айрим һалда уйғурларға хан болди. Лекин бу ханлиқниң давами узаққа бармастин һелигәр Амурсинаниң чақирип кәлгән манжур әскәрлири жуңғарлиқларниң бешиға минди. Буни көргән Амурсина Чин төрилиридин күткән үмитиниң йоққа чиққанлиғини билип күч топлап, манжурларға қарши һужум қилип, уларни уйғурлар чегарисидин Гәнсуғичә қоғлап чиқарди.

Бу чағда уйғурлар пурсәттин пайдилинип, жуңғарларға қарши уруш елан қилди. Жуңғарлар шуниңға наразилиқ қилип Турпан шәһирини булаң-талаң қилип көп зиянға учратти. Бу чағда Турпан һакими Иминбәг бу әһвални ейтип Аппақғожа әвлатлиридин ярдәм сориған еди, бирақ ғожа нәслиниң мәзһәп уруши техичә давамлашқанлиқтин Иминбәгниң муражити илтипатқа елинмиди. Моңғулларниң залимлиғидин, булаң-талаңлардин зәрбә йегән Иминбәг чарисизлиқтин Турпан уйғурлири намидин манжур һөкүмитидин ярдәм сорап әскәр әкиришкә мәжбур болған еди.

Манжур һөкүмити Турпан әлчилигигә алаһидә зияпәтләрни берип күтивалди. Һәмдә Чинниң Илиға маңған чериклиригә Иминбәгни муавин генерал қилип бекитип, әлчиләрни яндурған еди. Иминбәг Чин чериклиригә (манжурларға) қошумчә черик қошуп, тағқа қачқан Жуңғар ханини тутувелип манжур ләшкәрлириниң башлиғи Жав Жаңжунгә тапшуруп бәрди.

1757 – жили жуңғарларниң қомандани Амурсина манжурларға қарши күрәш елип барған болсиму, чинниң сан жәһәттин көп, тәшкилий вә қурал жәһәттин үстүн болған қошуниға тәң келәлмәй бир нәччә қетимлиқ жәңдила тармар болди. Амурсина ахири рус йеригә қечип берип, Тойбулиски шәһиридә вапат болди. Чин генерали Жав Хуй жуңғарларни вәһшийләрчә бастурди. Чин һөкүмранлири шу заманда Жуңғарияниң тинич аһалисидин бир йерим миллион адәмни вәһшийләрчә қиривәтти. Жуңғарлар қирилғандин кейин бош қалған йәрләр көпәйди. Бу зиминниң әң яхши мол һосуллуқ йәрлирини манжурлар өзлириниң көчүрүп чиққан адәмлиригә бәрди. Жуңғарларниң яйлақлирини Чин мәмурлириниң рухсити билән қазақлар егәллиди. Или, Тарбағатай вилайәтлиридин әң яхши йәрләргә ичкиридин көчүп чиққанлар олтурақлашти. Жуңғарларниң мәркизи болған Или тәвәси бир вилайәт болуп қалди.

Иминбәгниң бу қетимқи көрсәткән хизмити үчүн униңға мукапат тәриқисидә «Ваң»лиқ унвани ата қилинди. Хәлиқләр Иминбәгниң ихтияриға тапшурулди. Бу мәнсәп балидин-балиға қелиш шәрти билән Иминбәг чин чериклирини әгәштүрүп, Қәшқәргичә һәммә шәһәрләрни пәтһ қилип, манжурларға елип бәрди. Бу 1757-жили йүз бәргән иш еди. Шуниң билән Иминбәгниң нәсли та шу кәмгичә ваңлиқ, һакимлиқ дәрижидә болуп кәлмәктә. У вақитларда бирәр йәргә һаким тәйинлимәкчи болса мутләқ Иминбәгниң нәслидин қоюлуши манжур һөкүмитиниң қануни еди. Лекин кейинәрәк Жаһангир ғожини тутуп бәргәнлигигә мукапат тәриқисидә бу мәнсәп йәнә Алтишәрлик Исһақ дегән кишигә соға қилип берилди.

## Илида манжур таипилири вә уйғурлар

Чин әскәрлири моңғулларни қоғлап чиқирип Жуңғарияни қорғинимиз дәп һесаплиғандин кейин аяқлирини мәһкәм бесип туруши лазим еди. Шуниң үчүн манжур һөкүмити бу йәргә дәрру жаңжуң (басқақ) тәйин қилди. 1762- жили 12-айниң 1-күни Или жаңжуң мәһкимиси қурулуп, Сангун Миңрий тунжи Или жаңжуңлигигә тәйинләнди вә Чйәнлуң хан бу йәрниң һәммә ихтиярини ашу жаңжуңға тапшурди. Жаңжуң Или дәрияси бойиға кона Күрә (Хуйән) намлиқ өзигә мәхсус қорған салдурди һәмдә Ғулжиға йеқин Баяндай дегән йәргә йәнә бир «Хуй ән чиң» намлиқ бир қорғанлиқ шәһәр салдуруп, манжурларни олтурғузди.

Чйәнлуң ханниң 28-жили Илиниң башлиғи (жаңжуң) өз һоқуқини сақлаш үчүн һәмдә һөкүмәтни йөләш йүзисидин манжурлар удумиға мәнсүп шәрқий-шималдики Лявниң, Хилоңжяң, Жилин өлкилиридин манжурлардин әскәрлик үчүн 8000 нәпәр, Солун-Дағурлардин 1000 нәпәр, Шивәләрдин 1000 нәпәр, Чахарлардин 1000 нәпәр, Олут (моңғуллар )дин 1000 нәпәр болуп бәш милләттин җәмий 12000 нәпәр әскәр алдурди. (Өз алдиға хусусий көчүп кәлгәнләр бу һесапқа кирмәйду).

Илиға әскәр болуп чиққан солун, дағур, шивәләр дәвир сораватқан манжур сулалисиниң чиң йөлиги һәм униң тәхтигә садақәтмән хәлиқләр һесаплинатти. Шуңа сулунлар Ташкөбрүк ғолиниң ғәрбидики Тургун, Борҗожиға орунлаштурулди. Шивәләрдин 4045 җанни жиғивелип, көтәк һарвулар билән 1756- жили үч жилғичә һөкүмәт тәминлиши билән Илиға йәткүзүп кәлди. Буларға Илиниң сол яқисидики мунбәт һосуллуқ йәрләргә сәккиз Сумул салдуруп олтурғузди.

Моңғуллар болса бурундин Или вилайитидики Арун Сумул (Он Сумул)да бар еди. Дорбин сумул (Төрт Сумул) йәни «шибир»лар болса, моңғулларниң тарихида мундақ һекайә қилиниду: «Бир моңғул моллиси Или әтрапини айлинип шагирт жиғиду. У Тоққузтараниң Шарғожа тәрипигә өткәндә өлгәнликтин «шибир» (шагирт, оқуғучи)» дәп аталған. Зурған



Сумул (Йәттә Сумул) моңғуллири болса, Русийә, Алмута тәрәпләрдин кәлгәнләр еди.

Солун, шивә, чахар вә улут моңғуллиридин тәркип тапқан милләткә Ләндий (Си амбат вә йәнә камиска) мәнсәплири берилип, өзлириниң ички ишлирини өзлири башқуруш һоқуқи берилгән еди. Манжурларни қошқанда бу бәш милләтниң умумий нопуси 40 миң әтрапида болуп, кейинәрәк үсти-үстигә келип 57 миң жанға йәткән еди. Жуқириқи таипларниң һәммиси черик һесавида кәлгәнликтин дөләтниң селиқ, алваң-ясақлиридин халий болуп, буларни тойдуруш, кийиндүрүшму һөкүмәтниң үстидә еди. Манжурлар дөләтниң мунтәзим әскири һесаплинип, солун, чахар, шивә, моңғуллардин даим қошумчә черик елинип туратти. Чериләрниң башлиқлири тамамән манжурлардин қоюлатти. Солун, шивә, чахар вә моңғуллардин черик елишиниң сәвәви Русийә чегарасини сақлаш үчүн еди. Қорул (қаравул)ларни сақлаш иши чериләргә жүкләнгән еди. Пүтүн Или вилайитидин тартип, Наринқол, Сүмбә вә Чөчәк чегарасиғичә 42 йәрдә қорул болуп, 33 данә чегара бәлгә теши бар еди. Һәрбир таипәниң қаравулиға бирдин залуң вә һәрбир қаравулға бирдин ғалдай, бирдин муавин ғалдай вә сәккиз нәпәрдин черик қоюлған еди. Һәрбир таипәниң қаравул башлиқлирини чарлап туруш үчүн мәхсус бир тәкшүргүчи тәйинләнгән болуп, тәкшүргүчиләргә Си амбал мәсъул еди. Шу мәзгилләрдә қурулған қорул (қаравул) вә Русийә билән 1883-жили бөлүнгән чегарилар төвәндикидәк еди:

Моңғулларға сақлаш үчүн берилгән чегара Наринқолдин Сүмбә вә Чапчал Хонхай мазириғичә болуп, бу йәрдә 12 қаравул 17 таш бәлгә бар еди. Буларниң исимлири моңғулчә болуп, 1-Наринқол,2-Қарасон, 3-Махатулға, 4-Иликсон, 5-Жиған осун, 6-Дабан, 7-Қапйиң, 8-Жиған Илик, 9-Боручка, 10-Макичи, 11-Әнгирти, 12-Хонхай мазар дәп атилатти.

Шивәләргә Хонхай мазаридин Или дәриясиғичә йәттә қорул, сәккиз бәлгә таш тәқсим қилинғанди. Улар: 1- Хонхай мазар, 2-Тикилихан, 3-Долату, 4-Яғач қорул, 5-Ташланған қорул, 6-Жийәк, 7-Тоху қоруллардин ибарәт еди.

Солунларға Или дәриясиниң шималидин Қорғас ғолиниң бешиғичә 9 қорул тәқсим қилинғанди. Чахарлар Қорғас ғолиниң бешидин Чөчәк чегарисиғичә болған 15 қорул вә сәккиз бәлгә ташни бақатти.

Чегара бәлгә ташлириға номер қоюлған болуп, бәлгә ташларниң арилиғи ғулач өлчими билән һесаплинатти. Моңғулкүрә Сомдин Мазарғичә 12 қорул болуп Хонхай мазардин Тикилихан қорулуғичә чегара бәлгә теши болмиғачқа узунлиғи өлчәнмигән.

Чин мәмурлири Илида сепилларни соқтуруп, ичигә шәһәр қуруп, өстәңләрни чепип, су чиқирип зираәт өстүрүш үчүн миңлиған әмгәк күчигә еһтияжлиқ еди. Мәзкүр манжур, солун, чахар, шивә вә моңғул таипилири пәқәт чериклик хизмитини ишлигәчкә башқа ишларға пайдиси йоқ еди. Уларни беқиш ишиму һөкүмәт зиммисидә болғачқа бу еғирчилиқларни йеңип, Илини бир вилайәткә айландуруш үчүн ишләмчи уйғурлар мутләқ зөрүр болған еди. Шуниң үчүн Чйәнлуң хан Иминбәг намиға Алтишәрдин деһқанларни Илиға көчүп чиқиш тоғрисида буйруқ бәрди.

Иминбәг оғли Мусагуңни 1779-жили Алтишәргә әвәтип Қәшқәр, Йәкән, Долан, Ақсу, Хотән, Куча, Турпан вә Керийәләрдин 6000 өйлүк (аилиси бар, бойтақ әмәс) деһқанни Илиға көчүрүп чиқти. Буларға мәркизий шәһәр қилиш үчүн Ғулжа шәһириниң орни берилип, Ғулжа шәһири бина қилинған еди.

Һөкүмәт Илиға көчүп чиққанларға өй, түтүн бешиға бир жиллиқ озуқ-түлүк, бир қош калиси, 12 сәр күмүч қатарлиқларни қәриз һесавиға бәрди.

Көчмәнләр Илиға чиққанда 40 миңдин артуқ манжур таипилири вә тағ әтраплирида жүргән уйғурлар, Қизай атлиқ қазақлар һәм бир аз моңғуллар бар еди. Мәзкүр манжур таипилири йәни һөкүмәт әскәрлирини ашлиқ билән тәминләш иши Илиға көчүрилип чиққан уйғурларға мәжбурий жүкләнди. Бу 6000 аилә уйғурлар манжурларниң деһқан һәм қули орнида ишләйдиған алванчиси болуп қалди. Буларғиму Қорғасқа



Туғлуқ Төмүр вақтида Алтишәрдин елип чиққан 100 өйлүк деһқанни уйғур дегән милләт намини атимай, малай йәни қуллуқ мәнисини беридиған «таранчи» нами қоюлди.

Хитайларға кәлсәк Уйғурстан дегән тәйяр намини ишләтмәй, «Шинжаң» (йеңи йәр) дәп атайдиған болди. Буниңдин башқа нәччә миң жиллардин бери дунияға мәшһур «уйғур» дегән намни атимай «чәнту» дәп исим қоюп, уйғурларниң бешиға сәллә йөгигәнлигини камсиндуруп атиди. Хәнзуларниң «хитай» дегән намиға кәлсәк бу әзәлдин дуния хәлқи атайдиған ортақ намдур. Әйни заманларда хәнзуларға узун қара чапан кийиш адәт болғанлиқтин уларни «хийдайи» (узун қара чапанлиқлар) дегән мәнидә нәччә миңлиған жиллар буян шундақ атилип кәлгән нам еди. Манжур һөкүмити Илиға чиққан уйғурларға Һакимбәг билән Мусагуңни башлиқ қилип тәйинлиди. Муса әсли Турпанлиқ болуп, мәнсәп тәгкәндин кейин иниси Оранзип башлиқ 20 аилини биллә елип чиқип, Чулуқай йезисиға орунлаштурған еди вә уларни «ушшақ» өзи шаһ (әркибин) дәп атиған еди.

Илидики уйғурларниң егидарчилиқ иши Һакимбәг билән Зуңдудин ибарәт атақлиқ икки һөкүмәт мәмурийитиниң ихтияриға тапшурулди. Һакимбәг селиқ жиғиш, алван-ясақ ишлирини орунлаштуруш вә муталиә (шәриәт) ижрасиға беқиниш, мупти, қази, әләмгә охшаш диний башлиқларни тәйинләш, қисқиси, мусулманларға аит ишларниң ижрасиға мәсъул еди. Зуңду даринлар Илиниң Басқақ жаңжуни чүшәргән һөкүм-пәрманларни Һакимбәгкә йәткүзүп, бу пәрманларниң әмәлийләшкән-әмәлийләшмигәнлигини өзи назарәт қилип тәкшүрүшкә мәсъул еди.

Һакимбәгләр хизмәт һәққигә Чйәнлуң хандин ағчиси билән бирликтә жиллиқ һәққи үчүн 1578 сәр ақ күмүч алатти. Мәзкүр күмүчни һәр айға бөлгәндә һакимбәг 144.5сәр, ағча 17сәр күмүч алатти. Униң сиртида 12 он йәр (бир он йәр 12 кишилик болуп, бир кишилик йәр 10 моға тәң еди), йәни жәмий 8640 мо йәр алатти.

Ишик ағабәг муавин һаким болуп, униңға ағчиси билән жилиға 448 сәр ақ күмүч мааш үчүн берилип, һәр айға бөлгәндә 23.5 сәрла ағчиси үчүн 4сәрдин болуп, буниңдин башқа 7 он йәр алатти. Һәмдә пүтүн уйғурларниң һоқуқи буларниң ихтиярида болғачқа хәлиқтин халиғанчә нәпиқә алатти.

Һакимбәгни нәсип генерал қилиш ханниң ихтиярида еди. Илида уйғурларни башқуруш үчүн һөкүмәт Ғулжа, Қаш, Нилқа, Байтоқай, Ташөстәң, Борбусун, Қайнуқ,. Хонхай, Дадамту, Тоққузтара, Аруз, Сәндаван қатарлиқ 13 өстәңгә бөлүп, һәр өстәңни бир нәччә йүзгә, һәр йүзни әлликкә, әлликни онға бөлгән еди.

Манжур һөкүмити Илиға көчирип чиққан уйғурларни төвәндикичә орунлаштурған еди:

Қайнуққа 600, Қашқа 500, Борбусунға 1100, Жирғилаңға 900, Таш даван, Тоққузтараға 400, Байтоқайға 600, Хонхайға 800, Дадамтуға 500, Арөстәңгә 600 аилә болуп, җәмий 6000 түтүн орунлаштурулди.

Бу өстәңләрни идарә қилишқа һакимбәгдин кейин ишик ағабәг вә башқа ушшақ бәгләр бар еди. Уйғурларниң бир нәпәр һакимбәг, бир нәпәр ишик ағабәг, икки нәпәр ғәзничибәг, бир нәпәр пашшапбәг, 10 нәпәр миңбеги, 80 нәпәр йүзбеги қатарлиқ бәглири болуп 115 нәпәргә йетәтти. Кона бәг балилириға 5-жуңзи дегән атақ берилгәнди, уйғурларниң жуқириқи бәглиридин башқа әлликбеши, онбеши, көкбеши дегән төвән дәриҗилик бәглириму бар еди.

Һакимбәгниң ордисида дайим хизмәт қилип турған 2 нәпәр ясавул, 8 пүтүкчи, 8 дорға, 2 нәпәр ордабеги, 20 нәпәр нөкәр бар еди. Ишик ағабәгниң хизмәтчилири жуқириқиларниң йеримини тәшкил қилатти һәмдә ордида йәнә 20 нәпәр нағричи пирқиси болуп, буларниң һечқайсиси алван-ясақ төлимәтти.

Жуқирида ейтилғанларниң алван-ясақлири пүтүнләй хәлиқтин қошуп елинатти. Һакимбәгниң ялғуз өзигә бөлүп берилгән ғолниң сүйигә вә терилғу йеригә елиқ-селиқ төлимәтти. Һакимбәгниң деһқанчилиқ вә башқа лазимәтлик ишлирини қилидиған йүз янчиси (малийи), ишик ағабәгниң йүз янчиси, ғәзничибәг һәм шаңбегиләрниңму һәр бириниң 25тин малай –янчилири, йүзбәгләрниң үчтин янчиси бар еди. Бу янчилар қутулмас қуллар еди. Ғәзничи һәм шаңбәгләрниң өзигә чушлуқ йәр-сулири бар еди.

Бу ишлар йүз жилдин ошуқ давам қилип кәлди. Манжурлар бекитип қойған бу адәт кейинки жилларда хәнзу, манжурларға қариғанда уйғурларда бурунрақ йоқалди. Моңғулларда болса бу адәт «мушқа» дәп атилатти. Уларниң бу адити жуңхуа мингодиму йоқалмай, ахири 1933- жилдики инқилаптин кейинла тамам йоқалди.

Һәр үч жилда Бейжиңға берип, ханға көрүнүш қилидиған қанун бойичә Мусагуң Бейжиңға берип ханға көрүнгәндә хан униңдин немә тәливиң бар дәп сориған екән, Мусагуң ханға үч түрлүк ишни қилип беришни өтүнүпту:

1. Или өлкисиниң Ғулжа шәһирини уйғурларға бәрсә;
2. Уйғурларниң чоң жамәәси (мәдриси) йоқ;
3. Уйғурларда диний ишларни бир тәрәп қилидиған чоң ахун йоқ.

Хан униң тәливини орунлуқ көрүп, қобул қилған екән. Ахири Илидики Кона Ямул орнини һакимбәгкә, Шәңгән Ямул орнини ишик ағабәгкә берип тәливини орунлиди. Ахунум үчүн Турпанға гоңси йезип, Шаһ Һәсән әләм ахун, Намзат Керимни әләм ахунлуққа әкәлдүрүп бәрди. Мәдрис үчүн хан көп миқдарда пул аҗритип, ясап бәргән мәдрисә һазирқи шәһәр ичидики «Бәйтулла» мәдрисидур. Илиниң әвзәл шараитини көрүп оңай пул тапқан хитай содигәрлири Или өлкисигә көпләп келишкә башлиди. Тәбиий бу йеңи меһманларни тәминләш вә өткәнки урушларда харап болған вилайәтни қайтидин түзәш, йеңи шәһәрләрни селиш мүшкүл иш еди. Или һесапсиз бай вә ишләнмигән-ечилмиған бир ғәзинә болғачқа мошу хам тәбиәтни ишләп һөкүмәт селиқлирини тапшурмақ уйғур кәмбәғәллириниң бешиға чүшкән бир бала еди. Амма буниңға әмгәк күчи азлиқ қилғанлиқтин һөкүмәт Тоққузтарадики Таштөпә өстиңини чепиш үчүн Алтишәрдин йәнә 1000 өйлүкни көчүрүп кәлди. Даван өстиңини чаптуруш

үчүн 500 өйлүк, Аруз өстиңини чаптуруш үчүн 500 өйлүк болуп, җәмийси үч қетимда 2000 өйлүкни көчүрүп кәлди. Аввалқи көчүп чиққан 6000 өйлүкни қошқанда Алтишәрдин Илиға көчүрилип чиққанларниң умумий сани 8000 аилә болуп қалди. «Или сәккизмиң» дегән сөз шуниңдин қалған болса керәк. Шу вақитларда Или вилайитидики хитай аһалисиниң сани наһайити аз болуп, 1862- жилға кәлгәндә аран 1000 нәпәргә йәткән еди. Илиға уйғурлар кәлгәндин кейин деһқанчилиқ риважлинип, хели мәмурчилик башланған еди. Бу йәрдә 122 жил һакимийәт тутуп дәвран сүргән Жуңғарийә һөкүмити мунқәрз болуп түгәшкән еди. Манжур һөкүмити вақтида болса бу өлкидә һакимийәткә қарши чиқип зиян-зәхмәт йәткүзгүчи болмиғанлиқтин (Жуңғарийә башқа милләтләр болуп, бир йерим миллион адимидин айрилған) Илини көкәртип 300-400 миңдин ошуқ хәлиқни беқип алван-ясақларни төләш, ашу 8000 өйлүк уйғур үстигә жүкләнгәнлиги өз-өзидин мәлүм болуп туриду.

Ата-бовилиримиздин бери яшап келиватқан бу зиминимизни манжур һөкүмити өзигә қаритивалғандин буян бир әсир тинич яшиған болсиму, амма бу дәвирдә уйғурларниң тартмиған азави, көрмигән күни қалмиған еди. Уйғурлар Илиға кәлгәндә наһайити кәмбәғәл еди. Аз вақитлардин кейин бу әмгәкчан, тиришчан хәлиқ тездин көтүрилди. Бу һални көргән манжурлар қанунлуқ алидиған һосулларниң селиғини түрлүк баһанә сәвәпләр билән өстиривәрди. Ахири бу алван-селиқларниң касапитидин уйғурларниң йәйдиғанға озуқлуқ ашлиқлириму қалмай, һалидин кәтти. Селиқни вақтида төләлмигәнлик сәвәвидин уруп өлтүрилгәнләрму болди. Уйғурларниң тиришчанлиғидин турмуши йәнила азрақла яхшилинип қалса мустәбит манжур һөкүмити селиқни көпәйтип, йәнә илгирики һалға кәлтүрүп қоятти, чүнки бу әмгәкчи хәлиқни бай турмушқа eриштүрмәслик үчүн еди. Бу бозәк қуллар дунияси ялғуз алван-ясақни төләш биләнла тинич болмиди. Пүтүн Или әтрапида әң яхши өстәңләрни чепиш, сепил соқуш алванлири та жуңхуа минғоғичә давам қилип



кәлди. Буниң дәлили шу вақитларда хәлиқ тоқуған қошақларда изһар қилинған еди:

## Қошақлар

Ақ өстәңни чапсун дәп жаңжуңдин чиқипту хәт,
Буйруқни елип кәлди тоңчи бәг дегән Әхмәт.
Миң беши йүз уйғурни ақ өстәңгә ишләтти,
Бу макан залимларға тақәт қилалмай зар жиғлашти.
Өстәң бешиға берип йәрни чәм бөлүп бәрди,
Җанларни чиритивәтти алван-селиқларниң дәрди.
Оқәт қилалмай хәлиқ кечә-күндүз чапти өстәңни,
Хотунлар әрләрни көрмәй бир-бири билән муңдашти.
Бирдәм чапмиса кәтмән уруп һеч турғили қоймас,
Томузда чидимай яхшилар яра башни татлашти.
Урар хәлиқни илдам бол, илдам чап бекар турма,
Демини алғили қоймас уруп хәлиқни қоғлашти.
Өстәң чапмиған хәлиқни далуйә уруп янчар,
Қамчиға чидимай хәлиқ өстәңни яқилашти.
Шунчә ишлисәк бизгә беридиғини дәшнәм,
Қолимиздин немә кәлсун көздин кәтмәйду яш-нәм.
Бу өстәң бир бала болди кәч-күз болди қоймайду,
Оқәт қилиш нәдикини балилар бизгә тоймайду.

Ваңхулу, өстәң чепиштәк еғир алван – селиқлардин башқа һечнемигә әрзимәйдиған алванларму болуп туратти. Мәсилән: Күрә сепили дүшмәндин қорқуп, Или дәрияси бойиға селинғачқа кәлкүн кәлгән вақитларда дәрия сүйи ярни бузуп, қорғанни вәйран қиливетиши мүмкин еди. Шуңа сепилни қоғдаш үчүн пүтүн яз бойи нәччә миң ишләмчи дәрияға тосма ясаш үчүн алванға ишләтти. Бирақ дәрияниң долқунлири бу тосмиларни бузуп кетәтти вә нурғун киши бу алван вақтида суға ғәрқ болуп өләтти. Қачан су долқуни пәсийип кәткичә яки бәзи вақитларда күзгичә ишлигән уйғурларниң вақти зайә болуп, пүтүн жиллиқ тирикчилигидин мәһрум болатти. Бу йәрдә шу вақитларда Или хәлқиниң Ваң Хулуниң дәрт әлимигә

чидимай, вижданлири қайнап ейтқан қошақлиридин жиққанлиримизни баян қилимиз:

Ваңхулу бала болди, манжурлар әждиһа болди
Сепилни бузмисун сора дәрияға чүшиңлар дәп
Кечә-күндүз жигитләрни мошу дәрияға ишләтти
Қечип кәткән халайиқниң кәйнидин бир тивә хәт
Қечип кәткән жигитләрниң қол-путини бағлатти
Рәһим қилмиди Жаңжуң пухраларниңжениға
Самандәк сарғийип кәтти пишмай туруп өз вайиға
Уйғур ишлиди даим Ваң Хулуниң йолида
Чидиялмай азапқа худаға зар жиғлашти
Шехил-таш пахал-шахни дәрияға көтүрүп басти
Өйни яд етип балилар кечиләпжутиға қачти.
Қечип кәткән киши ким кимдибан жутни аңлашти
Уларни лойиға берип урдуруп әқлидин аздурди
Қутулармизму буниңдин дегән авазлар яңратти
Пүтүн яз бойи Ваңхулу дегән алван чирмашти
Манжурлар зулумини ешитип уйғур зар қахшашти.

Буниңдин башқа мәшһур алваңларниң бири-Ақ өстәңдур. Бу өстәңниң сүйини Күрәгә йәткүзүш үчүн Илидики әң чоң өстәң Ақ өстәңни чепиш үчүн уйғурлар наһайити нурғун бәдәл төлигән еди. Бу өстәңләрдин башқа мис кани, көмүр кани вә төмүр канлириға нәччә йүз киши алваңға ишләтти. Бу тоғрилиқ чиққан һәсрәтлик қошақларда мундақ ейтилған еди:

Мис кан дегән йәрдә күндә үч там соқимиз,
Қечип кетәйли десәк қорқимиз.
Ахшими ятар чағда салидиған кигиз қени,
Бу жанға өтүп кәттиманжурларниң мис кани.
Буниңдин башқа манжурлар уйғурларни яз бойи,
Бағ арамларға алван орнида ишлитәтти.
Манжурлар баққа ишләтти нәччә йүз мусулманни,
Уруп ишләтсә сорақ йоқ бу парағулмани.
Манжурларниң албини өзлирини раса яшартти,



Харарин билән Ричәк хәлиқни урди-қахшатти.
Чидиялмай капирлар зулмиға һөкүрәп,
Ташлап қачти балилирини алдиға дүкрәп
Манжурларниң зулмини ейтай миңдин бирини хиллап.
Нахшиға қошуп ейтай раса қамлаштуруп тиллап.

Дәп хәлиқләр алваң сәйсиләрниң дәстидин зарлиништи. Башқа чарә тапалмай қошақ қошуп болсиму залимларниң зулумиға қарши ич пушуғини чиқиратти.

Дөләт вә мәнсәп орунлири манжурларниң қолида болғанлиқтин улар һоқуқидин пайдилинип хәлиқни қаттиқ езәтти. Манжур мәнсәпдарлири наһайити парихор болуп һәрқандақ иш парисиз вуждқа чиқматти. Улар өзлирини ғожилар, ақ сүйәкләр һесаплап башқиларни һайван қатарида көрәтти. Әгәр йолда бирәр мәнсәпдар манжур учрап қалса униңға баш егип тазим қилиш пухраниң мәжбурийити еди.

Манжурлар чирайлиқ қиз-чоканларниң номусиға тегип, қәстән зорлуқ билән иш чиқиратти. Пухраларниң қарши чиқиши мүмкин болмайла қалмай, бәлки халис сөзлигәнләрму таяқта өләтти. Манжурлар хәлиқниң урп-адәтлирини вә диний ишлирини һечбир етибарға алматти. Йеқинқи вақитларға қәдәр, йәни Жуңхува Мингоғичә уйғур, қазақ миңбашлириниң ейтишичә, һәр жили чағанда жаңжуң башлиқ пүтүн мәмурий хизмәтчиләр биллә сәһәрдә туруп бутханиға берип, бутларға баш қояттикән. Барлиқ мусулман мәнсәпдарларниң бутханиға бериштин айрилип қелиши зор жинайәт болуп һесаплинатти.

Уйғурлар пәқәт деһқанчилиққа мәсъул, әгәр бирәр киши шәһәрдин чиқип тирикчилик қилса һөкүмәткә түтүн бешиға 12 хо йәни 48 пут буғдай төләтти. Манжур һөкүмити деһқанлар мәйли һосул алсун- алмисун охшашла бәлгүләнгән бу селиқни аливерәтти. Деһқанлар бирәр жил селиқни берәлмәй қалса биргә-бир қошуп төләтти. Бу манжурларниң қануни еди. Демәк, Или уйғурлири манжурлар дәвридә бир әсирдин көпирәк вақит пүтмәс- түгимәс азап -оқубәтләрни бешидин

кәчүрди. Бу тоғрилиқ хәлиқниң төвәндики қошақлири дәлил болалайду:

Йәп тоймай уйғурни далой билән жаңжуң
Жанларни қийнивәтти тоңчиларниң зәрдиси
Тартип алди уйғурдин манжур ат һәм калини.
Ашлиқ алғили киши йоқ. Хотунлар алди хаманни
Һавадики бозлачин көрмәй торға чүшәрму
Адәм оғли башқа мундақ жапалар чүшәмду?
Атамниң һалини дәйму,өзәмниң дәрдини дәйму?
Ичимдә дәрдим тола дәрдни етип жиғлайму? дәйду
Жаңжуң: уйғурниң ғәзинисиниң мелини алсақ.
Яки байдин жанлиқ мал, намритидин ашлиқ алсақ
Бужаңжуң болди әждиһа уйғурларға от ачти
Селиқ тепип берәлмәй хәлиқпәрзәнтини сатти.
Уйғур балилирини ташлап беши қайған яққа қачти.
Һеч падишаһ бу қисмәт пухраға зулум қилмас
Адаләтниң пуруғи йоқ житимлар илиғини ачти
Ейтқин заман ахир болғанда зулум инһабиға йәткәндур.
Қазан қайнап ташқандәк жаңжуң өзи йемәй йол ачти.
Дәп бечариләр көз яшлирини тохтимай төкәтти.

## Хитайниң ички әһвали

Манжурларниң ички әһвалидин бир аз сөзләп өтсәк, кейинки сөзлиримиз чүшүнүшлүк болар. Хитай 5000 жиллиқ тарихқа егә дәп сөзлиниду, амма бу тарих иккигә бөлиниду. Хитайниң 1840 –жилдин тартип йеңи тарихи башланди. Әпиюн уруши дуния капитализминиң һәрбий күчи билән Хитайни бөливелишқа урунған биринчи қәдими XIX-әсирдин башланди. Әжнәбий дөләтләрниң Хитайға киришини манжур ханлириниң әжнәбийләрни киргүзмәслик сәяситы тосуп қалалмиди. Шуниң билән әпиюн уруши келип чиқти. Бу уруш манжурларниң күчини вә чирик һөкүмәт екәнлигини көрситип қалмастин, бәлки униңдин кейин әжнәбийләрниң манжурларни



сиқишиға чоң йол ечип бәрди. Феодализм астидики деһқанчилиқ ғожилиғи әнди капитализмниң қол астиға чүшти. Пүтүн Хитайниң ихтисади күндин-күнгә мустәмликә ихтисатқа меңишқа башлиди. Шуниңдин башлап Хитай йеңи бир тарихий дәвиргә кирди. Шуңа әпиюн урушидин бурунқи тарих «Кона тарих», әпиюн урушидин кейин башланған тарих «Йеңи тарих» дәп атилиду.

Хитайға әпиюнниң кириши Таң сулалисидин башланған болуп (у вақитларда хитайлар әпиюн чекәтти), манжур һөкүмити Чйәнлуңхан дәвригә кәлгәндә инглизлар Һиндистан арқилиқ Хитайға көпләп әпиюн киргизиду. Шуниңдин башлап хәлиқниң турмуши күндин-күнгә яманлишиду. Инглизлар Хитайға 1729-жили 200 сандуқ, 1730-жили 400 сандуқ, 1831-жили 18760 сандуқ, 1832-жили 27000 сандуқ әпиюн киргүзгәнди. Бу әһвални сәзгән манжур әмәлдари Лин Зишуй һөкүмәткә: «әгәр биз әпиюн киргүзүшни тосимисақ 40 жилдин кейин бирму әскәр һазирлиялмаймиз», дегән тәклипни сунуп әпиюнни чәкләшни тәкитләйду. Бу тәклипкә асасән Хан Лин Зәйшойни Гуваңдоңға әпиюн йоқутушқа башлиқ қилип әвәтиду.

Лин Зәйшой Гуваңдонға берип қошунни башлап Әнгилийә консулханисиға бастуруп кириду вә у йәрдин 20283 сандуқ әпиюнни тартип елип чиқип, Хуймин дегән жайда көйдиривәтиду. Бу 1839-жили болуп, әпиюн 4-айниң 22-күндин 5-айниң 15-күнигичә, жәми 23-күн ичидә тамам көйдүрилип болиду. Лин Зәйшой пүтүн өлкидики әпиюнни үч күн ичидә һөкүмәткә тапшуруш тоғрилиқ буйруқ чүшүриду, шундақла Әнгилийә содигәрлириниңму Хитайға әпиюн әкиришини мәнъий қилиду.

1840-жили Әнгилия һөкүмити бу ишни баһанә қилип Хитайға уруш башлайду. 1842-жили уруш тохтап «Нәнжин тохтами» түзилиду. Бу түзүлгән тохтам бойичә Хитай Әнгилия һөкүмитигә уруш чиқими үчүн 21 миллион күмүч пули төләйдиған болиду. Бу уруш Хитай үчүн наһайти еғир зиян салиду. Хәлиқниң турмуши еғирлишиду. Бу тохтамниң 4-

маддисидики шәртләргә бенаән, Хитай чәттин киргән маллардин баж елиш һоқуқидин мәһрум болиду.

Иккинчи қетим йәнә Әнгилия вә Франция дөләтлири бирлишип манжур һөкүмитигә уруш башлайду. Манжур һөкүмити бу қетимму қаттиқ мәғлубийәткә учурайду. 1856-1858 вә 1860-жиллириму Америка вә Франция һөкүмити манжур һөкүмитигә зиянлиқ «Тийәнжин шәртнамисини» түзиду. Тәбиийки, әҗнәбий дөләтләр бу шәртнамилар арқилиқ манжур һөкүмитининиң пут-қолини қимирлиғусиз қилип бағлап қойғанди.

Манжур һөкүмити әжнәбийләргә сөз ачқусиз болуп қалғанда, хәлиқ ичидә жуқарқи келишимләргә күчлүк наразилиқ көтүрилди вә ахири әҗнәбийләрниң мустәмликисидин қутулуш үчүн қозғалди. (Хәлиқниң қозғулиши ялғуз әжнәбийләргила қарши болмай, бәлки чирик һөкүмәтни йоқутуп адил хәлиқ һөкүмитини қуруш мәхситидә башланғанди) шуниң үчүн хәлиқ бу қозғулаңға «Тәйпин тийәнго» намини бәргән еди.

1850-жилдин 1860-жилғичә мошундақ инқилаплар түпәйлидин Әнгилия йәнә уруш башлап Бейҗинни бесивалди. Хан шәһәрни ташлап қечип чиқип амалсиз қалғанлиқтин ахири еғир шәртләргә рази болуп келишим түзилди. Буниң билән Манжур һөкүмитиниң пут-қоли техиму мәһкәм бағланди. Шу вақитларда, йәнә Русийә һөкүмитиниң тәкливи билән Ғулжида рус консули түзилидиған болди вә 1853-жили Орусийә билән болған чегарилири айрилди.

Жуқарқи маҗралар сәвәвидин манжур һөкүмитниң үстидин мәмликәт бойичә инқилап партлиғачқа бу әһваллар һөкүмәтниң һалини қоймай, дөләт ихтисадий бузғунчилиққа учрап, ғәзинә түгәп наһайити қийин һалға чүшүп қалғанди. Шу жүмлидин манжур һөкүмити Илидики чериқләргә тегишлик муашлирини йәткүзүп берәлмигәнликтин Или жаңжуңи бу еғир селиқни деһқанлар үстигә салди. Қанун бойичә өй бешиға алидиған 12 хо селиқни 32 хоға көпәйтти. (Бир хо 4 пут-64 килограмм) униң үстигә чериқләргә отун-яғач, йотқан-көрпә, чай-туз, гөш-май қатарлиқларни йәткүзүп беришму деһқанларниң үстидә еди.

Халзат һаким заманисидин қалған өстүрмә селиқларни төләш аҗиз деһқанларға толиму еғир еди. XIX - әсирниң башлирида Илида наһайити қаттиқ қурғақчилиқ болуп, хәлиқ бир нәччә жил селиқларни төләлмигәнди. Бу төләнмигән селиқлар қанун бойичә биргә-бир өсүп туратти. Халзат Һаким деһқанлардин жиққан ханлиқ ашлиқни, миллион путқа йеқин, өзи ишлитип қойғанди. Бу вәҗидин Халзат Һаким әйиплинип, орнидин чүширилүп униң орниға Чорок һаким болғанди. Чоруқ һаким заманисида чекәткә апити болуп, хәлиқ техиму еғир күнләргә қалған еди.

Чоруқ һакимдин кейин Мәзәмзат һаким болди. Чоруқ һакимниң оғли Ишик аға беги болди. Мана мошу дәвирдә жуқарқи өстүрмә селиқларниң сиртида 12 хо селиққа йәнә 20 хо қошулуп 32 хо болған еди. Шу сәвәптин Или уйғурлириниң аилә раһити пүтүнләй йоқулуп, пухралар әтраптики наһийәләрдә тенәп-тәмтирәп жүрүшкә мәҗбур болди. Уларниң бирәр парчә кигизи болсиму селиқ жиққучилар бала-чақисиниң зар жиғлиғиниға қаримай тартип алатти. Деһқанлар кәмбәғәлликтин қошниң бир йениға ешәк, бир йениға өзини қошуп йәр терәтти. Бир аз улаққа йетишип қалса, қошулған 20 хони 40 хоға көпәйтип алатти. Бу селиқларни төлимәсликкә һеч илаҗи йоқ еди. Бу селиқларни төләлмигән бечарә деһқанларниң җанлиқ-җансиз маллирини елиштин сирт, бала-чақисини сетип өзини ямулға солайдиғанлар аз әмәс еди.

Мустәбит манжур һөкүмитиниң зорлуқ-зомбулиғи алдида һакимләр болса хәлиқниң һалиға йетиш уяқта турсун: «ханға итаәт қилиш важип, тәғдиргә тән бериш керәк» дәп хәлиқни басатти, әркинликни тәләп қилғучи уйғур инқилапчилири бала-чақилирини ташлап тағ-дәштиләргә йошурунуп қачқанди. Уларниң қошақлири буни испатлайду:

Бу тағлар егиз тағлар,
Ғерип йолини бағлар.
Ғерип өлсә ким жиғлар,
Ғерипқа ғерип жиғлар.

Мустәбит залимлар бу қечип жүргәнләрниң бир қисмини тутуп келип, шәһәргә әкилип, башлирини кесип, дарға есип қоюп, пухраларни қорқутатти. Шундақ болсиму бу вәһшиянә һәрикәтләрниң һеч қайси залимларға қилчиму пайда бәрмиди. Йәни, залимларниң қолида өлүшни номус билгән уйғурларниң сани күндин-күнгә көпийип, манжур һөкүмитигә қарши инқилап учқунлири һәрйәрдә пәйда болушқа башлиди. Амма инқилап башланғичә бу инқилапчиларниң көргән күни наһайити тәс болуп, соғ тағларда, иссиқ чөлләрдә ачлиқтин, кийим-кечәктин қийнилип өлүп кәткәнләрму көп болди. Залимларниң қолиға чүшкәнләр болса солақта көп йетип, чирип яки дарға есилип, чепилип түгәшти. Уларни тәшкилләп муқим уюштурудиған киши йоқ еди.

## Или вилайитиниң һакимлири

1 . Имин Ваң 2. Мусагуң 3. Оранзип 4. Халзат һаким 5. Мәзәмзат 6. Ғияз һаким 7. Бабаханғожа қатарлиқлар һаким болған. Мәзәмзат 1864-жили һакимликкә олтуруп, 1889- жили вапат болди. Бабахан һаким 1912-жили вапат болди.

## Туңган инқилави

Ички өлкиләрдики манжур һөкүмитигә қарши қозғалғанлар ялғуз хитайлар болуп қалмастин башқа милләтләр қатарида ислам динидики туңган миллитиму қозғалған еди. Манжур һөкүмити бир нәччә қетимлиқ қозғулаңларни қанлиқ бастурған болуп, «Тәйпин тийәнго» қозғулиңи вақтида мусулманларға бир аз кәңчилик берилгәнди, бирақ Юннәнь өлкисидики туңганларниң йәрлирини манжур байлириға тартип елип беришти. Шу сәвәптин йәнә қозғулаң пәйда болуп, бу қозғулаңға Гуйжо мусулманлириму қошулған еди. Дәсливидә помещикларға қарши қозғалған бу инқилап кеңийип пүтүн Жәнубий Хитайни қаплиди. 1855-жили Дуйнишо дегән



кишиниң рәһбәрлигидә қозғалған туңганлар қозғилиңи кеңийип 1874-жилиғичә 19-жил давам қилди. Әң ахири манжур һөкүмити 200 миң әскәр чиқирип, қозғулаңни бастуруп, Дуйнишони өлтәрди. Бу қозғулаң манжур һөкүмитиниң зулумиға қарши қозғалған болсиму, ичкиридики йәрлик хитайлар қоллимиғанлиқтин мәғлуп болғанди.

Шәнши-Гәнсу өлкисидики туңганларниңму қозғилиңи пат-пат пәйда болуп турди. 1862-жили манжур һөкүмитиниң Хинән губернатори, генерал Йиншочиң мусулманлардин әскәр елип «Тәйпин тийәнго» ға қарши тәйярлиқ қилди. Тәйпин Тийәнгониң әскәрлири шималға кәлгәндә туңган әскәрлири қечип кәтти. Улар Шәншигә берип әскәр топлап Зәйну дегән кишиниң рәһбәрлигидә йәнә қозғилаң көтәрди. Бу қозғилаң давамлашқан болсиму, ахири йәнила бесиқтурулди.

## Уйғурлар инқилап алдида

Ичкиридики туңганлар һөкүмәт тәрипидин йеңилип қалғанди. Кейин Или жаңжуңи мусулманлар билән болидиған муамилисини өзгәртип хәлиқни бурунқидинму бәттәр қийнашқа башлиди. 1860-жили Қарқира тәрәптин Русийә әскәрлири бесип киришкә башлиғанда Абдурусул Ишик аға беги қол астидики 1000 палван билән яндурған еди. Или тәрәпкә Русийә тәрәптин даим вайим бар еди. Шуңа манжур һөкүмитиниң урушқа тәйярлиқ қиливатқанлиғи һәр түрлүк аламәтләрдин мәлум еди.

Шундақ күнләрниң биридә жаңжуң Мәзәмзат һакимни Күрәгә чақиртип, таранчилардин 500 палван тәйярлап беришни тапшурди. Бунидин илгири бир түрлүк төшүк нанларни пишүрүп беришни уқтурған еди. Сәясий ишлардин бехәвәр Мәзәмзат һаким жаңжуңни бурунқи һалиға кәлтүрүшкә алдириди. Алдирмасқиму илажи йоқ еди. Шуниң үчүн Мәзәмзат һаким палванларни тәйярлап, хәвәр қилиш үчүн Күрәгә маңди. (Жаңжуң Мәзәмзат һакимниң мундақ чоң

хизмитигә қайил болған болсиму, амма уни«селиқни өстәрмидиң» дәп Күрә зинданиға солап қойған еди).

Жаңжуң палванларни елип келишкә Мәзәмзат һакимниң ишик ағиси Абдурусул бәгкә буйруқ язди. Һәмдә уни уларниң (муқим) һакими қилғанлиғини уқтурди. Лекин һөкүмәт әһвалидин хәвәр тапқан Абдурусулбәг түрлүк банилар билән бармиди. Ахири палванларниму әвәтмиди.

Илидики манжур һөкүмәт башлиқлири ичкиридики вақиәләрни мусулманларға билдүрмәй сир тутқан болсиму, бирақ мусулманлар һөкүмәтниң мусулманларни йоқитиш үчүн тәпсилий қарар қилғанлиқлиридинму хәвәрдар еди.

1864-жили Гәнсу туңганлири манжур һөкүмитигә қарши болуватқан инқилап вә қалаймиқанчилиқлардин пайдилинип Шин Сунуң ғәрбидики туңганлар билән мәхпий бирлишип қозғалди. Уларниң сәясий, әмәлий ғайилирида һеч қандақ тоқунуш йоқ еди. Гәнсудики сала туңганлири (әсли түрүк) ичкиридики хәлиқләргә охшаш һоқуқта болуп, һөкүмәт уларниң ички ишлириға арилашматти. Уларму шуниңға қаримай бу қозғулаңға қатнашқанди. Һөкүмәт Зозуңтаң дегән генерални әвәтип, ахири бу қозғуланңни бастурди.

Бәй Йәнху билән Юшавхо қозғуланчиларниң башлиғи Мавйенлонни өлтүрди, андин қалдуқ әскәрлирини башлап. Шинжаңға қечип чиқип, Үрүмчидики Майиңда, Гучиңдики Маййә дегән туңган башлиқлири билән бирлишип йәнә қозғулаң көтәрди. Бу қозғуланңни бесиқтуруш үчүн манжур һөкүмити йәнә Зозуңтаңни әвәтти, нәтижидә Майиңда бир нәччә миң әскири билән тәслим болди. Бәй Йәнху Турпанға қечип чиқип, Алтишәр арқилиқ әскәрлири билән Русийәгә өтүп кәтти. Бу қозғулаң бесиқтурулған болсиму, у езилгән хәлиқниң инқилабиға турутуқ болғанди. Шуниң үчүн Ғулжа дайриси әтрапидики туңганлар өз-ара иттипақлишип, һөкүмәттин бурунирақ қозғулушқа қарар қилди. Бу карарға бенаән бәлгүләнгән вақит келиши билән Тажи, Әрдипо, Сандихуза туңганлири қозғалди. Лекин бу қозғулаңға башқа туңганларниң тәйярлиғи болмиғанлиқтинму яки қорққанлиқтинму урушқа



қатнишалмиди. Қозғуланчиларниң сани аз болғанлиқтин манжур әскәрлири тәрәптин бастурулуп, һәммиси қамаққа елинди. Хәлиққә ибрәт болсун үчүн баш кесиш мәйданида уларниң башлирини чапти, уларниң башлиғи Пеисия вә Битәәмләрни жадида тоғриди. Бу қанлиқ пажиәни көрүп турған мусулманлар-уйғур вә туңганлар Манжур һөкүмитиниң бу қанлиқ қиличиниң әтә-үгүн өзлириниң бешини кесидиғанлиғини тонуп йетип, бурун бир-биригә сирлиқ қарашқан болса әнди иттипақлишип Манжур һөкүмитигә қарши урушмақтин башқа йолниң қалмиғанлиғини тониғанди.

Шундақ күнләрниң биридә Ғулжа шәһиридики Ашу Затипахун, Исмаил вә Аюп дегән туңганларниң мөтивәрлири Абдурусулбәгниң ордисиға келип, жиғлап туруп ейттики: «Бизләрниң әр- аял әвлатлиримизни манжур һөкүмити қирип қоймиғидәкмиш, бизләр сизләр билән дин қериндаш, мошу манжур һөкүмити болсила бизни қирғин қилмай қалмайду. Сизләр мошу қирғинчилиқ қилишқа қарши бирликтә туруп бизгә ярдәм бәрсәңлар, Алла-Таала сизләрни дунияда вә ахирәттә саадәтмәнләрдин қилар еди. Мабада бизгә ярдәм бәрмисәңлар бу иш сизләргиму кәлмәсму? Әлвәттә келиду. Бу мустәбит залим манжурларниң қанлиқ қиличи сизләрниңму бешиңларға келиду» дәп жиғлап ялвуриду.

Абдурусулбәг «Мән ахунлиримиздин сорап бақай, улар немә қил десә шуни қилай, сизләр бүгүн қайтип әтә келиңлар» дәйду. Туңганлар шу кечиси ухлимай жаң тәйярлиғини қилип «Аллаһға аманәт!» дәп ятиду.

Абдурусулбәг һаким шу кечиси қази Нәсирдинни чақиртип, туңганларниң әһвалини ейтиду. Ахунум жиһат қилишни аңлап, булбулдәк сайрап: «Әй, Абдурусулбәг өмриңиз узун болсун, Аллаһ нийитиңизгә йәткүзсун һәмдә нусрәт ата қилсун, пүтүн туңганларға ярдәм қилип ислам ечиң, ислам ечип хәлипиликни елиң, савапниң әң ахири жиһат қилишта, буниңға пәтва бардур» дәп дуа берип йәнә ейттики: «манжурларниң залимлиғи чекигә йәтти. Әнди жиһат қилиш һәммә мусулманларниң пәрзидур».

Әтиси күн чиққандин кейин Абдурусулбәг җими бәгләрни вә туңганларниң мөтивәрлирини чақиртип, мустәбит залим манҗур һөкүмитигә қарши иттипақлишип уруш қилишниң зөрүрлигини вә җиһат қилишниң улуқлиғини сөзләп, пүтүн һәммини қайил қилди. Жиғин қатнашчилириму урушушни мувапиқ дәп вәдә қилишти. Андин Абдурусулбәг сөз қилип мундақ деди: «Әй, туңган қериндашлар, өзәм баш болуп, түмәндин көпирәк әскәрлирим билән сизләргә йолдаш болай, бирақ сизләрниң тилиңлар татлиқ вә динни бузушқа дилиңлар ала, мошу пәйлиңлардин бәк қорқимән. Әй, туңган чоңлири вә ахунумлар сизләрни билимән, вапа йоқ вә бәлки вапаниң орниға җапа саларсиләрму?». Шуниңдин кейин туңганлар мундақ деди: «Бизләр сөз беримиз. Сөзимизгә турумиз. Қәсәм Аллаһға болсунки, манҗурларни йеңип азат болғандин кейинки дәвирдин сизни һимайәтчимиз дәп тонуп, уйғурларға охшаш өзимизгә падишаһ қилдуқ. Әгәр бу тоғрида сизләргә гуман салидиған яки нашайән ишларни қилсақ худайим бу җаһанда бизләрни тамам йоқ қилсун!»

Ахири һөкүмәт башлиқлири уйғурларда болмақ шәрти билән уйғурлар, туңганлар иттипақлишип манҗур һөкүмитигә қарши урушушқа келишти.

300 миңға йеқин толуқ қуралланған манҗур черикиригә қарши турушта сани аз вә қурал-ярақсиз уйғур, туңганларниң йеңиши үчүн нурғун чиқимларни бериши турған гәп еди. Лекин шундақ болсиму, сани аз вә тәйярлиқсиз уйғур-туңганларни баш көтүрүшкә мәҗбур қилған сәвәп пәқәтла зулумдур. Сәясий асарәт, ихтисадий қуллуқтин қутулуш үчүн буниңдин башқа амал йоқ еди.



## Уйғур- туңган инқилави вә Или султанлиғи

Абдурусулбәг уйғур, туңганларниң баш қомандани һәм әмири болди. Әмирниң әмир-пәрманлириға һәр икки тәрәп әмәл қилидиған болди. Қайси тәрәптин хаталиқ өтсә ким болишиға қаримай, гунаһиниң еғир-йеникилигигә қарап өлүм җазасиға қәдәр Абдурусулбәг һөкүм чиқиридиған болди. Әнди әмирниң үстидики йәнә бир муһим вәзипә-82 бәгликтики уйғурлардин пидаий әскәр елиш үчүн алдирашлиқ билән буйруқ чүшүрүш болди.

1863 – жили (Тунчижаңниң 4-жили җумадиәл ейиниң, 10-айниң 12-күни, җүмәниң кириши пәйшәнбә күни кечиси) 1-октябр күни Или хәлқи манҗур һөкүмитигә қарши қозғалди. Абдурусулбәг бәлгиләнгән күнгичә болған 82 бәгликтики уйғурларға хәвәр йетип үлгәргән, әскәрләр орда әтрапиға йошурунчә топланди. Вақтини қисқа қилишниң сәвәви манҗурларға туюқсиз һуҗум қилмиса, манҗур әскәрлири көп, туюп қалса чатақ болатти. Иккинчидин, У Дарин дегән хитай әмәлдари Торғут хани тәрәпкә 2000 ат елип келиш үчүн кәткәнди. Уни тосуп зәрбә бәрмисә болматти.

Бәлгүләнгән вақит йетип келиши билән Абдурусулбәг Ғулҗа шәһиринин Хитай базар (Чоң Көрүк) мәһәллисидики Жин Паңға һуҗум қилиш буйруғини чүшәрди. Уйғур, туңган әскәрлири Жиң Паңға қара борандәк тегип бир кечидә тамам мал – мүлүк, нурғун қурал-ярақларни қолға чүшәрди. Әтиси Чилпәнзә қорғиниға һуҗум қилип, униму тезликтә алди. Чилпәнзә қорғини манҗурларниң хели муһим истиһкамлиридин еди. Бу йәрдә қурал – ярақ, оқ-дора қатарлиқлар наһайити көп, бай орун еди. Бу қорғандики манҗурлар уруш қилмайла инқилапчиларға тәслим болди. Инқилапчилар буни көрүп наһайити җанлинип кәтти.

Чилпәнзә җиңидики қалаймиқанчилиқлар тазилинип, бир тәрәп қилинип болғандин кейин инқилапчилар Баяндайға йүзләнди. Әмир, бәгләр шәһәрниң яш жигитлиридин: Махмут, Сидиқ, Ширбәг һаҗи Таһир, Халид бәг (500 әскәр башлиғи),

Сетивалди шанбеги, Хотән Батур, Һошур Палван, байрақ көтәргүчи Абдулла Һейт, Пәхирдин, Абдулла Насир, Яхши Палван, Абдуварис, шаир Абдулһәт, Җалалидин, Шириду ахунларни елип Баяндайға берип чүшти. Ақтөпидин Қоваш Батур, Аблиз Палван Абдурусулбәгниң туққини Аюп Батурлар нурғун әскәрлири билән сепилни қоршап чүшти. Шу вақитта Ғулҗа Унярйүзи хәлқиниң әвәткән әскәрлири һесапсиз көп болуп, шаң бегиләр чедир-баргаһлирини тикип Баяндайниң ғәрбий тәрипигә қоманданлиқ штаб қуруп чиқти.

Исһақ ғәзиничибәг Тоққузтараниң яш жигитлиридин миңни елип келип, уларму баргаһ қуруп чүшти. Баяндай сепили әтрапида кәчкичә қаттиқ соқушлар болди. Манҗурларниң бирсиму сепил дәрвазисидин бешини чиқиралмиди.

Абдурусулбәг билән Нәсирдинахун шәһәр ичидә туруп, урушқа қоманданлиқ қилди.

Җаңҗуңниң буйруғи билән Юлтуздики Турғавут қалмақ хандин 1200 ат елип Күрәгә маңған Си Ғалдай билән У Дарин чериклиригә қарши туруш үчүн, Абдурусулбәг Арөстәндики Шәмшидин хәлпәм билән Әхмәтханғоҗамларға буйруқ чүшәрди. Улар Яматуда манҗур әскәрлирини йоқитип, атларни олҗа алди. Андин Тоққузтара Шарғоҗа төписидә турушлуқ манҗур қаравуллириға һуҗум қилип, улардин нурғун олҗиларни елип шәһәргә қайтти. Улар Һәрәмбағқа чүшкәндә Абдурусулбәг буни аңлап пүтүн әмәлдарлири билән алдиға чиқип қарши алди вә уларни шәһәргә елип кирди. Абдурусулбәг У Дариниң өлгәнлигини аңлап наһайити хошал болди. «У наһайәт яман әбләх еди» деди. Абдурусулбәг Шәмшидин хәлпәм билән Әхмәтханғоҗамларға катта зияпәт бәрди. Йеза-йезидин кәлгән әскәрлири тамам жиғилип болғандин кейин төвәндикидәк тәқсим қилинди. Қаш, Арөстәң, Борбусун, Уластай йезилиридин кәлгәнләрни туңганларға қошуп, Баяндайни елишқа буйруқ қилди. Баяндайда манҗурларниң 2000 дин ошуқ ярақлиқ әскирий күчи бар еди.

Илиниң җәнубий йезилири: Дадамту, Кәтмән, Ғалҗат, Хонхай, Буғра болуп, 12 йүздин топланған пидаийларни шивәләрниң Күрә, Баяндай үчүн ярдәмгә баридиған әскәрлириниң йолини тосашқа; Ялғуз яғач, Шарғоҗа, Тоққузтаралардин кәлгәнләрни Текәс, Күнәстин келидиған қалмақларниң йолини тосашқа; һәмдә Қашан, Ғалҗат ғоллиридин кәлгән пидаийларни Моңғулкүрә қалмақлириниң йолини тосаш үчүн қаравуллиққа қойди. Баяндай сепили әтрапи сан-санақсиз әскәрләрниң вараң-чуруңи, атларниң кишнәшлири, партлиған дора түтүнлири, зәмбирәк, милтиқ вә карнай- сүннәй, нағра авазлири билән чоң бир қайнамға айланғанди. Ислам пидаийлири өзлирини қара борандәк сепилға уруп, ямишип чиқип җәң қилди. Манҗур чериклири кигизләрни сепилниң үстигә ечиқип өзлиригә далда қилип, май йөгәлгән майлиқ калтәкләргә от йеқип, муҗаһитларға ататти. Яш палван жигитләр бу отларға пәрва қилмай, сепилға чақмақ тезлигидә чиқип, кигизләрни йәргә ташлап, сепилни шор қилип җәң қилатти.

Күрәдики җаңҗуң туюқсиз партлиған бу инқилап отини ялғуз туңганларниң иши дәп қариғанди. Шуниң үчүн дәсләптә у бу ишни сәл чағлиғанди. Лекин у инқилапчиларниң алдинқи сепидә уйғур әскәрлирини көрүп, бу қозғилишниң җиддий екәнлигини билди. Шуниңдин кейин җаңҗуң чоң-кичик һәммә мәнсәпдарлирини жиғип, җиддий жиғин ачти. Бу кеңәштә Чиңда Лобә дегән әмәлдарниң тәклививигә асасән, Мәзәмзат һакимниң мәнсивини яндуруп берип, уни уйғурларниң ичигә киргүзүп, уларниң башлиқлириға уруш қилмаслиқ үчүн пәнд-нәсиһәт қилип көндүрүш қарар қилинди.

Җаңҗуң Мәзәмзатни қамақтин чиқирип, униңға әһвалларни уқтуруп, кәлгүсидә униңға чоң утуқларни вәдә қилип уйғурларниң ичигә әвәтти.

Мәзәмзат шивәләр турған йәрләрни арилап, Қоғунчи йезисиға кәлди. У йәрдин Арөстәң, Булақбеши йезилириға өтүп, Шәмшидин хәлпәм билән учиришип, уруш әһвали билән тонушти. Андин Әхмәтханғоҗини дәрһал шу йәргә алдуруп,

униң қулиғиға шивирлап, ахири ялвурушқа башлап, жиғлап туруп дедики: «Әмирниң қейинатиси Әхмәт ғәзиничи бопту, у болса мениң дүшминим еди. Шуниң үчүн Әхмәт билән униң оғлини өлтүрүп бәрсиңиз, қачанки хан болсам, сизни шерик қилимән».

Әхмәтханғоҗа бу сөзгә әгишип, питнә-пасатниң уруғини чачмақчи болди. Шу күндин башлап, Әхмәтхан ғәзиничиниң пейиға чүшти. Мәзәмзат болса һеч немә көрмигәндәк боливелип әтраптики кәнтләрдин аз-аздин әскәр елип шәһәр тәрәпкә мañди.

Мәзәмзат шәһәргә кәлгәндә Абдурусулбәг башлиқ һәммә бәгләр қарши елип алдиға чиқти. Мәзәмзат һаким Күрәдики манжурларниң ички әһваллирини ейтип берип, инқилапчиларниң көңлини хуш қиливатти. Бу чағда һәр йәр-йәрләрдин ғәйрәтлиқ пидаийлар жиғилип, инқилапчиларниң сани күндин-күнгә ашқанди. Әхмәтханғоҗиму өз әскәрлири билән топқа қошулғанди. Буниңға ушшақ пухралар интайин хошал болди. Лекин чоңлар тоғра көрмәй ич-ичидин қорунди. Чүнки надан хәлиқ өз күчидин толарақ ғоҗиларниң сөзигә ишинәтти.

Әхмәтханғоҗа хәлиқ арисиға арилашқандин кейин риясәт (түзүм) мәсилисини көтүрүп чиқти. У рәисликни ғоҗиларниң ишлиши һәққидә план түзгәнди. Амма башқилар рәис мәсилисини чиқириш һазирчә вақти әмәс, униңға алдирмисақму болиду дәп қариди. Әхмәтханғоҗа пүтүн ой-пикрини униңға мәркәзләштүрүп, хәлиқ арисида өзи көтүрүп, хәлиқниң көзигә көрүнәрлик бир иш қилип, иссиқ көрүнүш униңға интайин зөрүр еди. Шуниң үчүн Әхмәтханғоҗа өз әскәрлири билән алдинқи сәп Баяндайға барғанди. Лекин иш у ойлиғандәк болуп чиқмиди.

Баяндай қорғининиң әтрапида азатлиқ үчүн хошаллиқ билән җан беришкә тәйяр турған җасарәтлик пидаийларни көрүп, қорқанчақ, ақсүйәк Әхмәтханғоҗа чөчиди. У ахири уруш мәйданиға баралмай арқисиға янғанди. Мәзәмзат болса йенида биллә келиватқан Әхмәтханғоҗиниң қулиғиға



шивирлиғанди. Әхмәтханғоҗа дәрһал шәһәргә қайтти . Әмир болса, Мәзәмзат билән биллә чедир-барғаһқа келип чүшти. Дәл шу мәзгилдә Чиндай дегән манжур әмәлдариниң қалмақларниң топланған әскәрлирини елип Яматуға кәлгәнлиги хәвәр қилинди. Әмир Абдурусулбәг Әхмәтханғоҗини уларниң алдиға чиқип тосушқа буйруқ чүшәрди. Әхмәтханғоҗа мәзкүр буйруқни елип маңған кишини йолда учратқан болсиму, у бу буйруқни тиңшимай өз йолиға жүривәрди. Хәт апарғучи бу әһвалдин шәһәргә хәвәр бәргәндә Әхмәт ғәзиничибәг билән оғли Ахунбәг қалмақ черииклирини яндуруш үчүн алдиға чиққанди. Дәл шу мәзгилдә Әхмәтханғоҗа Әхмәт ғәзиничи билән униң оғли Ахунбәгни өлтүрүп, өзи йәнә йолға раван болди. Бу әһваллар уруш мәйдани билән шәһәргә йәткәндә хәлиқ интайин ғәзәпкә келип, ғулғула қилишти. Бу әһвал болупму қейинатиси Әхмәт ғәзиничи бәгниң өлтүрүлиши Абдурусулбәгкә қаттиқ тәсир қилди. Әхмәт ғәзиничи Абдурусулбәгниң қейинатиси болупла қалмастин, бәлки һәр қандақ ишта әқил көрсүтүп туридиған яхши мәслиһәтчиси еди. Шуниң үчүн у ғәзәплинип: «Әхмәтханғоҗини өлтүримән!» дегән болсиму, амма ғоҗиға қарши һеч немә қилалмиди. Абдурусулбәгниң сөзини Әхмәтханғоҗиниң йеқинлири йәткүзгәнди. У қорққанлиқтин чирайлири самандәк сарғийип Мәзәмзатниң йениға барди. Мәзәмзат: «һәй жүрәклик ғоҗа, сизгә немә болди. Чирайиңиз әскиғу» дегәнди. Ғоҗа: «Әмир мени өлтүргидәк» деди. Мәзәмзат ейттики: «һәй ғоҗа, Әмир Абдурусулбәг билән Исһақбәгни өлтүрсиңиз қалған Нәсридинни солаққа алсақ бу үчи йоқалса һеч ким биздин хун тәләп қилмайду». Шундақ қилип, бу икки ғоҗа мәслиһәтни пишириҗалди. Биз уйғур хәлиқниң өз ара мошундақ шәхсий дүшмәнлишиши билән нурғунлиған чоң ишларға дәхил йәткүзүп, маҗралар сәвәвидин инқилап ишлири илгири сүрмәй, алдиға басалмас болуп қалди. Жуқарқи ишлар вәҗидин Баяндайни қоршап ятқан җәңчиләрниң роһи чүшүп, ғәлибә қазиниш ишәнчи тәврәнгәнликтин шәһәр әскәрлирини ярдәмгә чақиришқа мәҗбур болди.

## Или Султанлиғининң тәшкиллиниши

Бу уруш ишининң илгири сүрүлмәйватқанлиғини, иттипақсизлиқтин көргән кишиләр, инқилап ишини елип бериш үчүн, һөкүмәт башлиғини сайлашниң зөрүрлигини тонуп йәтти. Шуниңдин кейин қази Нәсирдин Әләмниң тәкливи билән униң өйидә чоң кеңәш ечилди. Әләмниң башқурушида ечилған бу кеңәштә Мәзәмзатни «Султан Мәзәмхан» унвани билән хан қилип сайлиди. Абдурусулбәг Әмир, Нәсирдин Әләмни калан, Шавкәт Ахунни қази асиби, Молла Розини мупти, умумән султандин тартип йүзбешиғичә һәммә әмәлдарларни сайлап чиқти. Йеңи султан әскәрлирининң тизимлигини дәптәргә алдурди. Дәсләптә әскәрләр сани еник әмәс еди. Жәңчиләрни балдурқиға қариғанда тәртип интизамға салди. Шу чағда Баяндайға Күрәдин бир батальон манжур чериклири ярдәмгә келип қаттиқ урушқанлиқтин инқилапчилар чекинип қалди. Қамалда турған Баяндай техичә елинмиғанди. Инқилапчилар һәр күни дегүдәк манжурларниң тәжавузчилиғиға қәһриманлиқ қайтурма уруш қилип турғанлиқтин манжурларниң урушушқа чами йәтмәслиги сезилип қалғанди. Шуниң үчүн пүтүн күчини бир йәргә топлап, план тәқсимләп, уруш қилишқа султандин буйруқ чүшти. Күрә яқисидикиләрни вә йәни чәттә қалған Туғлуқ Төмүр хан мазиридики шәйхләргә киши әвәткәнди. Уларниң солунлар тәрипидин бала чақилири билән өлтүрүлгәнлигидин хәвәр болғандин кейин Күрә билән Баяндай йолини тосуп сепил охшаш катта там вә барғаһ қурди. Баяндайни пәтһ қилиш үчүн һуҗум башланди. Лекин қорғанни елиш мүмкин болмиғанлиқтин сепилни дора күчи билән бузмақ үчүн мәшһур Садир хаһруққа мураҗиәт қилип партлитиш иши униңға тапшурулди. Садир Молла Тоқтийүзлүк киши болуп, кичик вақтида бурниға қурут чүшүп хаһруқ болуп қалған. У тәхминән 1796-жили туғулуп, 1872-жили 76 йешида вапат болған, атиси Хушәхмәт исимлиқ деһқан еди.



Садир истеһкамни дора күчи билән бузған болсиму, манжурларниң қар-ямғурдәк йеғиватқан оқиға қарши һеч ким илгирийәлмәй, жәңчиләр сепил ичигә кирәлмәй қалди. Садир әтиси техиму кәң вә чоңқур колап дора партилатқанди. У чағда манжурға ярдәм үчүн Күрәдин 2- қетим йәнә нурғун чериклар келип уруш жукури көтүрилиду. Бу урушта манжурлар йеңилип 700 нәпәр өлүк әскирини ташлап қачти.

Манжурларниң бу мәғлубийитини кона жаңжуңниң тәдбирсизлигидин көргән маңжур һөкүмити униң орниға Миң дегән әмәлдарни жаңжуң қилип бекитти. Бу йеңи жаңжуңниң мусулманларға һеч яманлиғи тәккән киши әмәс еди. Шуниң үчүн у өзигә мусулманларниң яман қаримаслиғини етиварға елип, уйғурлар билән уларниң тәләп қилған нәрсисини берип чиқишмакчи болди. Жаңжуңниң таранчиларға әвәткән тәклиплири төвәндикичә еди:

1) Қозғалған уйғурларниң гунаһлиридин өтүп, уни сүрүштүрмәслик;

2) уйғурлардин илгири алған өстүрмә селиқларни яндуруп бериш, үч жилғичә селиқ алмаслиқ;

3) Уйғурларниң мустәқиллиғи манжурларға бағлиқ болмай, һәммә ишлири өз алдиға болуш билән уларниң чегарисини Чилпәнзигичә бөлүш;

4) Султанға манжур һөкүмитининң чоң мәнсәпдарлиғиға берилидиған «Жуңзи»лиқ дәриҗисини бериш, буниң бәдилигә бузулған туңганларни тутуп бериш.

Жаңжуңниң төрт кишилик вәкилләр өмигининң башлиғи Довчи дегән киши болуп, уларни йеңи султан «чегара» дәп соқулған тамниң түвидә күтүвалди вә манжур һөкүмитигә мундақ жавап язди:

«Манжур һөкүмитининң жаңжуңи Миңгә

Мәнки инқилапчиларниң йеңи султани Мәзәмхандин жавап:

Бизләрниң буйруғимизни аңлап һеч шәртсиз әл болишиңлар керәк. Болмиса қаттиқ жәң арқилиқ

өлтүрүлисиләр, мошу хәт барған заман қолуңдики 200 мусулманни қайтуруп бәргин!».

Әлчиләр:уйғурларниң үч түмәндин ошуқ әскири бар екән. Уларниң һәр-бири шир, әждиһардәк күчлүк екән дәп көргәнлирини сөзләп бәргәнди. Йеңи жаңжуң қорқуп кәтти. У гәм-қайғуға петип, бир аз һошини жиққандин кейин: «мусулманларниң 200 әскирини йәткүзүп бәргин» дәп буйриди. Дочий 200 мусулман әскирини елип султанниң әмирлиригә тапшуруп берип янди. Бу әһвал инқилапчиларниң роһини хелә көтәрди. Бу әһвал манжурларниң қанчилик күчсиз болуп қалғанлиғини көрсүтүп бәргәнди. Шундақ болсиму, төвән дәрижилик әскәр башлиқлири йәнила роһсиз, чүшүнүксиз бир сезимдә еди. Шуниң үчүн бирәр йәрни пәтһ қилип, әскәрләрниң роһини көтүрүш зөрүр болуп қалғанди. Бир күни улуқлар жәм болуп, у йәр-бу йәрдин сөзләп олтурғанда Абдурусулбәг мундақ деди: «Баяндай қәлъәсини қоршап, үч түмән әскәр билән тинич ятқинимиз яхши әмәстур, әскәрлиримизгә уруш қаидиси бойичә жәң қилиш шараити бар, уни үгәтсәк кейин пайдиси болиду. Қәлъә купарлири қәлъәниң тешиға чиқалмайду. Биз бузуп кирәлмисәк улар он жилғичә шундақ ятивериду. Ишниң оң тәрипи биз әскәрләрни беқивәрмәй һәрикәтлинишимиз керәктур. Би Дишаң, Гаңгул, Биянгул, Шаңягун дегән жайларда наһайити көп манжурлар бардур. Булар давамлиқ деһқанчилиқ билән мәшғулдур. Уларда чарвиму көп, бир нәччә палван уларниң үстигә әжәллик зәрбә бәрсила Күрә-Баяндай вә әтрапидики булардин башқа дүшмәнләрниң абройиға зор тәсир көрситипла қалмай, бизниң абройимизниму ашурғуси. Жирақ-йеқиндики барлиқ дүшмәнләр аңлисиму көңлигә зор қорқунуч чүшүп, қорғандикиләр билән сирттикиләрму бизгә әл болуши әҗәп әмәс».

Әмир Абдурусулбәгниң бу сөзи барлиқ чоң-кичик әмәлдарларға тоғра кәлди. Шуниң билән дәрһал Әзиз Палван, Имин Шаһ ясавул, Куваш Палван, Қасимахун, Ислам Һошур Палванларға дәрһал 300 дин әскәр қетип йолға салди. Улар Би Дишаңдики манжурларға бирла вақитта һужум қилип, улардин нурғун ғенимәт елип, чоңларниң коңлини раса хошал қилди. Буни көргән вә аңлиған дүшмән тәрәптә турған қалмақ, чахар вә жуңғарлар дәрһал уйғур һөкумити билән мунасивәт бағлашқа алдирийди. Торғут қалмақлири болса, булардин бурун әлчи әвәтип өзлириниң бетәрәплигини билдүргән. Жаңжун уйғур инқилапчилири билән сөзлишип урушни тохтиталмиғанлиқтин әнди пүтүн күчини топлап, уларға зор көләмдә зәрбә беришкә тәйярланди. У 3- қетим әвәткән чериклиригә наһайити ишинәтти. Чүнки бу қошун шунчилик ишәнчилик едики, у туңганлар билән һәр қетимлиқ жәңдә ғәлибә қазанған едивә туңганларға давамлиқ арам бәрмәй кәлгән еди.

Күрәдики туңганлар билән Чиңсихуза, Сүйдүң вә Тажи йезилиридики туңганлар бирлишип, 1600 черикни өлтүрүп, 2000 черикни яридар қилғанди. Бу қетимқи жәңдә манжурлар 10 миңға йеқин манжур әскәрлири билән жиддий тәйярлиқ қилип чиққан. Улар туңганларни мәғлубийәткә учритип, батурлирини өлтәргәнди. Бу әһвални көргән туңган чоңлири дәрһал Әхмәтхангожиға хәт йезип ярдәм тәләп қилди. Әхмәтхангожа бир нәччә йүз әскири билән йетип кәлди. Манжурларниң башлиғи Багладуй, туңганларниң башлиғи Әхмәтхангожам болуп, наһайити қаттиқ жәң қилди. Ахирида Әхмәтханғожамлар мәғлуп болуп, шәһәр туңганлири Ғулжиға, Күрә туңганлири тағқа, Әхмәтхангожам азгина әскири билән Ғулжа шәһиригә қачти. Бу жәңдә нурғун мусулман әскәрлири шеһит болди. Тажи туңганлири бу әһвални көрүп, номус қилғанлиқтин башқидин ғәйрәткә келип дүшмәнләргә қахшатқуч зәрбә берип, уларни қирип ташлап, улар қачқандин кейин Ғулжиға янди. Манжур әскәрлири туңганлар кәткәндин кейин Күрәгә кирип кәтти. Әтрапни қоғдаш үчүн солун, қазақлар вә чилпәнләрни қоюп, өзлири йәнә уруш тәйярлиғиға киришти. Улар өзлириниң жиддий тәйярлиқлиридин шивәләрни агаһландуруп қойғанди. Шивәләр болса уйғур инқилапчилириниң садиқ дости болуп қалғанлиқ сәвәвидин

алған хәвәрни Хонхайдики Аққозабәгкә, Ғалҗаттики Тоқулақбәгләргә йәткүзгәнди. Улар дәрһал Ғулҗидики султанға хәвәр йәткүзди. Җиддий тәйярлиқ қиливатқан манҗурлардин 17000, қазақлардин 300 черик рәҗәп ейиниң он йәттиси (шәнбә) күни йолға чиққанлиқ хәвири алдинқи сәптики туңганлар арқилиқ султанға хәвәр қилинди. Бу қетим манҗур чериклири наһайити пухта тәйярлиқ қилип чиққанди. Улар төмүр кийимләрни кийгән, қизил, йешил, ақ байрақларни көтәргән . Дәрия бойидики тағқичә тарилип, қара борандәк келивататти. Бу қетимқи уруш Дуюпо (Далипо) дегән йәрдә башлинип кәтти. Султан вә әмирләр әскәрлирини башлап, қошун тартип әҗайип зор җәңләрни қилди. Бу урушта бәзидә уйғурлар, бәзидә манҗурлар йеңип турди. Бу қетим уйғурлар қоршавда қалғанда Әмир Абдурусулбәг, Ялакор хәлпә, ахунларни һәрикәтләндүрүп, (улар бир җайда туруп қалғанкән, бәг бу тәрәпкә ат чаптуруп кәлгәнди) ярдәм тәләп қилғанди. Туңганлар жиға-зарә билән җәңгә өзлирини уруп, уйғурлар бир яқтин қистап, манҗур әскәрлирини төкүвәтти.

Манҗурлар чериклирини сәплигәндә арқиға чекиндүрмәслик үчүн көк, сузүк жуңзилиқ башқурғучи бир адәм қойғанкән. У һеч бир манҗур черигини арқиға қечишиға йол қойматти. Салиғоҗиниң оғли Әзиз Батур шу башлиқни жиқитқандин кейин, манҗур чериклири арқиға қаримай қечишқа башлиди. Уйғурлар билән туңганлар Күрәгичә қоғлап берип, арқисиға янди. Манҗурларниң 96 данә зәмбирәк, 60 һарву оқ-дора, милтиқ, қилич вә шайиларниң сани һесапсиз ғенимәт елинғанди. Манҗурларниң барғаһидин ун, гүрүч тағар-тағарлап олҗа елинди.

Бу қетимқи җәңдә пүтүн мусулман әскәрләр, башлиқлар Әмир Абдурусулбәгни «Батур» дәп мәдһийилиди. Бу әһвални султан аңлап көрәлмәсликтин Абдурусулбәгни йоқитиш пейиға чүшти. Әмир Абдурусулбәг дүшмәнгә сақаймас (қақшатқуч) қаттиқ зәрбә берип зәхмиләндүргәнди.



## Абдурусул Әмирниң өлтүрүлүши

Уйғур инқилапчилири җәңчиләрни рәтләп, Баяндай қорғиниға һуҗум қилиш үчүн җиддий тәйярлинип турған күнләрниң бирidә қаттиқ көңүлсиз хәвәр тарқалди. У болсиму султан Мәзәмзат Әхмәтханғоҗини чақиртип уни мал дунияға, мәнсәпкә ғәриқ қилип, Әмир Абдурусулбәг вә Исһақбәгни өлтүрүп, униң әскәрлириниң мәсъуллиғи мәндә болсун дегән сөзни қилған еди.

Әхмәтханғоҗа: «мән Әмирниң әскәрлиридин қорқимән» дегәндә султан Мәзәмзат Даниялбәгни алдуруп, манҗурчә төһмәт хәттин бирни яздурайли, Әмир өлгәндин кейин әскәрләрниң алдида янчуқтики хәтни Даниялбәгкә оқитайли, тамами хәлиқниң Әмирни яман демәй илаҗи қалмайду. Бу олтуруштики гәпләр қулақтин-қулаққа йетип, шәһәрдин Сетивалди Ясавул, Җалал Дорға, Әтшах Ясавулбәг, Ислам Дөләт, Сидиқ Яқуп мираплар ғазатчилар барғаһиға берип Әмир Абдурусулбәгкә йәткүзди. Абдурусулбәг: «Мәзәмзат, Әхмәтханғоҗа үчимиз Аллаһниң каламини тутуп туруп қәсәм қилишқандуқ, әгәр улар мени өлтүрсә Аллаһниң калами гуваһдур. Сизләр хатирҗәм йениңлар, худаниң қазаси кәлсә разимән» дәп уларни қайтурди. Инқилапниң 4-жили барат ейиниң биринчи күни җүмә еди. Әхмәтханғоҗам Әмирниң пейида болуп, қариса Әмир ятқан барғаһниң әтрапи хали екән. Әхмәтханғоҗа Әмирниң чедир-барғаһиға салам берип кирип кәлди. У өз әскәрлири билән кечиләп туюқсиз киргәнликтин Әмир әймәнди. Әхмәтханғоҗа һаял қилмай Әмир Абдурусул бәгни өлтәрди. Униң әскәрлири Тохтахун вә Хелил йүзбегини өлтәрди.

Әмир Абдурусулбәгниң өлүшидин қази Нәсирдин ахунға хәвәр йәткүзгәндә у : «улар уни наһәқ өлтүрүп капир бопту» деди. Әскәрләр ғулғула қилишип, биз ғоҗини өлтүримиз, дейишкәндә Нәсирдин қази калан «уларниң адәмлири көп, сизләргә йол бәрмәйду вә көп қан төкүлиду» дәп йолни тосуп қойди вә таң атқичә қорқуп дәрвазилирини етип ятти.

Әтиси сәһәрдә султан Мәзәмхан ордисидики хас кишилири билән қоманданлиқ барғаһиға келип, Нәсирдин қазиға өлүм һөкүм қилди. Лекин бир мунчә кишиләр өлүм һөкүмини күчтин қалдурушни тәләп қилип турувалғанлиқтин униң қазилиқ мәнсивини елип ташлап түрмигә ташлиди. Султанниң бу қилмиши ғәвғани басмақ үчүн еди.

Муәллиптин: Абдурусулбәгни манжурларға йошурун хәвәр берисән дәп йошурун өлтүрүш еһтимал төһмәттур. Чүнки мундақ чағда бузуқ адәмләрниң чигир йоллар билән меңип, зимин раслап қоюши чоқум еди. Абдурусулбәг Әмирниң тутқан йолиға қариғанда у өз шәхсийити үчүн яки мәнсәп, дуния үчүн болмай, пәқәт милләтни сатидиған виждансизлардин әмәслиги әлбәттә көрүнүп туриду.

Мәзәмхан султан Әмир Абдурусулбәг билән Нәсирдин Қази Қаланниң барлиқ мал-мүлкини мусадирә қилип алди. Әхмәтханғожиниң дәрижиси көтүрүлди һәмдә бәгләр ғожиниң әмир – пәрманлириға бойсунидиған болуп, дөләт ишлириму ғожиниң буйруғиға қарап маңидиған болди. Демәк, башта Мәзәмзат һаким билән вәдә шундақ еди. Ахири султан Мәзәмханму Әхмәтханғожидин бесорақ һеч иш қилалмас болди. Тәбиийки, мундақ әһвал астида уруш ишлири суслишип, паләч һалға чүшкәнлигини сәзгән дүшмәнләр болупму Баяндай, Чилпәнзидики манжурлар туюқсиз Күрәдики манжурларниң урушқа жиддий тәйярлиниватқанлиғи сезилип туратти. Уйғур инқилапчилириниң болса роһи чүшүп, барғансери пәсийип кәткәнди.

## Баяндайниң елиниши

Инқилап башланғини хели вақитлар болуп қалған болсиму, Баяндай техичә елинмай туратти. Униң үстигә Күрәдин Баяндайни қутқузуш үчүн давамлиқ манжур әскәрлири келип туратти. Уйғурлар уруш ишиға анчә көңүл бөлмиди. Көпи тәңқисликта қалғанди. Болупму көпирәк чиққан (қорған ичидин) манжур әскәрлири билән ахирқи қетим



тутушқан уйғурлар дүшмәнниң бөктүрмә күчлири тәрипидин қаттиқ зиянға учриғанлиқтин әтрапдики манжурларға қарашлиқ қалмақларниң роһини өстүрүп қойғанди. Булардин Шивә, Солун, Чахар, Торғут, Арғун, Сумул, Зорға Сумулдики қалмақлар өз – ара иттипақлишип үч жилдин бери қамилип турған Баяндай қорғинини қутқузушқа бирликкә кәлгәнди. Бу иштин султан хәвәр тепип, қурултай чақирди. Қурултайда убдан планлар қарарлинип, Баяндайни пәтһ қилмай туруп, аймақларға қарши туруш мүмкин әмәс дәп қарар мақулланди. Шу сәвәплик Баяндай сепилини 2-қетим партлитишқа тоғра кәлди. Бу вәзипә йәнә Садир Палванға жүкләнди. Садир Палван бу қетим сепилниң түвигичә берип хәндәк колиди. Бу қетимқи коланған орәк балдурқисиға қариғанда адәттин ташқири чоңқур һәм тез пүтти. Баяндай қорғини партлитилди. От күчи асманға чиқип, хиш-кесәк парчилирини сепилниң ичигичә қар-ямғурдәк төкүвәтти. Манжур әскәрлири һеч илаж қилалмай, таш, хиш – кесәк парчилирини ататти. Уйғур әскәрлири болса сепилниң бузулған шорисиға барғанди. Дүшмәнниң күчлүк топ – зәмбирәклириниң һужумиға учириди.

Рамзан ейиниң 11-күни инқилапчилар сепил дәрвазисиға от қоюп көйдүривәтти. Азатлиқ роһи билән роһланған ғәйрәтлик жәңчиләр һәр икки шоридин дүкүрләп киришкә башлиди. Алдинқилар қирилса кәйнидикиләр уларни дәссәп кирмәй қарап туруши мүмкин әмәс еди. Шуниң үчүн сепил ичигә кириш наһайити тәс болди. Шундақ болсиму, ахири инқилапчиларниң жәсиди далда болғидәк болғандин кейин шу жәсәтләрни далда қилип мөкүнүп туруп, әтиси рамзанниң 12-күни сепил ичигә кирди. Сепил ичидә үч күн қучақлашма жәң болди. (Молла Билал бин Молла Йүсүп шу вақиттики палван вә қәһриманларниң намини бир – бирләп язғанди) манжурларниң гарнизон, Ләйндүй башлиқлири өзлириниң йеқинлири билән бир өйгә жиғилип, дора билән өзлирини һаваға учарди. Әтиси Баяндай қорғини пәтһ қилинди.

1865-жили, рамзанниң 14-күни уйғур жәңчилири Баяндай қорғинини пәтһ қилғанда наһайити нурғун олжиға егә болди.

Ғәлибә қилған жәңчиләр шеһитларниң җәсәтлирини тамам жиғип, мазарға дәпин қилдурди. Шәһәр ичидики бу мазарға «шеһиткарлиқ мазири» дәп нам берилди.

Уйғур һөкүмити әскәрлирини шәһәрләргә қайтурмастин йүзбегини қараууллуққа қоюп, мәхсус Күрә йолини тосуп қойди. Көкләм киргәндин кейин чоңлар мәслиһәтлишип, Баяндайдики барғаһни «Қизил дәң» дегән йәргә көчүрүшни қарар қилди. Султан хәлпә, Қази қалан вә Шәвкәт ахун башлиқ тамам сипаһларға алаһидә хизмәтләр ишләп, уларға барғаһ қуруп, чөрисигә хәндәк қезип, үстини яғачлар билән йейип айландуруп, әскәрләрни сақлашқа қойди. Туңганлар болса чедир тикип олтурди.

## Почи Махмут Қериғожиниң келиши

Баяндай елинған жили, қишниң ахирида Ғулжиға Махмут Исһақ (ләқими Ғосазатә) дегән ғожа келиду. Султан Мәзәмхан бу затни қарши елиш үчүн хәлиқни уни иззәт-икрам билән қарши елишқа пәрман чүшәрди. Хәлиқ уни«дәйдә задимиз» дәп қизғин қарши елип, бир өйгә чүшүриду. Бу ғожа этиси сәһәрдә йешил ләңгини бешиға йөгәп, һелә -микир билән султанниң алдиға көрүнүшкә кәлгәндә султан әһвалини сорайду. Ғожа: «мән ғерипларниң һалиға йетәрмән, пәриштиләрдин қувитим бар, өз йеримдә мәшһур кишиләрдин едим, дунияда мал- пул жиғмаймән, илмий күчүмни билимән. Капирлар қанчә рәт кәлсә уруш мәйданида мени көрәлмәйду вә йәнә һәр тәрәптин тосалаймән. Төмүрдин чәмбәр қилип, йоған оқ ясаватимән. Әгәр қара чашқан, қара кирпә, қара қағиларни союп миҗип, йәттә-сәккиз яңза дорини қошуп, капирлар тәрәпкә әза йом оқуп, дәм салсам дүшмәнләрниң көзи көрмәс болиду» дәйду. Қериғожа өзини Ғавсул әзәмниң әвлатлиридин мән, дәп тонуштурғачқа, ғожа пәрәстләр әһли инқилапчи екән дәп тониди. Әскәрләр буниң жуқарқи сөзлирини аңлап, бәк ишинип, униң дамиға чүшүп кәтти.

Уйғурларға өзиниң сирлиқ илимлирини сиңдүрүп вә уларниң васитиси билән ялғуз җәң қилишқа болидиғанлиғини ейтип, ғожа уйғурларниң рәсим-қаидә, урп-адәт әхлақлири билән убдан тонушқандин кейин, һийлә билән өзиниң мәхсити тәрәпкә атлинишқа башлиди.

У яғачтин бәш данә яғач зәмбирәк ясаш үчүн, яғашчи, төмүрчиләрдин болуп, қириқтәк устини таллавелип, уларни бир нәччә ай ишләтти. Материал үчүн Мирбақи байниң бағидики дәрәқләрни кәстүрди. Шу арилиқта почи Махмут, Әхмәтханғожа, Сәйди Әмирханғожамлар билән нурғун әскәрләрни башлап, Суйдүң, Күрәләрдики соқушқа қатнашқанда мусулман туңганлар бу почи ғожини «инқилапчи, бебаһа киши екән» дәп махташти.

Сәйди Әмирханғожа дегән зат Баяндай азат болуштин илгири үч ғожа билән Әнҗан тәрәптин кәлгәнди. Уларниң башлиғи Сәйди Әмирханғожа еди. Уларни хәлиқ наһайити ихлас бағлап, һөрмәтләп, меһман қилип турди. Улар Баяндай ичигә оқ етиш үчүн потәй қурушни үгәтти. Өзлириму көп урушлар үстидә болғанди. Демәк, улар һәшәмәтлик ишлар билән хуши йоқ, мәхсити җәң қилип, амал бар тезарақ Баяндайни пәтһ қилиш еди. Почи Махмутғожа болса таранчилардин 100 кишини мунтәзим әскәр сүпитидә турғузди. Уларни европичә ясандуруп ясавул қилди. У көрүнүштә бу кона тәдбирчи уйғур (деһқанлар) һөкүмитини күчәйтип, әскәрлирини иттипақлаштуруп, дүшмәнләргә тәһдит салмақчи. Бәлки мошундақ қилиш арқилиқла у өзини наһайити билимлик көрсүтүп, уйғурларниң үстигә чиқмақчи еди. Қериғожиниң немә мәхсәт билән мундақ ишларни қиливатқанлиғини күзүтүп турғучилар болсиму, ғожа пәрәсләргә бу ишниң тәһтини ейтишқа петиналматти. Қериғожа көрүништә топларни ясап, әскәрләрни рәтләш билән мәшғул боливатқандәк болсиму, амма һоқуқни қолиға елиш үчүн ярдими тегидиған кишиләр билән иттипақлишип, дост болушқа башлиди. Қериғожиниң достлири көпийип, һәтта Әхмәтханғожидәк нопузлуқ кишиләрниму өз йениға тартивалғанди.

Султан Мәзәмхан Қериғоҗиниң хәлиқ арисида инавити ешип Әхмәтханғоҗиға охшаш нопузлуқ адәмләр билән йеқинлишип кәткәнлигидин әнсирәшкә башлиғанди. Шуниң үчүн бу Қериғоҗиниң инавитини чүшүриши лазим еди. Султан бир қетимлиқ мәҗилисидә бу тоғрулуқ сөзләп, уни бир алдамчи дегән еди. Бу гәпни аңлиған Қериғоҗиниң ихласмәнлири: «Сиз кәлгүсидә болидиған султан, Мәзәмхан султан сизни кәмситип мәсхирә сөзләрни қилип, хәлиққә яман көрсәтти» дәп чеқиштурди. Бу гәпни аңлиған Қери ғоҗиниң кәлгүси султанлиққа болған ишәнчи ешип, көңли йоруп кәтти. Қери ғоҗиниң Мәзәмханға қарши әмәлий һәрикәтлири көрүнишкә башлиди. У Әхмәтханғоҗа билән пат-пат көрүшүп туридиған болди.

Бир күни Қериғоҗиға бирси узундин бери зинданда ятқан бир әвлия затниң барлиғини ейтиду. Қериғоҗа бу ишниң һәсәт билән болғанлиғини уқуп, дәрһал султан Мәзамханға Молла Нәсирдинахунни солақтин чиқарсун дәп киши әвәтиду. Мәзәмхан султан бу ишларниң немә мәхсәт билән боливатқанлиғидин хәвәрдар еди. Шуниң үчүн у Нәсирдин қазини чиқармиди. Қериғоҗа болса төрт чақлиқ һарвуниң үстигә бәш пут деңгәк орнитип, униңға байрақ есип, әскәрлирини әгәштүрүп, зинданға берип, Нәсирдинахун билән зиндандики барлиқ мәһбусларни чиқиривәтти.

Султан Мәзәмхан Қериғоҗиниң бу ишиға наразилиғиниму, қаршилиғиниму билдүрмиди. Ичидә болса ғәзәплинәтти. У бу Қериғоҗини йоқитиш үчүн нурғун һийлә – микирләрни ойлап, ахири уни Баяндай урушиға әвәтти. Қери ғоҗа кәткәндин кейин Нәсирдинахун бәзи гәпләргә қариғанда намәлум бир киши тәрипидин өлтүрилди дейишиду.

Молла Билалниң йезиши бойичә, Күрә соқушиға Қери ғоҗа султан билән биллә барди. Лекин султан өзиниң күзәткүчи әскәрлирини әгәштүрүп бир тәрәптә, Қериғоҗа бир тәрәптә кетип барғанда, йолда Нәсирдин Әләм ялғуз кетиватати. Султан буни көрүп: «солақтин қечипту» дәп вақирап, ат чаптуруп қоғлайду. Ахунум вақирған қарши тәрәпгә ғәзәп билән қарап ат чаптуруп келиватқанларни көридудә, қачиду. Ети гүрүч териған етизға кирип, пути патқаққа петип жиқилғанди. Қоғлап кәлгүчиләр оқ билән яриландурғанди. Әхмәтбақи дегән киши қилич билән өлтәрди.

Ахунумниң өлүм хәвири уруш мәйданиға йетип кәлгәндә, Қери ғоҗа әскәрлири билән шәһәргә йенип, Әхмәтханғоҗиға болған вақиәләрни уқтурди. Булар мәслиһәтлишип турған йәрдә султанму өз тәрәпдарлири билән тиң-тиңлашта еди. Әскәрләр болса султан Мәзәмхандин көрә тоарақ Маһмут Почи тәрәптә еди. Бу ихтилап урушқа чоң тәсир көрсәтти.

Әхмәтханғоҗа дәсләптә Мәзәмзат билән иттипақлишип, Әхмәтбәг ғәзиничи билән оғлини, андин әмир Абдурусулбәг билән Исһақбәгләрни өлтәрди. Әнди болса почи Махмутқа қошулуп, Мәзәмханни йоқутушни мәслиһәтләшти. Мана бу ғоҗамларниң әһвали.

## Мәзәмхан султанниң өлтүрүлүши

Қери ғоҗа Әхмәтханғоҗа билән учрашқандин кейин, Баяндайға қайтип, өз әскәрлири билән топлирини сөрәп, султанниң баргаһи тәрәпкә маңди. Униң мәхсити султанни өлтүрүш еди. Қери ғоҗиниң әскәрлири оюн-тамаша қилип, султан Мәзәмханни җәлип қилип, чедири әтрапида уяқ-буяққа өтүп турди. Қери ғоҗа болса қаһ-қаһлап күлүп, һечнемә болмиғандәк қияпәттә турди. Бир чағда у Мәзәмхан султан турған чедирға оқ етишқа буйруқ қилди. (Мәзәмхан Султан болса: бу немә ишту, дәп чедир ичидә оюн-тамашиға қизиқип қарап туратти). Әскәрләр һеч немини уқмай, буйруққа асасән оқ етишқа башлиди. Султан Мәзәмхан ишниң яман тәрипини көрүп, Әли Палван башлиқ өзиниң қоғдиғучилири билән биллә уларға қарши оқ чиқарди. Қери ғоҗиму яғач топлири билән уларға қарши оқ чиқарди. Қери ғоҗиниң яғач топлири вә адәм сани көп болғанлиқтин султанниң чедирини оравалди. Султан қорқуп қечип, туңганлар баргаһиға беривалди. Бу әһвални көргән, ординиң ичидики барлиқ әскәрләр, әмәлдарлар чедирни

ташлап қечип кәтти. Қериғожа султанни қоғлап берип, туңганлар баргаһидин тартип чиқирип өлтүрүп, бешини шәһәр тәрәпкә әвәтти. Әли Палван қечип қутулди.

## Қериғожининиң султанлиғи

Қериғожа Мәзәмханни өлтәргәндин кейин балдурқи ханларға охшаш хәлиқтин бәйәт вә рәһманлиқ сорап олтармиди. Өзини Ғулжиниң султани дәп жакарлиди. Әмәлийәттиму мундақ әһвал астида униңға қаршилиқ қилип, наразилиқ билдүрүшләрму болмиди. Қериғожиға хәлиқ қаршилиқ көрсәтмигән билән у өз һакимийитиниң мустәһкәм әмәслигини биләтти. Шуңа һакимийитини вә һоқуқини чиңитиш лазим еди. У ундақ қилмай һә дәпла барлиқ бәгләрни өлтүрүшни хәлиққә уқтуруп, хәлиқни өзи бәг, өзи ханлиққа қоювәтти. Хәлиқ бәгләрни өлтүрүп, мал –мүлкини булаң-талаң қилип, һәрким өзи билгәнчә иш қилди. Бу зорлуқ-зомбулуқлар һәддидин ашти. «Жиғилиқта яғ ақар, яман кишигә ким яқар» дегәндәк «әл бәгләрни өлтүрүпту, биз қарап туримизму» дегәндәк мақаллар шуниңдин қалған уйғур ядикарлиқлиридур. Қериғожа, бәг вә султанниң ордилирини булап-талап болғандин кейин, Мәзәмханниң оғли Хизирғожини 17 йешида өлтүргүзивәтти. Әли Палван тағ ичигә қечип кетип, 2-3 күндин кейин шәһәргә қайтип кәлгәндә қолға алди вә уни өлүмгә һөкүм қилди. Лекин кейинки қетимқи мәслиһәттә әлниң пикригә қарап, һөкүмни өзгәртип, қамаққа алди. Һөкүмәтниң һоқуқи ғожилар қолиға киргәндин бери уйғур диярида амәт көтүрүлди. Сәвәви, биз уйғурларниң ғожамларға амрақлиғидин, бу ғожиларға қарши һәрким сөзләштин қорқатти. Чүнки, ғожиларниң соқуш вақтидики ишлирини батурлуқ, палванлиқ, әқиллиқ һесаплап, яман ишлирини болса, ғожа әвлатлиридин болғачқа дәп һесаплатти. Бу новәт ғожилар уйғур хәлқигә немиләрни көрсәтмиди дәйсиз, Аппақғожа мустәқил Алтишәрни қалмақларниң мустәмликисигә киргүзүп, азатлиқ вә әркинлигини чекигә йәткичә һимирип кәлди. Ғожамниң бу ишлириға наразилиқ көрсәткидәк уйғур чиқмиди. Техи буни толараған тәғдиргә тән бериш деди.

Бәгниң чириғи өчүрүлди.
Җаһанни алди хунтәйжи.
Худаниң тәғдири шундақ,
Атам қалмақ билән нәжи.

Дәп ойлашти. Аппақғожиниң балилири уйғурларни «ақтуғ», «қаратуғ» дәп иккигә айрип, Алтишәрдә қан дәриясини аққузди. Буниң һәммисини ғожиларға ишәнгәнлигидин көрәтти. Әхмәтханғожа әмир Абдурусулбәгни өлтүрүп, уйғурларниң чависини читқа яйди. Қери ғожа болса хәлиқ арқилиқ бәгләрни өлтүрүп, хәлиқ билән бәгләр оттурисида көйдүргилик уруғини чачти. Бечарә садда уйғурлар қарғуларчә етиқат арқисида Әхмәтжанғожидәк питнә-пасат терип жүргән қатил ғожиларниң яман көришидин қорқуп, қарши чиқалмиди. Шәхсән Әхмәтханғожиниң уйғур балилириға көрсәткән күни аз болмиди.

## Уйғурларниң Қериғожини өлтүрүши

Уйғурларда ғожипәрәстлик шундақ күчлүк болсиму, ғожиларниң қиливатқан ишлири уйғурларни ойғатти. Болупму Қериғожини өлтүрүш үчүн қәтъий киришкән киши Арөстәңлик Шәмшидин хәлпәм болуп, у Мәзәмханниң мәслиһәтчиси еди. У Қутлуқ мираплар билән йошурун мәслиһәтлишип, Қериғожини өлтүрүп, солақтики Әли Палванни султан сайлашқа қарар қилди. Буниң ижра болишиға Турди йүз беги мәсъул қилинди. Турди йүзбеги Арөстәңлик, ғәйрәтлик жигитләрни таллап шәһәргә кирди вә сәһәрдә Қериғожа ухлаватқанда таяқ-тоқмақлар билән қазақ өйиниң оқ-яғачлирини сундуруп кирип, Турди Бақи йүзбеги Қериғожини боғузлап өлтәрди. Әхмәтханғожа туңганларниң ярдими билән өлүмдин қутулуп қалди. Қериғожиниң султанлиғи аранла 36 күн болди.

## Молла Шавкәтахунниң султанлиғи

Қериғожа өлтүрүлгәндин кейин, Арөстәңликләрниң қарариға асасән, Әли Палванни султан сайлаш лазим еди. Лекин шараит буниңға яр бәрмиди. Чүнки султан сайлаш үчүн хәлиқниң көпчилиги бәйәт-разилиқ бериши зөрүр еди. Әгәр ундақ болмиғанда ханлиқниң орни мәһкәм болматти. Шуниң үчүн Әли Палван тоғрисида хәлиққә муражиәт қилинған еди. Хәлиқниң толиси молла Шавкәтахунни сайлашни лайиқ көрди. Бирақ сайлам тәбиий болмиғанлиқтин уйғурлар арисида хелә талаш- тартиш йүз бәрди. Ахирида көпчилик молла Шавкәтахунни султанлиққа рази болуп сайлиди. Молла Шавкәтахун султан болуп, тәхткә чиқиши билән бурундин қаидә болуп келиватқан әмир, қази, калан вә йеқинлирини йөләп, ханлиқни өзи ялғуз мустәқил рәвиштә идарә қилишқа башлиди. У Алтишәр ғожилириға бир нәччә киши әвәткән болсиму жаваби кәлмиди. Иккинчи қетим йәнә вәкиллирини әвәткәнди, уларни Текәстики қалмақлар тутивелип өлтүривәтти. Шиваләр бурунқи иттипақлиғини бузуп, қарши турғанди, уларни бастуруп, алдини алди. Тоққузтараниң Әли бәг, Һошур Бақи миңбеши дегән башлиқлири әскәрлири билән шәһәрдә еди. Тоққузтарадин султанға қалмақларниң зорлуқ-зумбулуқ қиливатқанлиғи тоғрилиқ хәвәр кәлди. Шавкәтахун йолсизлиқ қилип әскәрләрни әвәтмәй, нәтижидә қалмақлар уйғурларни қирғин қилди. Шу қетимқи қалмақлар чепишида йәттә- сәккиз йүз жан әрләр өлтүрүлди. Бала – чақа, хотун – қизлар қалмақларниң қолида өлгичә дәп, өзлирини дәрияға ташлап ғәриқ болди. Аман қалған бовайларниң ейтип беришичә, шу қирғинда бир түмән жан қаза тапқанмиш. Молла Билал китавида 786 миң жан дәп қәйит қилинғанди. Молла Шавкәтханниң әскәрлири Күрәниң «Қизил дөң» дегән йеридин тартип, «Жусәдөң» дегән йеригичә барғаһ қурди. Күрәдики жаңҗун барлиқ әмәлдарларни чақирип, уйғурлар башсиз қалди, пурсәт ғенимәт дәп, Сәнчиң Лойә дегән әмәлдарни баш қилип, 7700 әскәр билән уйғурларға һужум қилип, қирип ташлашни



буйриди. Бу хәвәрни туңганлар уқуп, Шавкәт султанға хәвәр қилди. Шавкәт султан «дүшмәнләр алдимизға кәлсә уруш қилимиз, болмиса алдиға бармаймиз» дәп манжурларни көзгә илмиди һәмдә жиддий тәйярлиқму қилмиди. Шу кечиси манжур әскәрлири барғаһни қоғдаватқан қаравулларни бастурғанда улар қечип кәтти. Манжурлар уларниң өй – имарәтлиригә от қоюп көйдүривәтти. Бу вақиәдин хәвәр тапқан уйғур әскәрлири манжурларға қарши атланған болсиму, тәң келәлмәй, питирап қечип кәтти. Шавкәт султан пүтүн әскәрләрни сәпәрвәр қилип, тәйярлиқ қилғичә, манжур әскәрлири барғаһқа йеқинлишип қалди вә уларниң атқан оқлири барғаһқа чүшүп турди. Туңганлар бу әһвални көрүп, қиқас – чоқан билән жәңгә өзлирини атти. Бу соқуш этиси кәч киргичә давам қилип, инқилапчилар мәғлубийәткә йүзлинип турған пәйттә туңган жигитлири баш болуп, умумий йүзлүк қәһриманларчә жәңгә атланди. Улар манжур чериклирини сүр-тоқай қилип қачурди. Манжурлар 100 дин ошуқ өлүкни елип кетишкә үлгирәлмәй, ташлап Күрәгә қарап қачти. Бу чағда Күрә шәһири ичидә ачарчилиқ йүз берип, манжурлар ишт – мөшүклирини йәп түгүтүп, ахири балилирини чәк ташлап йейиш дәрижисигә барди. Жаңжун хәт йезип, Сүйдүңдики манжурлардин ашлиқ ярдәм қилишни тәләп қилди. Сүйдүңдики манжурлар 100 һарва ақ ашлиқ, 100 һарва қонақ вә май, гүрүч тәйярлап, бир нәччә он черик билән кечиси Күрәгә маңғузғанди. Буниңдин ғазатчилар хәвәр тепип, уларни алди-кәйнидин торап, манжурларниң өлүгини сайниң тешидәк догилап, ашлиқ вә нурғун курал –ярақни ғенимәт алди. Қачқан черикләр жаңжуңға кирип, жиғлап туруп, «Ачлиқтин һалимиз қалмиди, бундақ тирик болғандин өлгүнимиз яхши, әгәр рухсәт бәрсиңиз, бүгүн кечә Сүйдүңгә барайли» дегән еди. Жаңжуң амалсиз рухсәт қилип, өзиму улар билән биллә маңди. Бир тәрәптин Билигзат, Муратбәг, йәнә бир тәрәптин Худияр йүзбеги, онбеши, әлликбешилар уларниң чиқишини күтүп туратти. Манжур чериклири чиққанда султанға хәвәр бәргән еди. Яқупбәгни Муратбегигә қошуп, бир нәччә йүз әскәр билән

йолға салди. Улар тәрәп-тәрәптин манжур черикиригә тошқан соққандәк тегип, Суйдуңгә барғичә наһайити көп қисимни йоқатти. Бу җәңдә Лосән дегән әҗайип қәһриманлиқ көрсәтти. Уйғурлардин Әли Палван оң тәрәптин чиқип, әҗайип мәртләрчә җәң қилди. Розахунму қәһриманларчә җәң қилип, қәһриман дегән нам алди. Жуқарқи қәһриманлар Якур башлиқ туңган әскәрлири, Сандухуза қорғиниға атланди. Буниңдин хәвәр тапқан дүшмәнләр сепил тамлирини тешип, зәмбирәк етип, уйғур, туңган әскәрлирини йеқин кәлтүрмиди. Имирахун ғожа кесәк тизип, униң далдиси билән дүшмәнгә қарши туруп, қайтарма зәрбә бәрди. Һәсән Ғәзиничибәг, Имин Сопи, Осман Йүзбеши вә Рустәмләр бу җәңдә шеһит болди. Беширбәгниң путиға оқ тегип яридар болди. 1 – айниң 12-күни ғәйрәткә кәлгән яш пидаийлар атлиқ вә бәзилири пиядә Сандухузи қорғиниға һуҗум қилип, униң күн чиқиш тәрәптики дәрвазисиға от қойивәтти. Туңганлар билән шәһәрлик уйғур сепил әскәрлири қиблә (ғәрп) дәрвазисини бузуп, сепил ичигә бесип кирип, қучақлашма җәң елип барди. Манжурлар таң атқанға йеқин нурғун өлүклирини ташлап, 100 дәк чериги билән аран Күрә шәһиригә қечип беривалди. Инқилапчилар нурғун ғенимәт алди. Әскәрлирини олжа елиш үчүн, өз ихтиярлиғиға қоюп бәрди. Андин йеңи әскәрлирини бу қорғанни сақлашқа қоюп, барлиқ кона әскәрлирини шәһәргә елип кәтти.

## Адаққи қорған Күрәниң елиниши

1866-жили февраль (2-айниң 12-күни) уйғур һөкүмити Әли Палванни әмир тәйинләп, Күрәни елишқа әвәтти. Әли йолда Сәндәк җаңзилирини елип, андин Күрә қорғинини қоршавға алди. Төрт палванни төрт тәрәпкә бекитти. Бу чағда узун муддәт қоршавда турған Күрәдә ачарчилиқ дәһшәтлик һалға келип, манжурлар йәйдиған нәрсә тапалмай, ахири чәк ташлап бир-бирини йейишкә башлиған еди. Улар уйғурларға әсир чүшүп, хорланғандин өлүмни әвзәл көргәнди.



Уйғурларниң пүтүн Или өлкисини манжурлардин тазилашқа мошу адаққи қорғанни елишқа ишәнчи камил еди. Улар икки йәрдин төшүк ечип, манжурларниң әдивини беришкә башлиған еди. Жаңжун Чиңда Лойә дегән әмәлдарни чақирип, уйғурлар билән сөһбәтлишишни тәләп қилди. Уйғурлар тәрәптин Жапбаш Мирап, Худа Бәрдибәг вә Иршат мирапбәгләр Чиңда Лойәнни үч күн ичидә тәслим болушқа буйриди. Чиңда Лойән буни қобул көрүп, үч күн ичидә барлиқ қурал – ярақ, - оқ – дорилирини тапшуруп, әл болушқа вәдә бәрди. Лекин улар вәдисигә әмәл қилмиғанлиқтин инқилапчи тәрәп әлчи әвәтип, «Жаңжун умумий йүзлүк тәслим болса, сепил ичидики пүтүн хәлқи билән аман қалиду һәмдә Күрә шәһирини Жаңжунниң ихтиярига беримиз» дәп буйриди. Жаңжуң буни аңлап, «икки хуйзу мениң йенимға кирсун, өзәм сөзлишип көрәй» дегән еди. Султан Қува хәлпәм билән Абузәр Мирап бәгни әвәтти. Улар Жаңжуң билән көрүшкәндин кейин, Жаңжуң кона мәнсәпдарлирини чиқирип бәрмәкчи болди. Йеңи жаңжуңниң һөкүми билән әтиси кона жаңжуң башлиқ Тударин, Пәдарин, кона жаңжуң Садарин, Ханиладай, Жағиладай, Бағиладай, хотун-балачақилири вә мал-мүлүклири билән шимал дәрвазисиниң ғәрип тәрипини тешип чиқирип, уйғурларға тапшуруп бәрди.

Әли Палван буларни Ғулжа шәһиригә әвәтти. Манжурлар болса сепил дәрвазисини башқидин етивалди. Әли Палван йәнә сәвир қилип, бир нәччә вақит турғандин кейин, Жапбашбәг, Йүсүпбәг, Әмир Шажабәг, Бәгзадәбәг, Самсақ туңчиларни йәнә сөзлишишкә әвәтти. Чиңда Лойә чиқип, йәнә бир нәччә күн сәвир қилишни, сепил ичидикиләрниң бәк қорқуп кәткәнлигини ейтти. Бәгләр янмақчи болуп турғанда сепил үстидин уштумтут милтиқ авази аңлинип, Самсақ туңчи шеһит болди. Бәгләр бу әһвални көрүп, Чиңда Лойәни өлтүрүп, бешини хәндәк көругигә есип қойди. Йәнә җәң башлинип хелә көп палванлар өлди. Андин Садир Палван ләқмә колап, сепилни партлатқанди, сепилдин шора ечилип, җәңчиләр сепил ичигә бастуруп киргәндин кейин, адәттин ташқири җәң булуп,

қанлар ерықта ақти. Кәч кирип, кечичә соқуш болғандин кейин, йеңи жаңжуң әл болмақчи еди, мәсъул хадимлири бир өйгә бекинивелип, қалғанлири Сүйдүңгә чекинип, бир нәччә ай муһасиридә тинич ятти.

Яз өтүп қиш кирди. Башлиқларға хәвәр кәлдики, Сүйдүңдики манжурлар қечип, Қорғасқа барғудәк, буларниң йерими черик булуп, йерими пухра екән. Султан уларни йоқитиш тоғрилиқ буйруқ чүшәргәндә әскәр башлиқлиридин тартип, жәңчилиригичә қизғин болмиди. Чүнки күн соғуқ болуп, улар отниң алдидин нери баралматти. Ахири Мазарлиқ Исраил Қәһриман, Әзиз Палван, Ақтөпилик тоқайлиқлар, Худабәрдибәг билән Худияр йүзлүк Худабәрдиләр кейинчә Әли Палван бирлишип барди. Шу кечиси таң атқичә дүшмәнләрниң асасий күчини битчит қилди. Азирағи қечип қутулди. Жәңчиләр олжиларни тойиғичә елип, шәһәргә хошал қайтти.

Қиш кетип, яз болғанда Тоққузтара хәлқи бөктүрмә әскәр турғузди дегән тәшвиқатни қалмақлар ичигә таратқанлиқтин, улар қорқуп, манжурларға ярдәмгә келәлмиди.

Уйғурлар иттипақлишип, бу қетимқи соқушни наһайити планлиқ, маһарәт вә җасарәт билән қилғанлиқтин, нурғунлиған ғенимәтләрни қолға алди. Буниң нәтиҗиси Әли палванға мәнсуп. Шуниң үчүн хәлиқ Әли Палванни әмир қилишни султандин тәләп қилди. Султан Әли Палванниң әмир болуп, әскәр бешиға чиқишиға көңлидә қошулмисиму, хәлиқниң тәливи күчлүк болғанлиқтин амалсиз Әмир қилип бекитти. Әскәр башлиқлири қәһриман палванлар сөзини бир қилғачқа ахир Әли Палван Әмир сайланди. Бу ишқа пүтүн чоң – кичик мубарәк ейтти.

Күрә шәһириниң шимал тәрәптики Сандуғ Жаңза дегән йеридә манжурлар наһайити көп,( қаравуллири) манжур мәнсәпдарлири һәм мусулман жәңчиләрму бар еди. Мусулман жәңчилири уйғурларниң келишини күтүп, тәйяр туратти. Шавкәт султан башлиқ барлиқ әскәрләр от қоюп, күлини көккә сориди. Күрә шәһири манжурлардин азат қилинди. Кона жаңжуң әсиргә елинди. Йеңи жаңжуң урушта йоқалди. Чәксиз алтун-күмүчкә бай жаңжуң ордиси пүтүнләй булаң-талаң қилдурулди. Қәһриманларниң әркин нәпәс елип ойнишиға қоюп берилди. Күрә шәһәрниң соқушиға қатнашқанларниң һәммиси бай болуп, янди. Әскәрләр вә хәлиқ хошаллиққа чөмди.

## Молла Шавкәтахунниң султанлиқтин чәтләштүрүлиши

Манжурларниң ахирқи тириги Күрә шәһири елинғандин кейин әтрапини уйғурларға йәни бу қетимқи жәңдә күч көрсәткәнләргә қора жайлиқ қилип бөлүп бәрди. Султан болса өз һөкүмити ичидә ислаһат елип бармай, ишни бирақла ташлап, һөкүмәт орнини мәһкәм чиңитмиди. Йәнә бир тәрәптин өзи билгәнчә һөкүмәт һоқуқини жүргүзүп, өз орниниң муқимлиғини чиңитмиди. Хәлиқ болса Тоққузтара пажиәсини султанниң тәжрибисизлигидин болған дәп қаратти. Күрәниң азат болушини Әли Палванниң тоғра қоманданлиғидин дәп билгәчкә уни хан болсикән дәп арзу қилатти. Лекин Шавкәт султан болса Әли Палванниң әмирлик һоқуқини елип ташлап, аддий бир пухра қилип қойғанди. Бу тоғрилиқ хәлиқ вә әскәрләр роһсизлинип кәтти. Әскәрләр Әли Палван әмир болса интайин итаәт қилатти, чүнки Әли Палван соқушта тактикиси үстүн, ишни планлиқ елип баратти, у һәм соқушқа көп қатнашқан һәм яш жигит еди. Бу жәһәттә хәлиқ вә әскәрләр султандин «Әмир Әлиниң немә гунаһи болса биз тиләйли» дәп сориған еди. Молла Шавкәтахун макул көрмәй, өзиниң һөкүмидә чиң туривалди. Һәтта туңган чоңлиридин Якир Султан, Сусин Бай теши, Жур Битиши, Лайтишларму келип, Молла Шәвкәтахундин әмирниң гунаһидин өтүң дәп сориған еди. Молла Шәвкәтахун буларғиму унимиди.

Худиярйүзидин Һилал Һәсән, Имам Йүзбеши моллам, Һошур Имамлар кирип, Шавкәт султанға йәнә нәсиһәт қилди.

Һелал Һәсән өз йеридә наһайити мөтивәрлик бай киши еди. У киши ейттики «әй ахунум, бу дуния пани, униң дөләт вә абройлириму панидур, ахирида улуқ дөләтмәнләрму йәр зимин астида топрақ сүпәт болуп ятиду. Җәмшит, Фирдәвис, Моллажур, Химак, Китавис, Кәһһир, Залдур, Рустәми дастан, Күзүрәйни, Кишвар вә Нушурванлардәк падишаһларға һекимәтлик кишиләр вә әқиллиқ вәзирләр лазимдур. Чүнки силигә охшаш кишигә қабил вә әқиллиқ вәзирләр болсила асанлиқ болур, әлбәттә. Әли Палвандәк әмирләр техиму лазимдур. Шуниң үчүн Әли Палванниң мәнсивини әслигә кәлтүрсилә, әгәр ундақ қилмисила жут қолдин кетәр, ишниң ахири яманлиққа айлинип қалса у вақитта пушайман қилған билән пайда қилмас, дөләт қолдин кәтсә йенип кәлмәс. Һәр қандақ киши кесәлниң башлинишидин бурун, дора ичип алдини алса, әлвәттә кесәлдин аман қалғили болиду. Мабада ағрип ятқандин кейин дора һеч кар қилмас. Мәсилән, тирнақ дорисини зәһәр ичмәстин бурун тәйярлап қойса яхши болур, мабада зәһәр ичкәндин кейин тирнақ дорисини тәйярлап ичкичә жүрәк бағри көйүп түгәр, әй ахунум буниңдин башқисини өзлири билидила» деди. Султан Шавкәтахун ейтти: «әй ахун раст ейттиңиз, амма Әли Палванға мәнсәп бәрмәймән». Ахунум вә туңган ахунлар: «Әлидә немә гунаһ бар? Униңға неманчә өчлүк қилип, ғәзәп билән қарайсиз?» дәп сориғанди. Султан ейттики «униң гунаһини өзәм билимән». Улар, ундақ ғәзәпләнсиңиз өзүңизгә зиян болур, дәп наилаж қайтип кәтти.

Пүтүн жут чоңлири вә кичиклири һәммисиниң султандин көңли қалди. Молла Билал Һәсән имам өз жутиға қайтип чиқип, болған вақиәләрни хәлиққә сөзләп бәрди. Барлиқ әскәрләрниң аччиғи келип, нурғунлиған әскәрләр вә барлиқ кишиләр Қаш бойиға берип, әмир Әлигә бәйәт қилип, уни султан сайлап, Шавкәтахунни султанлиқтин қалдурди. Әли Палван «бир нәччә күн сәвир қилиңлар, таки ахунниң аччиғи йенип қалғичә» девиди, хәлиқ вә әскәрләр унимиди. Ахири Әмир Әли Палванни султан дәп елан қилди.



## Әли Палванниң султан болуши

1867-жили Қаш дәрияси бойида хәлиқ әскәрлири Шавкәт султанни султанлиқтин қалдуруп, орниға «Җаһан палван султан Баһадир Ғази Абу Әлахан» нами билән Әли Палванни хан сайлиди. Абу Әлахан Ибраһим оғли еди. Әли Палван хан болғандин кейин тәрәп-тәрәптин уйғур әскәрлири топ-топ болуп келип бәйәт қилди. Пухралар Шавкәтахундин йүз өрүп, Әлаханға хизмәт қилишқа тәйярланди. Молла Шавкәтахунниң хизмәтчилири вә бәглири шәһәрни ташлап, сәһраға чиқип кәтти. Бәгзадәбәг Ғожамнияз Әли Әхмәтханғожиниң иниси Тохтиахун Әли Палванға бәйәт қилип, хизмитидә болуш үчүн кәлди. Молла Рози Нәмити, Таһирбәг, Абдулла Һемитбәг, Абдулла Сәдәнбәгләрни, ғәзиничи Мәхбирбәгни, Нәдәпахунбәг, Миралдинбәг, Азимбәг, Сетивалдибәгләрни Шаңбеги қилди. Әхмәтғожиниң иниси Тохтиахунни әмир қилип сайлиди. Җалалидин Хәлпәмни Қази калам дәп елан қилип, һәр қайси мәнсәпдарларниң өз ишиға пухта болишиға тәвсийә қилди. Тәбиийки, мундақ сайлам вә сайлашлар Молла Шавкәтахун вә Әхмәтханғожиларға тоғра кәлмәтти. Әлахан султан Әхмәтханғожиниң гунаһидин өтүп, «ғожам әнди сиз қеридиңиз, хәлиқниң аманлиғиға дуа-тилавәт қилип берип, өйүңиздә теч йетиң» дәп сәһрадики өйигә маңғузди. Андин султан пүтүн әскәрлиригә буйруқ чүшүрүп, шәһәр тәрәпкә йолға чиқти. Бу хәвәрни Худиярйүздики молла Шавкәтахунға һәсәт қилған Һилал Һәсәнахун аңлап, Төләнди Йүзбеги, Молла Һошурән, Әхмәт Әлиләрни башлап, нурғун хәлиқ билән султан Әлаханниң алдиға чиқти. Көрүшүштин кейин төвәндики нәсиһәтлирини қилди. «Һәй шаһим, өмрүңиз узун, дөлитиңиз зиядә болсун, шәһәргә киргәндин кейин һеч бир яман ишларни қилмаң, шәһәр дегәндә көп әһлиләр бар, уларға зиян-зәхмәт қилмиғайсиз, әскәрлириңиз бир тохуниму өлтүрмигәй, бәзи әскәрлириңизниң пәйли бузулуп, булаң-талаң қилмисун, шәриәттә қан чиқармаслиқтур, сизләргә бирси оқ чиқарсиму

аввал оқ чиқармай сәвир қилип, ишниң ахирини көргәйсиз, һеч иш йоқ, адавәт қәстни дәп өч алмиғайсиз». Әлахан султан шәһәргә кирип, ордида олтурғандин кейин, Молла Шавкәтахунни өйдин чиқмисун, хапа болуп, төридин чүшмисун дәп киши киргүзди.

## Уйғурлар билән туңганлар оттурисидики чатақ

Уйғурлар билән туңганлар Или вилайитини манжурлардин азат қилғучә инақ вә иттипақ өткәзди. Урушларда вәдисигә әмәл қилип кәлди. Уйғурларму бәзи мәсилиләрдә уларға йол қоюп кәлди. Уларға дәхли-тәруз қилмиди. Туңганларниң башлиғи Якур туңганларға султан болуп кәлди. Қачанки дүшмәнниң күчи түгәп, Или азат болди, туңганларниң ишлири башқичә вәзийәткә өзгәрди. Якур азирақ туңганларға султан болушни ойлиди. Якур түрлүк бана-сәвәпләр билән йол тутуп, җиддий һәрикәткә кәлгән еди. У орда ичидики туңганлар башлиғи Давуд хәлпигә мураҗәт қилип, униңдин ярдәм сориди. Давуд хәлпә орда ичидики барлиқ уйғур хизмәтчиләрниң орниға өз адәмлирини қоюшни өз үстигә алди. Уйғурлар билән туңганлар оттурисида аз күнгә қалмай иттипақсизлиқ болидиғанлиғидин хәвәр тапқан, йеңидин тәслим болған қалмақларниң башлиқлири Көк Шин амбал, Моку төмүр дегәнләр Тоққузтара, Нилқа, Олустай арқилиқ Торғуттин нәччә миң черик елип, уйғурлар үстигә йошурун җүрүш қилғанди. Султан Әлахан бу ишлардин хәвәр тепип, әмир Тохтиахунни чақиртип, мәслиһәт қилғандин кейин, шәһәр ғәзиничигә барлиқ ишларни тапшуруп, Олустай ғолиға берип, барғаһ қурди. Шу арилиқта қалмақлар тәрәптин соқуш қилиш хәтлири келип, уйғурларни мәнситмигән асаста тәһдид селип, уларни ғәзәпләндүрди. Андин икки тәрәп җәң башлиди. Бу җәң бир нәччә күнгә созулди. Ахири дүшмәнләр



мәғлуп болуп, арқисиға чекинип, тарашқа башлиди. Қалмақлар нурғун чиқимларни тартип, җутиға қайтишти.

Уйғурлар билән туңганлар иттипақсиз болуп турған күнләрниң биридә әмир Тохтиахун султан Әлахан билән көрүшүш үчүн кәлгәндә султан Әлахан униңға ат гөшигә зәнҗивил селип, тамақ қилдуруп меһман қилған еди. Әмир тамақтин көпәрәк йәп қоюп, өйигә барғанда ичини ағритип, тәбиити бузулуп йетип қалди. Буниңдин султан маңа зәһәр бәрдимикин дәп гуманлинип, дәрһал Әли Төрә арқилиқ акиси Әхмәтханға хәт әвәтиду. Әхмәтханғоҗа дәрһал Арөстәң, Қашлардин мәктәп йүзи көрмигән наданлардин кечиләп адәм жиғип, уларға Әлахан султан Әмир Тохтиахунға зәһәр берипту дәп барлиғини әгәштүрүп, кечиләп Тохтиахунниң қешиға йетип кәлди. Шу кечиси молла Шавкәтахунни алдуруп, улар билән мәслиһәтлишип, таң сәһәр һәммә әгәшкүчилири билән атлиниду. Шәһәр ичигә кирип, ординиң сорақханисини бузуп, қалаймиқанчилиқ чиқириду. Ордидики һәммә қашлиқлар питирап қечип кетип, султан Әлахан ялғуз қалиду. Әхмәтхан ғоҗиниң адәм өлтүрүш үчүн кәлгән җаллатлири жиғилип кәлгәндә базар башлиғи әскәрлири билән йетип келип, Әлахан билән бирликтә Әхмәтханғоҗиға қайтурма һуҗум қилиду. Бу чағда молла Салит Имам Әли тәрәп қалған хизмәтчилири билән хәлиқ қозғулуп султан Әлахан тәрәптә болуп, султан ярдәмчилири ғалип келип, молла Шавкәтахун билән Әхмәтхан ғоҗа қечип, туңганлар мечитигә кириваалиду. Буларни туңганлар һимайисигә елип, чиқирип бәрмәйду. Уларни йошурунчә Сүйдүңдики туңганлар тәрәпкә качуриветиду.

Султанлиқтин мәһрум қалған молла Шавкәтахун билән мәнсәп тәгмигән нами қалған достлириниң вәдисидин мәһрум қалған питнә-пасат чачқучи Әхмәтханғоҗа туңганлар билән дост болуп, уларниң һимайисидә сақлинидиған болди. Әмир Тохтиахунму қечип берип, Шәмшидин хәлпәм қешиға берип жиғилғанди. Хәлпәм уни Арөстәңдики бир өйгә қамап қойди. Туңганларниң султани Якур, вәзири Кинзи Таз, Майнизарлар хошал болуп, «молла Шавкәтахун билән Әхмәтханғоҗилар биз

тәрәпкә өтти, әнди бизниң ишимиз оңдин келидиған болди» дәп уйғурлар билән уруш қилиш үчүн, Сүйдүңдики туңганларға хәт әвәтти. Дәл шу чағда Үрүмчидики Давур хәлпәм дегән киши бу вақиәни билиш вә нәсиһәт қилиш үчүн, әлчи һесавида кәлгәнди.

Султан Әлахан бу ишлардин толуқ хәвәрдар болсиму, аққөңүллүк билән сулһи арқилиқ бу ишларни һәл қилиш үчүн, молла Шавкәтахунға хәт әвәтти. Хәтни молла Зуляр билән Зәйнавур ясавулға йәнә икки кишини қошуп, төрт әлчи һесавида әвәткәнди. Молла Шавкәтахун аччиқлинип, «Султан Әла шәриәтни билмәмдикән? Мән Әла билән яхши болалмаймән, мениң султанлиғимни тартип елип, мени хорлиди. Бу йәрдә биз әтиварлиқ кишиләрдин болуп, Әхмәтхан ғожини султан, мени әмир қилип көтәрмәкчи болди. Сизләр дәрру арқаңларға қайтиңлар» дәп буйриди. Молла Зуляр ейттики «һәй ахуним, әһли илимниң пәзилити шумиди, султан билән сизләрни яраштурмақчимиз, бу сизләргә һаҗибад имандур, биз сизни елип кәтмәкчи. Өз йериңиздә шарапәт тапарсиз, султан Әлахан қәсәм қилип, бизләрни алдиңизға әвәтти» деди. Ахуним болса буларниң сөзигә унимай, өз пикридә чиң туривалди. Туңганларниң молла ахунлириму бу хәвәрни аңлап ахунумға «әй ахунка, қайтқиниңиз яхшидур, ғожам мунда турсун, сиз қайтип барсиңиз яман ишларму яхши ишларға айлиниду» дейишти. Бирақ бир мунчә беғәрәз туңганлар биз уйғурлар билән уруш қилимиз, бу кәлгән әлчиләрни авал өлтүрүмиз дәп чуқан селишти. Әлчиләр бир баналар билән қечип, султан Әлаханниң қешиға келип, әһвални бир-бирләп баян қилди.

Әхмәтханғожа туңганларға баш болуп, молла Шавкәтахун билән нурғун туңган әскәрлирини башлап, султан Әлаханға уруш елан қилди. Җәңдә икки тәрәп әскәрлиридин нурғун қирилди. Шу вақитта Якур султан Ғулҗа шәһиридә еди. У меңиш алдида иш башланған һаман силәр соқуш башлаңлар дәп вәзири Кениз Тазға тапшуруп кәткәнди.



Якур болса шәһәр хәлқи билән соқуш қилди. Алдинқи җәңдә туңганлар үстүн келип, Актөпигичә уйғурларни қоғлап кәлгән еди. Шуниңдин кейин уйғур қәһриманлардин Қуваш бәг, Ислам Молла, Һошурлар ғәйрәткә келип, туңганларға қайтурма һуҗум қилип, беҗандил билән ғәйрәт қилғанлиқтин, әскәрләр уларниң рәһбәрлиргидә туңганларни арқисиға чекиндүрүп, Чилпәңзигичә апирип солап қойди вә сепил ичигә қоршап түрүп, соқуш қилип дүшмәнләрни йоқатти.

Шәһәр әскәрлири билән хәлиқ бу соқушта үстүн келип, Якурниң әскәрлирини мәғлуп қилип, Якур султанни өлтәрди.

Әхмәтханғожа билән молла Шавкәтахунни Чилпәңзигә соланған туңганлар арисидин шәһәргә алдуруп келип, Әхмәтханғожини сай бойида өлтәрди. Молла Шавкәтахунни зинданға солап қоюп, бир нәччә күндин кейин тағарға селип, дәрияға ташлап өлтәрди. Әмир Тохтиахунниң тенини җенидин җуда қилди. Қалған туңганлар Күрә шәһәргә қечип кәтти. Уйғур бовайларниң ейтишиға қариғанда, манҗур соқушидин туңган соқуши интайин қийин болған дейишиду. Якур билән шәһәр ичидики соқуш наһайити қаттиқ болуп, уйғур әскәрлириму көп чиқимдар болди. Бу соқушларға Садир Палванниму тәклип қилған еди. Садир Палван: «мән болсам қеридим, әнди соқушқа қатнашмаймән» дәп ибадәткә мәшғул болған екән. Шуниң үчүн туңганлар соқушиға қатнишалмиди.

Күрәдики туңганлар башқидин баш көтүрүп, Сүйдүң вә башқа йәрдики туңганлар билән биллә қачқан, мөккән туңганларни жиғип, мәслиһәтлишип, нәтиҗидә уйғурлар үстигә бастуруп берип, өч алмақчи болушти. Бу хәвәрни Султан Әлахан аңлап, туңган улуқлириға бир парчә мәктүп йезип әвәтти. Хетидә: «Әй мөмүнләр! Шәйтан кәйнигә кирмәңлар, бу иш һәр икки тәрәпкә қип-қизил зияндур. Өткән ишлар болса бу бир қаза, әлвәттә. У ишларға товва қилип, нийитиңлардин йениңлар, әнди қәстләшмәйли, икки тәрәптин көп кишиләр шеһит болди. Буниңға рази болушайли. Әгәр рази болмай қәстләшсәңлар мениң бурунқи әскәрлирим һазирму бар» дәп язғанди. Бу хәт туңганларниң қолиға тәккән һаман,

дәрру җавап язди. Улар хетидә: «Соқуштин башқа ишимиз йоқ, әгәр султан Әлахан соқуштин қорққан болса, ордини тамғиси билән, шәһәрни бизгә тапшуруп бәрсун. Өткән ишларға интиқам алмисақ көңлимиз тинмайду» дәпту. Султан Әлахан бу хәтниң мәзмунини аңлап, қаттиқ хапа болуп, қени йәнә бир қетим яхшилиқ қилайли, әҗәп әмәс, әминликтин ибрәт елип, яхшилиққа йүзлинип қалса дәп Мирқасимни алдуруп, туңганларға ашлиқ, гөш, май елип барғин, буларни йәп туруп соқуш қилсун яки пәйлидин янсун дәп ун, гүрүч, май,қойларни һарвуларға бастуруп, Мирқасимға бирини һәмраһ қилип туңганларға әвәтип бәрди. Туңган чоңлири:«Әнди бизгә қанчә ялвурсиму һеч нәрсә кар қилмайду», «аримизда қиличтин башқа һеч нәрсә қутулдуруп алалмайду» дәп ашлиқ апарған иккисини өлтүрмәкчи болуп кейин уларни солап қойди. Булар кечичә худаға зар-зар жиғлап чиққанлиқтин баққучи туңганниң рәһими келип қоюп бәрди. Улар қачқан пети шәһәргә берип султан Әлаханға әһвални баян қилғанди. Султан Әлахан ғәзәпкә келип барлиқ әскәр башлиқлирини жиғдуруп, мәслиһәт қилип, соқушқа тәйярлиқ қилиш үчүн қарар қилди. Қарар нәтиҗисидин кейин наһайити көп әскәрләр қобул қилип йолға чиқти. Туңганлар атлиқ-пиядә болуп, қийқас-чуқан билән рәһимсиз соқуш қилди. Гаһида уйғурлар, гаһида туңганлар чекинип, икки тәрәп әскәрлиридин һесапсиз чиқимлар болди. Ахири қаттиқ һуҗумдин кейин туңганлар Күрә шәһәргә йүзләнди. Уйғур әскәрлири Күрә шәһиригә бастуруп берип, туңганларға көп зиян татқузғандин кейин туңганлар Сүйдүңгә қарап қачти. Бәзилири Султан Әлаханға ялвуруп тәслим болди. Султан Әлахан йол-йолларға кәң қосақлиқ қилип, гунаһидин өтүп, Чоссин дегәнни башлиқ қилип, Лучур дегәнни муавин қилип бекитти. Уйғур җәңчиләр болса көплигән олҗиларни елип Ғулҗа шәһиригә қайтти.



## Султан Әлахан дәвридә болған вақиәләр

Или хәлқи манҗурларниң қаттиқ зулумидин қутулуп, өзиниң миллий дөлитини қуруп, азатлиқ – һүрлүк турмушқа муйәссәр болғанди. Лекин бу мустәқиллиқ, һүрлүк узунға бармиди. Русийә җаһангирлиги түрлүк йоллар билән йәнә Или хәлқиниң бойниға қуллуқ зәнҗирини салмақчи болди. Буниң асасий сәвәплири төвәндикичә еди:

1) Илида вуҗутқа кәлгән инқилабий һөкүмәт әскәрләр билән мустәһкәм алақә орнитип, мәркәзләшкән тәртиптә иш елип баралмиған еди.

2) Милләтләрниң иттипақлиғи, достлиғи, өз ара ишиниши йетәрсиз болған, миллий зиддийәт вә миллий низалар сақлинип қалған. Айрим милләтләр Или һөкүмитигә ишәнмигәнликтин манҗур һөкүмитигә ярдәмләшкән (манҗурлар Илидин қоғланғандин кейин Чөчәккә берип, Поя исимлиқ кишини җаңҗуң қилған вә әскәрлири биләнла шу йәрдә турғанди) .

3) Хәлиқ надан вә қараңғулуқта болуп, уларниң түрлүк сәясий ишларға қатнишиш имканийити йоқ еди. Улар өтмүш тарихидин буян мирас болуп сақлинип қалған түрлүк җаһаләт вә хурапәтлиқ адәтлири ичигә патқан болуп, уларни ойғитидиған мәлуматлиқ затлар йоқ еди.

4) Хәлиқниң ихтисадий әһвали (турмуши) наһайити зәип болуп, мунтәзим әскәр күч вә мустәһкәм истиһкам қуруш имканийити йоқ еди.

5) Әң муһими шу чағда қурулған һөкүмәт хәлиқчилиқ асасида қурулмай, бәлки айрим шәхсләрниң хаһиши билән қурулған болуп, у һакимийәт, адаләт, һәққанийәт, мәдәнийәт вә тәрәққият дегәнгә охшаш хәлиқ турмушиниң муһим нуқтилиридин жирақ еди. Хәлиқниң ихтисадий җәһәттин езилиши азаймиғанди. Айрим һоқуқ егилири вә уларниң әтрапидики гуруһлар мәркәзләшкән һөкүмәт тәртиви йолға қоюлмиғанлиқтин пайдилинип, бурунқидәкла һәр қайси җайларда өзи билгиничә умумий хәлиқ мәнпиитигә бой сундуруп иш елип барғанди.

6) Хәлиқ һакимийәт ишлириға арилишалмиди вә мәлум қануний асаста сайлаш – сайлиниш һоқуқиға егә болалмиди. Маарип ишлири тәртиплик йолға қоюлмиди. Албаң-ясақ, елиқ – селиқ ешип кәтти. Жиғилған нәрсиләр вә дөләт һәм хәлиқниң байлиғи айрим шәхсләрниң шәхсий байлиғиға айланғанди. У кәйпи – сапаға сәрип қилинди. Хәлиқ қан кечип, инқилап қилиш нәтижисидә азат болған болсиму, өзлириниң сәясий, ихтисадий, ижтимаий вә мәдәнийәт турмушида йеңилиқ көрәлмигәнликтин хәлиқ арисида наразилиқ көпәрәк күчәйди. Шу вақитларда бәгләрниң дәрдигә чидиялмай хәлиқ дат-пәрият чәккәнди. Бу вақиә вә һадисиләр бәг-һакимларниң хәлиқни қанчилик әзгәнлигини көрсүтүп берәләйду.

7) Һәр бир тәртип – интизам, истеһкам, чегара содиси дегәндәк йолға қоюлмиғанди. Мана мошу сәвәпләр түпәйлидин инқилабий һөкүмәтниң вә мустәқил дөләтниң негизлик асаси зәйиплишип, һалакәткә йүзлинишигә елип барғанди. У вақитларда Илиниң чегариси: җәнуби Муздаван, ғәрби Русийә, шәрқи Юлтуз, шимали Бөриталағичә еди. Илиниң нопуси ройхәткә елинмиғанди.

1863-жили Илида инқилап башлинип, 1864-жили Или дүшмәнләрдин тазилинип, һөкүмәт өз чолисини тапқичә бир һадисигә дуч кәлди. Әсли Или уйғурлириниң азатлиқ һәрикити башланған чағда Йәттису вилайитидики қазақлар топ – топи билән қечип өтүп, уйғурларға қошулғанди. Бу ярдәмни уйғур хәлқиму аяқсиз қойғини йоқ. Ақ падишаһниң зулумиға қарши баш көтүрүп, арқидин нурғун сәрвазлири билән Или вилайитигә қечип өткән Палтабай, Қазибәг башчилиғидики қазақ партизанлирини Султан Әлахан өз һимайисигә елип сақлиғанди. Йәттису вилайитиниң генерал-губернатори Колпаковский султан Әлахандин мәзкүр Палтабай билән Қазибәгни қайтуруп беришни тәләп қилип әлчи әвәткәнди. Лекин Әлахан султан өз һимайисигә сиғинип кәлгән қазақларни қайтуруп беришни өзигә мунасип көрмиди. Колпаковскийниң тәливини рәт қилип, җавап қайтурди.

Колпаковский тәливи рәт қилинғандин кейин, аччиқлинип алдираш урушқа тәйярлинип уйғурлар үстигә әскәр әвәтти. Униң мундақ қилиши бурун Илиға саяһәт қилип киргән рус төрилириниң вәсвиси (күшкүртиши) һәм уйғур әскәрлириниң сирлиридин вақип болғанлиғи, шундақла султандин көңли қалған уйғурларниң тәшвишлиридин болғанди. 1871-жили баһар пәслидә Добун (йәр нами) әтрапида рус әскәрлири пәйда болуп қалғанлиғини қаравуллар хәвәр қилди. Буниңға қарши Тоқуләк Шаңбеги (һазирқи Қазақстан чегариси ичидики Ғалҗат мәһәллисиниң шаңбеги) башчилиғида әскәр әвәтилди. Улар Кәтмән мәһәллисидә (һазирқи Қазақстанда) тоқунушуп қалди. Руслар чапсан атидиған топ – зәмбирәкләр ярдими билән уйғурларни сүрүп Кәтмән мәһәллисини ишғал қилди. Амма уйғурлар кечиләп һуҗум қилип, русларни чекиндүрди. Улар нурғун қурал – ярақлирини ташлап қачти. Шу кечиси укушмаслиқтин Ғулҗа шәһиридин ярдәмгә чиққан әскәрләр билән Тоқуләк қисимлири тоқунушуп, өз ара урушуп кәтти. Түн қараңғуси болғачқа ғәрип тәрәптин Тоқуләк әскәрлири, шәриқтин шәһәр әскәрлири (ичидә Әләхан султанму чиққанди) җәнубтин Қазибәг қисимлири Кәтмән мәһәллисигә һуҗум қилғанди.

Руслар қураллирини ташлап дәрәқләргә чиқивалғанкән. Таң йориғанда дәрһал қураллирини елип, әскәрлирини жиққанда қариса уйғурлар үч тәрәп болуп, бир-бирини қириватқанкән. Уйғур ақсақаллириниң ейтишиға қариғанда, уйғур әскәрлири авал Кәтмән мәһәллисигә киргәндә рус әскәрлири милтиқлирини тикләп қоюп, бехәвәр турғанкән. Уйғур әскәрлири уларниң милтиқлирини алмай, бағлақлиқ төгиләргә елинған қуралларни ғенимәт елишқа урунғанда төгиләр вақирап кетип, руслар ойғинип, андин дәрәхләргә қечип чиқивалғанкән.

Таң йориғанда руслар уйғур әскәрлирини йәнә қоғлап чиққан болсиму, ахири руслар мәғлуп болуп қачти. Уйғур әскәрлири уларни чегаридин нериға қоғливәтти.

Кәтмән урушида мәғлуп болған рус әскәрлири аз вақит өтмәйла Или дәриясиниң оң яқисини (шимал тәрипини) бойлап Ғулҗиға қарап илгириләватқанлиғини қаравуллар мәлум қилди. Буларға қарши урушқа чиққан шәһәрдики әскәрләр тәртипсиз лағайлап турған вә уруш қилмастинла русларға әсир болған. Түнүгүнла Кәтмән урушида русларни қачурған батур уйғур әскәрлири бу қетимлиқ урушта һеч қандақ қаршилиқ көрсәтмәйла русларға әсир болишида әлбәттә бир сир бар еди. Султандин рәнҗиган Беширбәг Җелил оғли вә униң әгәшкүчи шериклири ички җәһәттин зимин һазирлиғандин кейин русларни чақирип кәлгәнкән. Ундақ болмиғанда Кәтмән урушида дәккисини йегән руслар мундақ чапсан җүрүш қилип кәлмәс еди, дегүчиләрму бар. Бу гуманларни шәһәр әскәрлириниң тәсадипи һәрикәтлири испатлап турмамду. Буни Беширбәгниң җәңчилиридә көрүнгән тәсадипий әһваллар испатлимақта еди.

Беширбәг бу хизмити үчүн Русийәдин хорунчә (мәнсәплик) дәриҗә алармиш дәпму қәйт қилиниду. Мана уйғурларниң 7-8 жил қан төкүп, мал-мүлүк вә хотун, бала-чақилиридин айрилип, җенини пида қилип еришкән азатлиғи бир нәччә йүз сом мукапат бәдилигә қурбан қилинди.

Демәк, асийлиқ қилинди, нәтиҗидә султан Русийә дөлитигә тәслим болди. Уйғурлар йәнә асарәт илкигә чүшүп қалди.

## Или уйғурлири русларниң қолида

1871-жили руслар Илини өз башқурушиға алғандин кейин уни төрт уездға (районға) бөлүп, 1-район Ғулҗа шәһиридә, 2-район Арәстәндә, 3-район Сүйдүңдә, 4-район Қайнуқта турғанди. Бурунқи миңбеши, йүзбеши вә бәгләрни әмәлдин қалдуруп, униң орниға болус қазилардин бәлгүлиди. Руслар Или вилайитини ислаһ қилишта бурунқи манҗурларға қариғанда бәк ғәйрәт көрсәтти. Хусусән йол ясашқа алаһидә күч чиқарди. Демәк манҗурлар дәвридики җәбир-зулумлардин хәлиқ бир аз йеникләнди.

1871-жили Колпаковскийниң буйриғи билән султан Әлахан һәмраһлири билән Русийәгә жилиға 2000 сом тәминат билән орунлаштурулди. У Русийәдә үч жил турғандин кейин вәтинини сеғинип Русийә һөкүмитигә илтимас қилип, Ғулҗа шәһиригә қайтип кәлди вә 1874-жили вапат болди. Уни Ғулҗа шәһиридики «Терәк мазар бузуроквар»ға дәпнә қилип, гүмбәз қоюлғанди.

Руслар Илини ишғал қилған 2-жили, йәни 1873-жили Чөчәктә турған манҗур җаңҗуңи Поя Илини руслардин яндуруп елиш үчүн Аягоз қәлъәсигә барғанди. Шу вақиттики русларниң пайтәхти Петербургдин мәхсус әлчи келип, униң билән сөзләшти. Поя җаңҗуңниң имтиязи болмиғанлиқтин тәбиийки бу қетим һеч қандақ шәртнамә һазирланмиди.

Русийә әмәлдарлири: Илини манҗурларға қайтуруп беришни Или аһалисиға салайли вә шуниңға қарап иш қилайли, дәп бу әһвални уйғурларға аңлатти. Уйғурлар манҗурларниң өч елишидин қорқуп, Русийәниң һимайә қилишини өтүнди. руслар шундақ болған тәғдирдә уйғурларниң Русийәгә көчиши лазимлиғини вә уларға Йәттису вилайитидин йәр-су беридиғанлиғини билдүрди. Русийә Илини ишғал қилип, йәттә жилдин кейин, йәни 1879-жили манҗур һөкүмитиниң Жоңху исимлиқ вәкили бәзи бир шәртләргә келишәлмәй қайтип кәтти. 1880-жили, 7-айниң 30-күни манҗур һөкүмитиниң Зиң Жири дегән вәкили Петербургқа берип, 9 миллион сәр күмүч, бурун салар дәп аталған Яркәнт, Борхожадин Қорғасқичә, Кәтмән, Узунтамдин Ғалҗатқичә болған йәрләрни Русийәгә бериш шәрти билән Илини қайтуруп елиш тоғурисидики «Җуңго-Русийә, Или шәртнамиси»ни имзалиди.

1881-жили, 4-айниң 20-күни Илиниң манҗур һөкүмитигә қайтуруп берилгәнлигини генерал Шишмарев, Николай Пантусовлардин ибарәт комиссия уйғурларға елан қилди, һәмдә хәлиқни Йәттису вилайитигә көчүшкә дәвәт қилди.

## Уйғур, туңганларниң Йәттису вилайитигә көчүши

1881-жили февраль ейида түзүлгән шәртнамә бойичә Или Манжур һөкүмитигә өткүзүлүп берилидиғанлиғи һәққидә гезиткә бесилип, әлгә билдүрүлгән болсиму, амма Илини тапшуруп алғучи манжур әмәлдари вақтида йетип келәлмигәнликтин Или давамлиқ руслар қолида болуп кәлди. Или хәлқи манжурларниң қайтип келидиғанлиғини аңлап, әндишә вә қайғуға чүшүп, чоң – кичик һәммиси мәслиһәтлишип, ахири Русийәгә көчүш қарариға кәлди вә Йәттису вилайитиниң генерал-губернаториға әриз сунди. Уйғурларниң әрзисиниң мәзмуни мундақ еди:

«Йәттису облусини башқуруп турғучи улуқ жандирал (генерал)-губернатор һәзрәтлиригә, Ғулжа шәһәр-сәһралири пухралириниң сунған әризнамиси.

1881-жили октябрниң 11-күни өтүнүп әрзи қилимизки, биз, Ғулжа хәлқи султан Әлахан башлиқ чоң-кичик пухралар чин көңлимиз билән 1871-жилидин башлап улуқ Әзәм ақ падишаһ һәзрәтлиригә қарап өз оқитимизни қилип турғандуқ. Әнди шәһәрни манжур һөкүмитигә бәргүдәк, бунидин ичимизгә вәһимә чүшүп, әндишидә қалдуқ. Мүмкин болса, улуқ Әзәм ақ падишаһ һәзрәтлиригә қарап кәтсәк, қайтип манжур һөкүмитигә қарашқа разилиғимиз йоқ. Улуқ мәрһәмитиңиздин өтүнүп әризнамә сундуқ. Чоң-кичикниң иттипақи билән мөһүрлиримизни бастуқ. Бу әризнамигә болус, қазилардин 24 кишиниң мөһүри бесилди. Уларниң исимлири төвәндикичә:

Жуқарқи Өстәндин: Абабәкри болус, Рози болус, Сопи Нияз, Зикрия болус, Тохти, Муһәммәт болусбәк, Төвәндики Өстәндин: Молла Һесәйин, Мәғпирәт Исһақ, Абдуманап қази Бин Абдуразақ, Ғожа Әмри қази бин Тохти, Таһир қази, Насир қази, Имин қази, Садир қази вә башқилар».

Туңганларниң әризнамиси мундақ йезилғанди:

«Улуқ, адаләтлик вә һөрмәтлик губернаторимизға, чоң-кичик пухра туңганлардин әриз:

Кәминә бизләр аңлисақ нурғун хәлиқләр бир-бири билән сөзлишип ейтадурки, Ғулжа шәһири йәнә манжурлар һөкүмитигә яндуруп берилипту. Бунидин чоң – кичик барчә хәлқимиз, хотун-балилиримиз тола қорқадур. Шул сәвәптин улуқтин аңлап көрсәк, көңлимиз бир тәрәп болса дәп жанаплириға әризә йоллидуқ. Улуқ раст сөзини ейтип, биз пухраларниң көңлини хуш қилса керәк». Бесилған мөһүр-җәми төрт, бирсиниң исми – бин Абот, йәнә бирсиниң исми-Исһақ, қалған иккисини биләлмидуқ.

Бу икки әризнамә мәхсус әлчи арқилиқ губернаторға йәткүзүлди. Колпаковский Түркстан губернаториниң 20-июнда бәргән йол-йоруғи бойичә буларға көчүшкә рухсәт қилған хәвири кәлгәндин кейин уйғур, туңганлар бирликтә Русийәгә чиқип, йәр-су көрүп келиш вә өй – там селишқа керәклик яғач-ташларни жайлаштуруш үчүн вәкилләр сайланди. Колпаковский уларға Челәк дәрияси бойидики йәрләр билән Или дәриясиниң шималидики йәрләрни көрситип, әгәр бу йәрләр йәтмисә яки ярамсиз дәп қаралса Чу дәриясиниң әтрапидики йәрләрдин, һәтта Әвлия Атағичә йәр елишқа болидиғанлиғини билдүргән. Жут сайлап бәргән вәкилләр Или руслар қолиға өткәндин кейин Илиниң жәнубий қисмиға начальник болуп кәлгәнләр еди. Улар Иззатов дегән полковник башчилиғида 1881-жили, 3-июлда йолға чиқип. 27-июлғичә Ғалжаттин Қарабалтиғичә бекар ятқан йәрләрни көрүп, уйғурлар билән туңганлар башқа йәрләргә бармастинла қайтқан. Нәтиҗидә һәр бир болус вәкиллири көргән йәрләрни өз болуслириға төвәндикичә бөлүшүп алған.

1.Чоң Ақсу, Кичик Ақсу, Баянқазақ йәрлири вә Или дәриясиниң сол қанитидики (жәнубидики) бирмунчә йәрләр 839 түтүнгә, йәни Хонхай болусиға бөлүнгән.

2. Чарин дәриясиниң төвинигә һәр қайси болуслардин жиғип-терип 500 түтүн орунлаштурулған.

3. Челәкниң шималиға үч болус (Қаш, Қайнуқ, Борбусун) дин 2445 түтүн орунлаштурулған.

4. Челәк дәриясиниң җәнубиға төрт болус (Қаш, Арөстән, Байтоқай, Арабоз)дин 2694 түтүн орунлаштурулған.

5. Атамқулниң төвинидин (вәкилләр аввал Түргүн сүйини яқилап йәр тутқанкән, кейин немишкидур ундақ болмапту) һазирқи Қарасу болусқа 1656 түтүн (Нилқа, Тоққузтарадин чиққанлар һәм бир аз шәһәрликләр) орунлаштурулған.

6. Чу дәрияси билән Ақсу арилиғидин туңганлардин 1410 түтүн һәм шәһәр әтрапи вә шәһәр ичидики уйғурлардин болуп, 3340 түтүн орунлаштурулған, лекин туңганлардин бир мунчиси берип қариса у йәргә бөлгүләнгән уйғурлар һазирқи Яркәнт вә униң әтрапида олтурувалған, бурун вәкилләр план бойичә у йәрләрни көрүп кәлгәнди. Дәрвәқә бурунқи вақитларда Йәттисуниң йәр – зимини өлчәнмигән вә яхши – яман, сулуқ-сусиз йәрләр һесапқа елинмиғанлиғидин вә Ғалҗаттин – Қарабалтиғичә 1030 чақирим йәр атлиқ 24 күн ичидә көрүп чиқилғанлиқтин яхши – яман йәрләр убдан айрилмиған. Әл – жут көчүрүшкә тәйярлиқ қилип турғанда ичкиридин Илини тапшуруп алидиған манжур әмәлдари 1881-жили июнниң оттурлириғичә йетип келип, Илини тохтавсиз қайтурувалидиғанлиғини әл-жутқа җакарлиған. Манжурлар уйғурларни, туңганларни русларға бәрмигидәк, ундақ қилғидәк, мундақ қилғидәк... Дегән өсәк параңлар билән әндишигә қалған хәлиқни тиничландуруш үчүн бу кәлгән манжур әмәлдари Илиниң шимал вә җәнубидики һәммә йеза – кәнтләрни арилап, хәлиқни манжурлардин қорқмаслиққа, илаҗи бар өз орунлиридин қозғалмай туруп қелишқа нәсиһәт қилди. Амма хәлиқ көчүп кетиш һәққидә үзүл-кесил тиләклирини билдүргән. Көчмәнчиликтә болидиған мусапирлиқ, вәтәнгә муһәббәт, йәр –су камчилиғи қатарлиқ мәсилиләрни чүшәндүрүпму хәлиқни тохтиталмиған. Хәлиқ көчүп кетиш үчүн бу әмәлдардин икки жиллиқ мөһләт сориған. Әмәлдар хәлиқниң бир жил ичидә, йәни 1882-жилғичә көчүп чиқип болушини аңлиған болсиму, көчүш башланған вақтида әһвал қийинлишип кәткәнликтин хәлиқниң тәливидәк болуп, көчүш вақти 1883-жили 10-мартқичә созулған. Манжур әмәлдари көчмәнләрниң тизимини алғанда уйғурлардин 11 миң 365 түтүн, туңганлардин 1308 түтүн, җәмий 12 миң 673 түтүн (тәхминән 51 миң җан) болған. Буларниң ичидә 2000 өйлүк киши үчүн Өсәк билән Қорғас арисидин йәр-су берилип, қалған10673түтүн үчүн башқа йәрдин йәр-су бәрмәк болған.

## Туңганларниң көчүши

Туңганларниң көчүши 1881-жили күздә башланди. Биринчи қетимда 14 өйлүк туңган көчүп, Алмутида қишлиди. Улар билән биллә 1001 өйлүк уйғур көчүп аран дегәндә Челәккә йәрләшти. Уйғурларниң аввал чиққанлири пүтүнләй кәмбәғәлләр еди. Шу жили қиш балдур келип, улар қишни кигиз өйләрдә өткүзүп, көп қийинчилиқларға йолуққанлиқтин көчүш тохтап қалған. 1882-жили әтияздин башлап көчмәкчи болған бу көчмәнләрниң һечқандақ озуқ – түлүги вә терийдиған уруқлири болмиғанлиқтин областлиқ һөкүмәт башлиқлириниң мураҗиити билән февраль ейиниң оттурлирида генерал-губернатор тәрипидин Челәк, Түргүн вә Пишпәккә ашлиқ топлаш тапшурулған. Бу чиқимларни манжур һөкүмити алаһидә шәртнамә бойичә төләшкә келишкән. 9 миллион сом ахчидин 450 миң сомни Ғулҗа көчмәнлирини орунлаштуруш, ериқ-өстәң чепиш ишлириға сәрип қилмақчи болуп, бу пулдин 50 миң сомни көчмәнләргә озуқлуқ вә уруқлуқ ашлиқ үчүн сәрип қилғанди. Көчмәнләргә берилгән бу ахча уларға қәриз һесавида болуп, һәр жили селиқ жиққанда қошуп жиғивелинған. Шу чағда һөкүмәт тәрипидин Пишпәк уездида 3235 сом 18 тийингә 9211 пут (бир пут 16 килограмм) ашлиқ, Алмута уездида 3636 сом 60 тийингә 12.202 пут ашлиқ тәйярланған.

Көчмәнләр шу жили қиш бойичә көчүшкә һазирланған. Чегариға йеқинирақ болуслардин хәлиқләр дәрияда муз қатқан пурсәттин пайдилинип, озуқ-түлүклирини дәрияниң җәнубиға йөткүзүвалған.

1882-жили Русийә һөкүмити әтиязда Или дәриясиға 3-4 кемә салдуруп, көчмәнләрни көчүп чиқишқа маңғузған. Алмута билән Или йолиниң оттурисидики Чарин вә Челәк сулиридин өтмәк қийин болғанлиқтин мәхсус көрүкләр ясалғанди. Һөкүмәт Русийәгә алди билән туңганларни көчүрүшкә тиришқан. Сәвәви, көчүш мәсилиси чиқиш билән тәң манжур – туңганлар оттурисидики дүшмәнлик қайта баш көтүрүп чиқиш еһтимал еди. Уларни балдур көчүрүш мәхситидә областтин мәхсус киши әвәтилип, 914 һарвуда 486 өйлүк 2454 туңган көчүрүлүп чиққан. Уларға Тоқмақ уездидики (районидики) һазирқи Пишпәкниң Соқулуқ дегән йеридин йәр – су берилгән. Бу көчмән туңганларниң көпинчиси кәмбәғәл вә сода-сетиқ, һүнәр –кәсип қилидиған болғачқа, 1308 өйлүк туңгандин пәқәт 350 түтүн Тоқмақ райониға кәлгән. Улардин 200 түтүн Соқулуққа кәлгән. Қалған 150 түтүни Пишпәк шәһиригә келип, шәһәр тиҗарити билән шуғулланған. 115 түтүни шәһәрлик һөкүмәттин йәр-жайлиқ елип Алмутиға орунлашқан. 100 түтүни Челәк билән Түргүн оттурисида уйғурлар билән биллә орунлишип қалған. Шу жилниң яз күнлиридә 600 түтүн Өсәк билән Қорғас арилиғиға орунлашқан.

1884-жили күздә пүтүн Соқулуққа 318 түтүн 1565 жан көчүп кәлгәнди. Уларға бурунқи Сүйдүңдә болус болған Мадирахун дегән киши болус болуп, 1883-жили туңганлар намидин Ақ падишаниң алдиға берип «хорунжий» дегән унванни елип қайтқанди.

Туңганлардин Пишпәккә көчүп кәлгәнләрниң жәмий 208-түтүн 644 жан, Алмутиға кәлгәнлири 146 түтүн 694 жан, Яркәнт шәһиригә кәлгәнлири 33 түтүн 1347 жан болуп, Пишпәк, Алмутида туруп қалғанлар көктатчилиқ, сода – тиҗарәт вә һарвукәшлик билән шуғулланған. Қалғанлиринин бир қисми деһқанчилиқ билән шуғулланған. Жуқарқилардин башқа Алмута районидики таранчилар билән биргә олтурғанларниң умумий сани 146 түтүн 694 жан болуп, улар пәқәт деһқанчилиқ билән шуғулланған. Һазирқи вақитта булардин Қорам болусида болғанлири өз алдиға айрим «Қизил жигдә» қишлиғида яшап кәлмәктә. Лекин Қарасу болусида турғанларниң (Палтабайда 85 түтүн, Йеңишәрдә 90 түтүн) һәммиси дегидәк башқа җайларға йәрлишип кәткәнди. Умумән, Ғулҗидин көчүп чиққан туңганларниң сани 1884 - жили 1147 түтүн 4682 җанға йәткән. Бу һесапқа Қәшқәрдин көчүп чиққан туңганлар кирмәйду.

Берилгән ярдәмниң һесави: Тоқмақ уездикиләргә 8241 сом 78 тийин, Алмута уездикиләргә 668сом 10 тийин, Яркәнт уездикиләргә 500 сом, җәми үч уездикиләргә 9409сом 88 тийин берилгән.

## Уйғурларниң көчүши

1882-жили 10-мартта Русийә һөкүмити Илини Манжур һөкүмитигә рәсмий тапшуруп бәрди. Икки хиялда қалған хәлиққә бу вақиә наһайити чоң тәсир қилди. Хусусән, «Манжур һөкүмити әнди кәлмәйду» дейишкә орун қалмиғанлиғини көргән хәлиқ қайтидинла көчүшкә һазирланди.

Амма уларда озуқлуқ ашлиқ болмиғачқа һөкүмәт 1882-жили күзгичә деһқанчилиқ қилдуруп, һәр бир қишлақтин бир қанчә өйлүк адәм қалдурмақчи болғанкән. Лекин қаттиқ ғәм-қайғуға чүшкән хәлиқ бу мәслиһәткә көнмигән. Ақивәт һәр жут болуслири вә мөтивәрлири ашлиқ жиғилип болғичә хәлиқни тутуп туридиған болған вә шундақ қилип хәлиқни тохтатқан. Бирақ жут чоңлириниң һәммиси бу йәрдә қалғанлиқтин көчүп чиққанларни башқурушқа тәйинләнгәнләрниң инавәтлик, абройи болмиғачқа хәлиқ уларниң сөзигә итаәт қилмай көп аваричилиқлар болғанди.

Көчмәнләр биринчи қетим шу жили мартниң оттурлирида Хонхайдин көчүшкә башлап, Чоң Ақсу, Кичик Ақсу вә Баянқазақ йәрлиригә 26-мартқичә йетип берип, йәр һайдап, ерик-өстәңләрни түзәшкә киришкән. Өзлириниң кона жути билән йеңи көчүп чиққан Ақсуниң арилиғи 70 - 80 чақирим келидиған болғачқа шу жили қишни өз жутида өткәзгән.

Ашлиқлирини чана билән елип келивалғачқа озуқ-түлүктин қисилмиған.

Ғулҗидики Хонхай болуси 839 түтүн еди. Буниңдин 675 түтүн көчүп чиққан. Буларниң үстигә Или, Хонхай мазар болуслиридинму бир мунчә түтүн қошулуп, җәмий 1234 түтүн 5933 җан адәм болған. Шу чағда жуқарқи үч жутниң үч өстиңи (икки Ақсу, Баянқазақ сулири) шунчә көп җанни тәминләп кетәлмигәнликтин, һөкүмәт 40 миң десятина йәргә су йәткүзмәкчи болуп, 1883-жили әтиязда «Сартоқай»ниң удулидин буруңқи «әсли қалмақ» ериқниң изи билән өстәң чепип, 12 чақирим йәргә йәткүзгән вә 11 миң десятина йәрни көклитишкә су берәләйдиған ериқ өстәңни ремонт қилған.

Манҗурлар қолида алваң-ясақ вә һашарға ишләп қирчилип кәткән хәлиқ бу зәйкәш, шор таңлиқ йәрдә униңдин артуқ ишләшкә көнмигән. Шуниңдәк бу йәргә терилған ашлиқ убдан болуп қалса алваң-ясақни еғирлаштуруветәрмикин дегән хиял билән шу жили һөкүмәт тәрипидин йеңи өстәң чепилған йәрләргә пәқәт 26 десятина ашлиқ тәргән. Терилидиған уруқни қорup чачқачқа уруқ үнмигән. Бу әһвални көрүп һөкүмәтму етивар бәрмигән.

## Уйғур, туңганларниң Өсәк вә Қорғасқа көчүши

Ақсу, Чаринларға қариғанда икки һәссә артуқ уйғурлар Өсәк билән Қорғасқа орунлаштурулған. Әслидә Русийә һөкүмити уйғурлар билән манҗурлар оттурисидики дүшмәнликни нәзәрдә тутуп, бу йәргә қазақ-руслардин орунлаштурушни планлиған болсиму, бирақ 1881-жили «Илини манжур һөкүмитигә қайтурғидәк» дегән хәвәрдин әндишигә чүшкән уйғурлардин хелә нурғун киши Өсәк билән Қорғас арилиғидики бош йәрләргә деһқанчилиқ қилған вә көчүп чиқип орунлишивалған һәмдә Ғулҗидики Русийә һөкүмитиниң муражиити билән генерал-губернатор 1882-жили 12-январда 1500 өйлүк уйғур вә 500 өйлүк туңганни орунлаштурушқа рухсәт қилған. Шуниңдәк, Өсәк йенидики буруңқи Солунла шәһириниң орниға һазирқи Йәркәнт шәһири селинип, уйғур, туңганлардин сирт Русийә пухраси болған содигәрләрни көчүрүп кәлгән. Һөкүмәтниң буларни көчүрүп чиқишидики мәхсәт Яркәнт чегариға йеқин болғачқа чегара қоғдиғучи әскәрләрниң тәминатини асанлаштуруш, йәнә бир тәрәптин бу йәрни икки дөләт оттурисидики сода-сетиқ шәһири қилип қуруп чиқишни планлиған.

Бу йәргә көчүп чиққанлардин башқа өзи башқа җайға бөлүнгән болсиму, кәмбәғәллиги вә йолниң жирақлиғи сәвәвидин барар җайиға йетәлмәй қалған башқа жутлуқ уйғур, туңганларму олтурақлишип қалған.

1882-жили июнда генерал-губернатор өзи келип, көздин кәчүрүп, нәччә миң жиллар ақ ятқан ай-далани көчмәнләр ишләп ават қиливатқанлиғини көрүп, чегариға йеқин Қорғас бойидин 500 өйлүк қазақ-орусқа чөплиги билән 30 миң десятина йәр қалдуруп, қалған йәрләрни уйғур, туңганларға беришкә вә бурун кәлгән 12 миң өйлүк үстигә йәнә 1500 өйлүк адәм қобул қилишқа рухсәт қилған.

## Берилгән ярдәмләр

Биринчи қетим Ғулҗа әтрапидики жутлардин кәмбәғәлләр көчүп чиқалмай 700 өйлүк киши Ғулҗида топлишип қалғанди. Буларни көчүрүп чиқиш үчүн Өсәк билән Қорғастин 700 һарву әвәтилди. Кира һәққи үчүн Вәлибай Йолдашев 3500 сомлуқ мал ярдәм қилған. Һөкүмәт йол чиқимиға 4800 сом пул бәргән. Шәртнамә бойичә Русийә һөкүмити 1882-жили 10-марттин бурун Ғулҗини тапшуруп бәрмәкчи болсиму, лекин манҗурлар билән оттурида йәнә чатақ чиқип қалмисун дәп (чүнки бу чағда көчмәнләр арисида булаңчилар болуп, манҗурларға нурғун зиян йәткүзгәнди) 5-майғичә бошутуп бериш тоғрисида буйруқ чүшәрди.

Русийәгә февраль ейида Ғулҗидин 500 өйлүк көчүп чиқти. Аз вақит ичидә көчмәнләр көпийип кәтти. 1882-жили терилғу яхши һосул бәрмигәнликтин көчмәнләр озуқ –

түлүктин қисилип қалғанда һөкүмәт 2500 сом ярдәм бәрди. Йәни қәриз һесавида 10 миң 500 сом ярдәм қилди. 1883-жилиғичә Яркәнт уездиға көчүп чиққан көчмәнләрниң сани төвәндикичә: Өсәк, Қорғас оттурисидики уйғурлар 2479 түтүн, 9489 жан, туңганлар 333 түтүн, 1347 жан, Ақсу – Чарин болуси: 1107 түтүн, 5346 жан.

Яркәнт уездики уйғурлар 4346 түтүн, 18 миң 616 жан болған. Өсәк билән Қорғас арилиғидики яхши йәрләрниң һәммисини дегүдәк уйғур, туңганларға бәргәнликтин деһқанчилиғи убдан охшиған. Бир жил өтмәйла һөкүмәт селиқ елишқа башлиған. Буниң сиртида казак-русларға айрип қойған йәрләрниң һәммисини һөкүмәт ихтияриға қайтуруп еливалған сәвәвидин көчмәнләргә көпирәк сусиз йәрләрла қалған. Шуңа һөкүмәт өткүзүвалған 8100 десятина йәрни ижаригә елип деһқанчилиқ қилған. Яркәнт уездида йәр-сүйи йоқ деһқанлар, чарвичилар қишлақларға көчүп кәткәнди.

## Уйғурларниң Чәләккә көчүши

Ғулжа көчмәнлириниң толиси Алмута уездиға, хусусән Чәләк дәриясия қисиға (һазирқи Қорам, Чәләк, Маливай болуслири) орунлаштурулған. Чәләк дәриясиниң оң қанитиға - һазирқи Маливай болусиға) төрт болустин жиғип 1086 түтүн жайлаштурулған. Қорам болусиға жуқиридики үч болустин чиққанлардин башқа йәнә башқа болуслардин бир мунчә түтүнләр, 2288 түтүн орунлаштурулған. Маливайниң сүйи мол болғачқа һөкүмәткә һечбир қийинчилиқ кәлтүрмигән. Қорам болусида көпирәк иш қилишқа тоғра кәлгән. Чүнки бу болуста әслидә Ақсу, Қараторуқ, Уйинкә, Кейиквай охшаш тағ сулири болсиму, бу сулар еһтияжни қамдап кетәлмигәнликтин Чәләк крестьян, казаклири пайдилиниватқан «Тал ериқ» дегән өстәңни кеңәйтип «Қараторуқ» қа қарап чепишқа тоғра келәтти.

Көчмәнләр келиштин илгири һөкүмәт «Атамқул» ғичә су йәткүзүш үчүн 26 миң десятина йәрни көкәртишкә 300 миң көчмәнләр суға еһтияж болғанлиқтин, бирмунчә тәҗрибилик кишиләрниң мәслиһити билән көчмәнләрниң күчигә тайинип өстәң чепиш қарариға кәлгәнди. Бу ишқа ериқ – өстәң чаптуруп шөһрәт қазанған Илидики Таш өстәң болуси Абабәкри болусни тәйинлигәнди вә униңға бир рус техникни ярдәмчи қилди. Нәтиҗидә Абабәкри болус бурунқи рус техники көрсәткәндин икки һәссә көпирәк су чиқидиған, жилиға 40 миң десятинадин артуқ йәрни суғуридиған һазирқи Қорам болусниң жуқиридики өстәңни чаптуруп «Атамқул»ниң йениға йәткүзгән. (Бу өстәңни мутәхәссисләр тәкшүргәндә һечқандақ йәрдин әйип тапалмиған. Пәқәт өстәң ян бағридин елинғанлиғи үчүн яр елип кетиш хәвпи барлиғини ейтқан) һөкүмәт икки орундики Төмүр көрүккә 177 сом 64 тийин, кәтмән –гүҗәк қатарлиқ қурал-сайманлар үчүн 1480 сом, ишләмчиләрниң йемәк – ичмиги үчүн 865 сом 55 тийин, Абабәкри болус билән униң ярдәмчиси Некрасовқа 250 сом, җәми 2773 сом 19 тийин хираҗәт қилған. Пүтүн бир болуслуқ йәргә йәткүзүп берәләйдиған өстәңни манҗурлар қолида өстәң чепип пишқан уйғурлар пәқәт бир – икки миң сом чиқим биләнла қезип пүтәргән.

## Көчмәнләрниң Қарасу болусиға көчүши

1881-жили июнда йәр көргили чиққан Тоққузтара болуси билән шәһәр асти болуслири өзлири үчүн һазирқи Түргүн сүйини яқилап орун тутқанкән. У икки болустики бирмунчә кишиләр гуруһвазлиқ түпәйлидин Яркәнттә келип, қалғанлири көчүп барғанкән. Бирақ уларға Түргүн сүйидинла пайдилинишқа тоғра кәлгән. Һалбуки, Түргүн сүйи билән русларниң һойла – арамлири вә «Атамқул» арилиғидики казакларниң йәрлириму суғурилидиған болғачқа, навада уйғурларниму бу йәрдә олтурақлаштурса бу су задила йәтмәттикән. Шуңа һөкүмәт көчмәнләрни «Атамқул» билән «Қараторуқ» арилиғидики бош йәрләргә орунлаштурмақчи болған. Һөкүмәт көчмәнләрдин Абабәкри болус чаптурған

өстәңгә ярдәм беришни тәләп қилса, улар уяққа беришқа унимай, «Қарасу» болусиниң һазирқи орнини сориған. У жайниң йәр-сүйи йетишмәйдиғанлиқ сәвәвидин һөкүмәт рухсәт қилмиған. Бу көчмәнләр шәһәр тирикчилиги билән мәшғул болидиған кишиләр болғачқа өзлиригә азирақла йәр-су лазимлиғини ейтип, ахири һазирқи Қарасу болусиниң орниға өзлири орунлишивалған, һөкүмәт Тоқмақтикиләрни «Қара қоңғуз» дегән йәргә орунлаштурған.

«Қара қоңғуз»ға орунлаштурулған бу көчмән туңганлар Йи Йинфо дегән батурниң дайимлиқ әскәрлири болуп, һемишә уруш мәйданлирида жүргәчкә, өзлиридә артуқчә мал – варан, озуқ –түлүк йоқлиғидин һөкүмәт уларға ярдәм һесавида 23 миң 701 сом 32 тийин бәргән. Бу «Қара қоңғуз» вә «Ирдиқ» дики туңганлар 20 жил давамида, уруш жәриянлирида қан төкүп жүргәчкә әхлақи өзгәргән. Өз-ара өлтүрүш, булаң-талаң қилиш уларға адәт болуп кәткән. Шу сәвәптин башқа жайларниң туңганлири уларға арилишишни задила халимиған. Лекин бир нәччә жилдин кейин улар муһит өзгүрүп тәсир қилиш арқисида ундақ ишларни ташлиған. Бу «Қара қоңғуз» туңганлири бала – чақилирини орунлаштуруп қоюп, манжурларни булап келиш үчүн шайка тәшкилләп, Ғулжиға барған. Бу шайка көчмәнләр ичидин ярдәмчиләрни тепип көпәйгәнликтин Ғулжа әтрапидики манжур, солун, шивә, хитайларға көп зәрәр йәткүзгән. Әһвал шу дәрижигә йәткәнки, Манжур һөкүмитиниң тәливи билән Русийә һөкүмити бу шайкиларни йоқитиш үчүн чарә көрүшкә башлиған. Булардин башқа көчмәнләр арисида мошуниңға охшаш шайкилар чиқишқа башлиған. Мәсилән: Қайнуқ , Хонхайлиқлар шайка уюштуруп, шивәләрни талиған. Һөкүмәт тәкшүрүп булар Қара қоңғузлуқлар екәнлигини билип, Қара қоңғузлиқларни хели қийин-қистаққа алған вә уларни назарәт қилиш үчүн 100 атлиқ казак–орусни назарәтчиликкә қойған. Шуниңдәк, сиртқа чиққан – киргәнләрни мәхсус прописка (йол хети) билән жүргүзгән. Қара қоңғузлуқларни Яркәнт тәрәпкә маңғузмиған. Бу һәқтә Ғулжидики көчмәнләр идарисиниң башлиғи Иззатов генерал



Колпаковскийға йоллиған телеграммисиниң мәзмунини нәқил кәлтүримиз:

«Қара қоңғуз туңганлири Илиға келип булаң – талаң қиливатиду. Булардин манжурлар көп зарлиниду. Шуниңдәк, хәлиқ ичидә: Қара қоңғузлиқлар манжурларни булаш үчүн чоң шайка уюштурупту» дегән хәвәрләр бар. Қара қоңғузни назарәт қилиш керәк. Русийә тәвәлигини ихтияр қилған Илидики туңганларни тезликтә көчүрүшкә рухсәт қилғайсиз».

Бу телеграммиға бенаән Колпаковский Илидики туңганларни 20-ноябрдин қалдурмай көчүрүш, бу вақиттин қалғанларни Русийә тәвәлигидә дәп һесаплимаслиқ тоғрисида буйруқ бәргән. Буниңдин башқа йәнә бирмунчә чарилар көрүлүп, ахири русийәдин Илиға рухсәтсиз киргән туңганлар қачқун һесавида тутулуп, 300-400 чә киши Русийәгә һайдалған. Мошундақ чарә тәдбирләр арқилиқ 1883-жилниң ахириға кәлгәндә шайкилар йоқитилған. Бу Қара қоңғуз вә Тоқмақлиқ туңганларға болус болуп турған Бәйинфу Баһадир вә униң ярдәмчиси хәлиқ бәргән әризләр бойичә вәзиписидин қалдурулған (Бәйинфуниң вәзиписидин қалдурулушида бирәр сәясий сәвәп болуши еһтимал).Бәйинфу 1882-жили өлгән.

Шу чағда жүргүзүлгән сайламда елинған мәлумат бойичә Қара қоңғуз туңганлири 647 түтүн 3003 жан екән. Уларға берилгән йәр 13 миң 67 десятина, 1883-жили тәргән ашлиғи 710 пут буғдай, 125 пут шал, алған мәһсули 5925 пут буғдай, 466 пут шал.

Қарақол уездикиләрниң сани 205 түтүн, 1130 жан еди. Умумән, 1881-жилдин 1884-жилниң ахириғичә көчүрүп чиққанлар билән һесаплиғанда Илидин Йәттисуға жәмий 9752 түтүн уйғур көчүп чиқти. Улардин:

1) Яркәнткә 2479 түтүн, (5227 әр, 4262 аял) .

2) Ақсу–Чаринға 1234 түтүн, 5933 жан, (3226 әр, 2707 аял).

3) Кәтмәнгә 764 түтүн, 3787 жан (2137 әр, 1650 аял)

4) Маливайға 1442 түтүн, 7862 жан (3931 әр, 3331 аял).

5) Қарасуға 1558 түтүн, 5598 жан (2953 әр, 2645 аял)

6) Қорамға 2285 түтүн, 12204 җан, (7154 әр, 6150 аял) орунлаштурулди.

Булардин Яркәнт көчмәнлиригә Қасим, Ақсу-Чаринға Худабәрдибәг, Маливайға Насир, Қарасуға Җамалидин, Қорамға Абабәкриләр бәг болди. Шундақ қилип, қисқиғинә вақит ичидә Илидин Йәттисуға җәмий 45375 җан уйғур (буниң ичидә 24628 әр, 20745аял) көчүрүлди.

## Уйғур, туңганларни идарә қилиш

Манҗурлар хәлиқни башқурушта йүзләргә бөлүп, һәр бир йүзгә вә бир нәччә йүзниң үстигә йүзбеги, миңбеги, миңбәгләр үстигә һакимбәг тәйинләп идарә қилип кәлгәнди. Ғулҗида бир чоң өстәндин бир қанчә йеза қишлақлар су ичәтти. Шу йеза – қишлақларниң саниға қарап өз алдиға бир бәглик тәшкил қилинған. Манҗурлар уларниң тирикчилиги вә сода ишлириға арилашмиған.

Уйғурларниң султанлиғи йоқулуп, руслар қолиға өткәндин кейин 1871-жилдин 1881-жилғичә Русийәниң хәлиқни идарә қилиш системиси бойичә бәглик орниға болус сайланған. Или уйғурлири 14 болусқа бөлүнгән. Бу идарә қилишниң камчилиғи. Шуңа болуслар бир – бирсидин өстәң билән айрилғанлиғи үчүн бәзилириниң нопуси көп, бәзилириниң аз болуши, нопуси аз болусларда һакимларниң чиқимлирини көтүрүштә еғирчилиқ болған. Йәнә бир җәһәттин чоң-кичик болуслар арисида, жутлар ара абройлуқ адәмләр вә аилиләр оттурисида мәнсәппәрәстлик күчәйгән. Сәвәви: манҗурлар жут тәйинләп берәтти. Манҗур мәмурлирини парә берип сетивалған киши башқиларни хизмитидин қалдуруп өзи мәнсәпкә егә болувалатти. Шуңа бу чағларда мәнсәппәрәстлик, гуруһвазлиқ наһайити овҗ елип, (бу кесәл чар падишаһ вақтида бәк овҗ алғанди) хәлиққә наһайити көп зәрәр йәткүзгәнди.

Көчмәнләр Йәттису вилайитигә көчүп чиққандин кейин уларни бурунқи йол билән башқурушқа тоғра кәлмигәнликтин, 1200 түтүндин 2500 түтүнгичә бир болус тәшкилләп, бурунқи 14 болусни 6 болусқа қисқартқан еди.

Қорам, Маливай, Қарасу, Яркәнт, Аққәнт (кейин айрилған болус) Ақсу – Чарин, Кәтмән болус, Ғалҗат болус бурунқи петичә өз алдиға қалдурулған. Демәк җәмий 7 болус болған. Буниңдин башқа йүзлигән аилиләр Мәрвә тәрәптә, Байрамәлигә йеқин Ақтам кәнтлиригә олтурақлашқан. Чоң Ақсу сүйигә һәр бирси 300 түтүндин икки группа, Кичик Ақсуға 200 түтүн, Баянқазаққа 315 түтүн орунлашқан. 1882-жили июнда бу йәрдин 100 түтүн һазирқи Чаринға көчүрүлгән.

1882-жили язда Маливай болуси төвәндикичә үч группиға (йезиға) бөлүнгән: Маливай 304 түтүн, Байсейт 320 түтүн, Масқабай 304 түтүн болған. 1883-жили буларниң үстигә Қайнуқтин 184 түтүн, Сар булақтин 232 түтүн қошулған. 1882-жили майда Қорам болуси төвәндикичә группиларға бөлүнгән: Қорамға 300 түтүн, Лаварға 328 түтүн. 1883-жили августта Тәрәнқариға 320 түтүн, Қараторуққа 304 түтүн, Ақсуға 200 түтүн бөлүнгән. Кейинирәк Кейикбай түзүлгән болса керәк. Һазирқи Қарасу болусидиму уйғурлардин болуши еһтимал. Һәр бир йеза үчүн йәр өлчәп бәргәндә тән-саламәтликкә пайдилиқ болушни нәзәрдә тутуп, бағлиқ йәр аҗритип бәргән.

## Йәр һесави вә елиқ – селиқлар

Маливай болусиға 31 миң 857 десятина, Қорам болусиға 51 миң 192 десятина, Қарасу болусиға 19 миң 711 десятина, Ақсу, Чаринға 19 миң 332 десятина, Соқулуқ туңганлириға 8035 десятина, җәмий 193 миң 624 десятина йәр берилди.

## Қарасу болусиға орунлаштурулғанлар

1884-жилиниң ахирида йәнә Қарасу болусиға 1495 түтүн қошулуп орунлашқан. Алмутидики уйғурлар 130 түтүн болған. Лекин Қарасу болусиниң җан бешиға тоғра келидиған йәр бәк

аз болғачқа, булар көпинчә хошна казак-русларниң йәрлирини иҗаригә елип терәтти.

## 1882-жили Алмута уездиға терилгән ашлиқ

Маливай болуси 1933 пут, Қорам болуси 2091 пут, Қарасу болуси 2041 пут болуп, җәмий 6068 пут ашлиқ терилгән. Улардин алған һосули 30 миң пут болған. Бу үч болусқа орунлашқан көчмәнләрниң өзлири елип кәлгән ашлиғи 7400 пут болуп, уездлиқ һөкүмәттин берилгән ашлиқ 10 миң 603 пут болған. Бу үч болуста 37 миңдин артуқ җан болуп, алған һосули йетишмәй, һәттә ачарчилиқ болуп, кокат йегүчиләрму болған. Губернатор өзи чиқип тәкшүрүп, бурун бәргән 9000 соминиң сиртида йәнә 50 миң сом аҗритип, 30 миң сомни үч болусқа бөлүп бәргән.

1882-жили Алмута уездиға тәргән ашлиқтин 81022 пут ашлиқ елинған. Кейиничә жилдин –жилға мол һосул елип, өзлиридин ешинип, Яркәнткичә апирип сатқан.

Көчмәнләрни орунлаштурушта ериқ – өстәңни асас қилип, 200 өйлүктин кам болмаслиқ вә деһқанчилиққа қолайлиқ болуш асасида орунлаштурулған.

Изаһат: 1885-жили йәрләр көчмәнләргә алаһидә бөлүп берилгән. Алмута, Пишпәк шәһәрлиридики туңганлар шәһәр-йәрләрни иҗарә төләп пайдиланғанлиқтин бу һесапқа киргүзүлмиди. Қалған йәрдики туңганларниң йәрлири жуқуридин умумий санниң ичидә, лекин шәһәргә олтурақлашқан туңганлар кейинки вақитларда йәр –судин қисилғачқа йәр-су тәләп қилған.

## Уйғур, туңганларға селинған селиқ

Һәммә йәрдә охшаш 1886-жилдин башлап түтүн бешиға 5 сомдин селиқ селип, 10 жил давам қилған. Мошу тәртиптә бир нәччә жил өткүзүп, андин жилдин – жилға көпәйткән. Бурунқи



манҗурлар заманида 32 хо (икки тонна 48 килограмм) селиқ төләп қийналған деһқанларға бу селиқ анчә еғир билинмигән. Лекин Йәттисуға христиан деһқанлири көп келип, деһқанчиликни кәңәйткәнликтин мәһсулат баһаси әрзәнләп, кәмбәғәл вә оқәтсиз деһқанлар үчүн селиқ еғир келип, йәр–сулиридин айрилған. Намратлар сепи күн санап көпәйгән. Чоң бай христианлар үчүн әрзән әмгәк күчи ашқан.

## Илида қалған уйғурлар

Илида қалған уйғурлар манҗурларниң башқурушиға өткәндин кейин бурунқи қаттиқ алваң – селиқлардин қутулди. Амма кона қаидә бойичә һосул (дәп) төләйдиған болди. Пүтүн Или бойичә көчмәй қалған уйғурлар 1700 түтүн һесавида еди. Йәттисуға көчүп кәткән бәзибир уйғурлар кона жути Илини сеғинип (кәлгән йеридә җан беқиш тәс болуп, оқәт қилалмай) 5-10 жил ичидә 4000 түтүн Илиға қайтип кәлди. Улар өзлириниң бурунқи җайлириға орнашқанди.

Хитайниң ички өлкисидики Вучаң дегән йәрдә Суң жуң Шән әпәндиниң қозғиған инқилавиниң нәтиҗисидә Хитайда нәччә әсирләрдин бери һөкүм сүрүп кәлгән мустәбит манҗур сулалиси ағдурулуп, җумһурийәт қурулди. 1911-жили декабрда шу инқилапниң түрткиси билән Или инқилави йүз бәрүшти. Әслидә инқилаптин кейин һөкүмәт орунлири хәлиқ көрсәткән кишиләрниң қолида болуши керәк еди. Бирақ әмәлийәт ундақ болмиди. Яң Зиң Шиң Җуңхуа мингу байриғини көтүрүвалған болсиму, әмәлийәттә өзи билгиничә бузуқ сәясәтни жүргүзүп, хәлиқни җаһаләт вә қараңғулуқ астида 17 жил бесип кәлди. Хәлиқ бунинңға көз салмай туралмиди. Яң Зиң Шиңни өлтүрди Фән Винлән буниң билән күткән шәртини ада қилған болсиму, амма асасий мәхситигә йетәлмәй қалди. Җиң Шорин вақтини ғенимәт билип, Фән Винләнни өлтүрүп, һакимийәтни қолға еливалди. Җиң Шорин һөкүмити өзиниң милләтчилик, шәхсийәтчиллик сәяситигә асаслинип, хәлиқни йәнә асарәт

зәнҗири билән бағлавалди. Униң сәясити барғансери вәһшилишип, хәлиқниң қәһри-ғәзиви күндин-күнгә ашқанлиқтин ахири 1933-жили январда Ғожинияз һажи башчилиғида хәлиқ қозғилиңи партлиди. Шу жили Гәнсудин Мажуңийн чиқип бирләшкәнликтин уруш овжиғә чиқти. Бунидин қорқуп кәткән Жиң Шорин Пичан, Турпан аһалисидин урушқа қатнашқанлар билән бала-чақилирини қошуп 20 миңдин ошуқ уйғурни қирип ташлиди. Бу вәһшиликни көргән ғазатчилар ғәзәпкә келип, феврал ейида қаттиқ һуҗум қилғанда Жиң Шорин һәтта қошумчә әскәр толуқлаш үчүн әскәр болидиған хитай яшлирини тапалмай қалғанди. Ахири қумуллуқлар битим түзүшкә киришкән болсиму, Жиң Шорин сөзидә турмай, инқилап йәнә давамлашти. Жиң Шорин қошунидики әскәрләр Турпандин чекингәндә уйғурларниң пүтүн мал-мүлкини булап көйдүривәтти. Улар Мәһсут Муһитниң бешини кесип, Турпан базириға есип қойди. Бу булаң-талаңни яндуруш үчүн һәтта миңлап рус әскәрлириму қатнашти.

Шу айда залим Жиң Шорин пүтүн әскәрлирини Үрүмчи әтрапиға чекиндүрүшкә мәҗбур болди. Чүнки 20 жилдин бери тутуп кәлгән әскәрлири қумуллуқларниң йәттә-сәккиз йүз әскиригә тәң келәлмигәнди.



## Дадам Иминжан Баһавудунниң шанлиқ һаяти вә издинишлири

Или пәнний мәктәп маарипиниң асасчилиридин бири, истидатлиқ тарихчи, уйғур хәлиқ еғиз әдәбият (фольклор) мираслирини топлиғучи, хәлиқпәрвәр, зиялий, мәрһум дадам Иминжан Баһавудун оғли тилға елинса Илидики һәр милләт хәлқи чәксиз сеғиниш һиссиятиға чөмиду. Қайси бир улуқ зат: «Кишиниң қәдир-қиммити униң еришкәнлири билән әмәс, бәлки, башқиларға немиләрни берәлигәнлиги билән өлчиниду» дегән екән. Дадам гәрчә бу дунияда 51 жил яшиған болсиму, чәклик өмрини өз хәлқиниң бәхит-саадити, мәдәний-маарипи вә мәнивий җәһәттин қәд көтүрүшигә беғишлап, Или туприғида нурлуқ изларни қалдурди. У өзиниң жүригини мәшъәл, әқил идригини чирақ қилип, қараңғу дилларға йоруқлуқ ата қилди. Оттура әсир қалақлиғи, мутәәссип идея, диний хурапәтлик, әксийәтчил хаһишлар һөкүмран орунда туриватқан зулмәтлик җилларда адаләт, һәққанийәт байриғини көтүрүп чиқип, барлиқ маддий вә мәнивий асарәтләр үстидин батуранә күрәш қилип, мәрипәтсөйәр Или хәлқи қәлбидә жиқилмас абидисини тиклиди.

Дадам Иминжан Баһавудун 1897-жили Ғулжа шәһириниң Судәрваза мәһәллисидә туғулған. Оқуш йешиға йәткәндә, йәни 1903-жилдин 1908-жилғичә Ғулжа шәһиридики «Таалийә» мәктивидә өз заманисиниң оқумушлуқ өлимаси Абдумутаәли хәлпәм (хәлпәм Һәзрәт) дегән кишиниң қолида, андин «Ханиқа мәктәп»тә, 1912-жилиғичә Ғулжа шәһиридики «Нагирчи мәктәп» тә оқиған.

Шинхәй инқилави ғәлибә қазинип бир жилдин кейин, йәни 1912-жили 1-айниң 8-күни Или Чоң Дуду мәһкимиси қурулғанда, Или уйғурлири һәзрити мәвланә Йүсүп

Сәккакийниң 1881-жилидики «көч-көч» тә ташлинип қалған Чапчал - Хонхайдики мәкбәрисини әслигә кәлтүрүш, шәйх бекитип, уни қоғдашни тәләп қилиду.

1868-1881-жиллардики «қач-қач» вә «көч-көч» сәвәвидин бу йәрдә әзәлдин яшап келиватқан уйғурлар яқа жутларға көчүп кетип, Хонхай мазари хараплишип кәткән еди. Улар көчүп барғандин кейин, шу йәрлик уйғурларниң ярдими билән олтурақлишип кәткән болсиму, бир қисимлири йәнә түрлүк сәвәпләр түпәйлидин йәрлишәлмәй Қорғас арқилиқ Ғулжиға, бир қисимлири болса Или дәриясиниң җәнубидики ана маканлириға, йәни Долата, Дөң мәһәллә, Сәккиз өй, Хонхай, Чоң Буғра, Кичик Буғраларға қайтип кәлгән. Бирақ, уларда йәр вә су һоқуқи болмиғачқа, һаят йолини тапалмай туралмиған, бир қисми Чоң Буғра, Кичик Буғра, Софум булақлардики тәбиий булақ сулириға тайинип, деһқанчилиқ қилип кәлгән еди.

1910-жиллири Илиниң қазиси Мәнсур Әләм Қази Ахунум –Яркәнттики Веливай Йолдашев билән Йүсүп Сәккакий мазири-Хонхай мазирини хараплишип кетиштин сақлап қелиш, Қәшқәр, Или, Йәттису тәрәплардин зиярәт қилип кәлгүчиләрниң туралғу, турмуш мәсилилирини һәл қилиш үстидә мәслиһәтлишип Хонхай мазар «алтунлуқ»ни ремонт қилип, адәм көчүрүп келип, шәйх орунлаштурушни бекитиду. Лекин әйни вақиттики Чизрҗой башчилиғидики һәрбий һөкүмәт Хонхай мазариға көчүп чиққучиларниң аилисини елип чиқишиға рухсәт қилмайду, чүнки улар чиқса өстәң сүйини вә йәрни тәләп қилишидин қорқиду. Көп тиркишишләр нәтиҗисидә, хәлиқниң тәливи Или Дуду мәһкимиси тәрипидин мақул көрүлүп, мазарға көчүп чиққучиларниң «су еқитмаслиқ, йәр теримаслиқ» шәрти билән мазарға аилиси билән көчүп чиқип турушиға рухсәт қилиниду. 1912-жили Мәнсур Әләм Қази Ахунум, Доган башлиқ йәттә нәпәр устини өзи беваситә мазарға елип чиқип, Алтунлуқни ремонт қилдуруп, Илидин



сәккиз өйлүк, Яркәнт тәвәсидин сәккиз аилилиқ кишини көчүрүшни орунлаштурди. 1912-жили 6-айда Ғулҗа шәһиридин : Баһавудун Муһидин, Әйтқул һаҗим; Арәстәндин: Ислам Бақи; Җағистайдин: Нурахун, Мәнсур, Һидайәт, Анайәт қатарлиқ кишиләр; Яркәнттин: Беширахун, Абдуреһимахун; Ғалҗаттин: Ғиясидин, Ләсахун, Бәраахун, Һамутахун, Мутәллип Моллилар; Йәттисудин: Таһир Төмүрчиләр мазарға көчүп чиқип, өй селип, мазар йезисини аватлаштурған чағда дадам Иминҗан Баһавудун, бовам Баһавудун Муһидин билән биргә көчүп чиқиду. Хонхай мазар шу мәзгилдә Җуңго-Русийә сода еғизи болуп, Илидин Йәттисуға, Йәттисудин Илиға өтүп сода қилидиған карван һарвулириниң айиғи үзүлмәйдиған җай екән.

Дадам Иминҗан Баһавудун көчүп барғандин кейин, рустин аял алған Җу Җаңгойди (Русийәгә арқилиқ Шинҗаңға өткән шәрқий– шималлиқ киши) дегән бай хәнзу содигәрниң аилисидә төрт жил ишләйду. У, бу җәриянда тил үгүнүш вә билим елиш истигиниң күчидә бу аилиниң ат бақарлиғини қилиш, дукинида мал сатқучи болуш, сода-сетиқ ишлириға ярдәмлишиш қатарлиқ шәртлиригә мақул болуп, бир тәрәптин түрлүк аилә ишлирини қилса, йәнә бир тәрәптин Җу Җаңгойдидин хәнзучә, аяли Наташидин русчә үгиниду, байниң аилә оқутқучисиниң ярдимини қолға кәлтүрүп, һәр икки тилни мустәһкәмләш имканийитигә егә болиду. 1916-жили у Җу Җаңгойдиниң: «Балам, сән аилимиздә төрт жил туруш җәриянида маңа қол қанат болуп, көп әсқаттиң. Мән саңа өз баламдәк муамилә қилип кәлдим, икки жил ат баққузған болсам, йәнә икки жил дуканда мал сатқузуп вә бәш наһийә тәвәсидин сатқан маллиримниң нәк, неси пуллирини жиғдуруп, сени тиҗарәткә пишурдум, хәнзу, рус икки милләт тилиниму яхши егиливалдиң... Мениң әнди сәндәк тиҗарәткә пишқан, қабил ярдәмчини тапалишим мүмкин әмәс. Тапқан дунияримниң тәң йеримини алсаңму-ал..., мәндин айрилмиғин!» дегән өтүнүшлиригә: «Яқ, миллитимниң

балилири илимсиз келиватиду, мән билимим бар туруп уларға үгәтмисәм, у һалда мениң егилигән билимлирим керәксиз «таш»қа, мән болсам еғир «таш» артип жүргән «хечир»ға охшап қалмамдимән...?!» дәйду. Униң бу гәплирини аңлиған Жу Жаңгойди аяли Наташиға: «Қара! Хотун, оғул бала дегән мана мошундақ жигәрлик болмамду. Уйғурларниң «әқил яшта әмәс, башта» дегән сөзи мана мошудә!» дәйду вә арқидинла: «Балам, сәндә шундақ арман болса, мән немиму дейәләймән. Бопту, кетишиңгә мән рази...!» дәп униңға мақул болиду.

Дадам яш чеғидин башлап бир тәрәптин өзиниң тижарәттики маһирлиғиға тайинип сода-сетиқ ишлири билән мәшғул болуп, тиришип егилик тиклисә, йәнә бир тәрәптин иждиһат билән берилип китап оқуп илим тәһсил қилиду. У өзиниң мол билими вә иқтидари билән хәлиқниң һөрмитигә сазавәр болуп, заманисиниң абройлуқ билим әһлилириниң биригә айлиниду. 1916-жили у җәмийәттики илғар пикирлик кишиләрниң қоллиши вә яр-йөләктә болушини қолға кәлтүрүп, өз хиражити билән Хонхай мазарға тунҗи «ақартиш мәктиви» ни ечип, шәхсән өзи оқутқучилиқ қилиду.

1918-жилниң алди-кәйнидә Русийә билән Шинҗаң һөкүмити оттурисидики мунасивәт бузулуп, икки тәрәпниң сода алақиси үзүлүп келишқа йүзлиниду. Базар касатлишип, хәлиқниң кирими азлап кетиду. 1920-жилға кәлгәндә Яң Зиңшиң Или дутийигә хәт йезип: «Совет һөкүмити билән Шинҗаң чегирасидики районлар оттурисида чегара содисини җанландуруш вақитлиқ тохтам түзүш, тохтам бойичә содини аввал Или районидин башлаш...» һәққидә йол-йоруқ чүшүриду. Илгири чегара содисида чәт әл содигәрлири паалийәтчан орунда туруп кәлгән болуп, йәрлик содигәрләр уларниң мал әкелип сетишини күтидиған пассив әһвал сақлиниватти. Йол-йоруқ чүшкәнлигини аңлиған Чапчал, Тоққузтара, Текәс байлири: «Биз қачанғичә чәт әл содигәрлиридин мал алимиз? Униңдин көрә өз мелимизни Веливай һаҗиниң рус йеридики



«Қар-қара» базири (үч айлиқ хәлиқаралиқ сода базар) ға апирип, товарға алмаштуруп кәлмәймизму?» дәп ғулғула қилишиду. Арқидин 12 миң туяқ қой жиғип, Абузәр хәлпәмниң кейин атиси Абдуреһим һаҗини карванбеши қилип, қой чиқарған 32 нәпәр бай содигәргә вакаләтән «Қар-қара» базириға йолға салиду. Улар Веливай һаҗиниң һозурида алаһидә иззәт-икрам билән қарши елинип, қизғин күтүвелиниду. Шу вәҗидин Веливай һаҗиға өзлириниң маллирини нәқләштүрүп қайтиш муддиасини ейтишқа йүз келәлмәй мални несиға бериветип «ақ қәғәз» елип қуруқ қол қайтип келиду. Бу иштин хәвәр тапқан жут чоңлири Қайнуққа жиғилип: «Бу пулни ким нәқләштүрүп елип келиду?» дегән мәсилә үстидә бәс – муназирә қилиду. Мазарлиқ каттилар: «Чәткә чиқип келидиған адәм чоқум чәтниң тилини билмисә болмайду..., мазардики Баһавудун шәйхниң оғли Иминҗан чәт тилини яхши билиду, шуни әвәтсәк қандақ?» дейишиду. Шундақ қилип, көпчилик дадамниң беришиға қошулиду. Бу дәл дадамниң Октябр инқилавидин кейин қурулған яш Совет елини айлинип, бу зиминдики хәлиқләрниң һаятида йүз бәргән аләмшумул өзгүрүшләрни өз көзидә көрүп келиш арзусида йениватқан чағлири вә Хонхай мазарға мәктәп ечишқа керәклик оқутуш материаллирини елип келиш арзусиниңму улғийиватқан вақтиға тоғра кәлгәнликтин, дадам бу мүшкүл сәпәргә атлиниш қарариға келиду. У Орта Асия республикилириға қәдәм басқандин кейин аввал неси қалған малларниң деригини алиду. Андин Түркмәнстанға берип, мални тоқумичилиқ фабрикисиниң товарлириға айривашлайду. Болупму, Совет елидә барлиққа кәлгән йеңилиқларни көрүп таң қалиду. Әмгәкчи хәлиқниң сәясий, ихтисадий орнидики өзгиришләр, яшлардики кәлгүсигә болған үмүтлик интилишлар вә улар билән Чапчал оттурисидики рошән селиштурма дадам Иминҗан Баһавудунни чоңқур ойға салиду. У шу қетимқи сәпириниң бир нәччә парчә китап елип қайтиш биләнла нәтиҗилинишни толиму әһмийәтсиз һесаплап, товар вә сетивалған китаплирини сәпәрдашлиридин жутиға йолливетип,

өзи болса Татарстанниң Қазан шәһиригә йол алиду. Татар хәлқиниң әйни вақиттики тонулған мәрипәтчиси Идрис Апанаюпни (сабиқ чар Русийәгә -офицери) устаз тутуп, йеңичә илим-пән билимлири билән тонушиду. У бу йәрдә турған вақтида бир тәрәптин Совет елиниң социалистик маарипи, оқуш, оқутуш программилири билән пишшиқ тонушса, йәнә бир тәрәптин пурсәтни чиң тутуп тил үгиниду. Түрк, парси, рус тиллирини пухта егиләш имканийитигә еришиду. Униң тил үгиништики пәвқуладдә таланти устази Идрис Апанаюпни һәйран қалдуриду. Болупму, униң китап хумарлиғи вә тарих тәтқиқатиға болған һерисмәнлиги устазини толиму сөйүндүриду. Дадам Идрис Апанаюпниң китаплири ичидин рус тарихчилириниң Орта Асия тарихиға даир китаплирини оқуп чиқиду. Чар Русийәси Илини бесивалған жилларда (1871-1881-жиллар) рус генерал-губернаториниң Ғулжа ишлири башлиғи болған шәрқшунас Н.Н. Пантусовниң Или уйғурлири арисидин жиққан материаллириға асаслинип язған китаплирини, Молла Билалниң «Ғазат дәр мүлки чин» әсирини вә Нәзәр ғожа Абдусәмәтовниң (Уйғур оғли) «Таранчи тарихи» қатарлиқ әсәрлирини оқуп чиққандин кейин униңда Хонхай мазарда чоқум мунтәзим пәнний мәктәп ечиш билән биргә Или тарихиға аит бир әсәр йезиш иштияқи күчийиду. Сәпәр жәриянида у йәнә Йәттису вилайитидә уйғур йезилирини арилап, хәлиқ еғиз әдәбияти мираслирини топлайду. Или тарихиға мунасивәтлик қиммәтлик хатириләрни йезип қалдуриду. Шуниң билән биллә өзидә йеңичә мустәһкәм дуния қараш турғузуп, Хонхайда пәнний мәктәп маарипини йилтиз тартқузуш, кеңәйтиш, улуғвар арзусини жүригигә теңип, устази Идрис Апанаюпни елип, Хонхайға қайтиду.

У Хонхай мазарға қайтип кәлгәндин кейин, 1924-жили тунжи қетим пәнний мәктәп ачти. Униң пәнний мәктәп ечиши асанға тохтимиди. Биринчидин, шу чағдики әксийәтчи Ян Зиңшиң һакимийити аз санлиқ милләт яшлириниң пәнний билим егилишини өз һакимийити үчүн йошурун һәрикәт



һесаплап, бу ишқа мутләқ қизиқматти. Иккинчидин, хәлиқ ичидики мутәәссип күчләрниң қаршилиғи еғир еди. У әйни вақиттики әксийәтчи һакимийәтниң соғақ муамилисигә учрапла қалмай, йәнә, конилиқ тәрәпдарлириниң «жәдит» дәп қарши туришиға учрайду. Улар: «пәнний мәктәп динни йоқитиду, Иминжан Баһавудун сиртқа чиқип оқуп келип балилиримизни дәһри қилидиған болди» дәп чуқан көтүрүшти вә әксийәтчи һакимийәт органлири билән хупиянә еғиз-бурун ялишип, һәр хил төһмәт ойдуруп Идрис Апанаюпни кәлгән йеригә қоғливәтти. Лекин дадам өз тәшәббусидә чиң турди. Дәсләп өз күчигә тайинип икки еғиз синип селип пәнний дәрс өтүшни йолға қойди, бир тәрәптин хәлиқ ичидә, яшлар ичидә зерикмәй тәшвиқий-тәрбийә елип барди. Совет Иттипақида көргәнлирини тәшвиқ қилди. Уларға илим-пән үгиниш, хәлиқни ақартишни өзлириниң жанижан мәнпиити билән болған мунасивитини чүшәндүрди. Униң шу чағда жут мөтивәрлири билән өткәзгән бир қетимлиқ сөһбәт жиғинида мундақ дегән: «Мән мәктәп ачимән, пәнний мәктәп ачимән, Татарстанниң Қазан шәһири ислам дининиң қайнап турған булиғи екән, шу йәрдиму алий мәктәпләр ечилип, яш әвлатлар илим-пән үгинидекән, улар илим-пәнниң хасийити билән асманда аэроплан учуруп, суда пароходни белиқтәк үздүрүпту. Биз қачанғичә асманда «арпаң» (аэроплан), суда «парпаң» (пароход) бар дәп жүримиз» дегән сөзлирини кейинки вақитларда өз заманиси шаһидлириниң ривайәтлиридин аңлиғандим. Демәк, буниңдин дадам Иминжан Баһавудунниң бу йолда қанчилик тәр төкүп, жапалиқ күрәш қилғанлиғини чүшинивалалаймиз. Һәқиқәт ахири ғәлибә қилди. Пәнний мәктәпни қоллиғучилар, балиларни пәнний мәктәпкә әкелип бәргүчиләр көпәйди. 1925-жилдин башлап Хонхайда башланғуч мәктәп маарипиниң асаси мустәһкәмләнди. 1933-жилға кәлгәндә дадам Иминжан Баһавудун Тоққузтара һакими Нәзәрханғожиниң мақуллиғини елип (Чапчал шу чағда Тоққузтара наһийәсигә қаратти), Или вилайәтлик маарип уюшмисиниң башлиғи Әмәтханниң тәстиғидин өткүзүп, йәнә

сәккиз еғизлиқ синип, 500 кишилик бир клуб селип Хонхайда йәниму илгирилəп тунҗи толуқсиз орта мәктәп ачти вә униңға «мәдәний ақартиш толуқсиз оттура мәктиви» дәп нам бәрди. У оқуш башлаш мурасимида Үчсумуллуқ шивә содигәр Чөләп дегән байниң чәттин киргүзүлгән үнсиз кино-аппаритини арийәт елип мурасим әһлигә үнсиз кино қоюп бәрди. Бу бир қетимлиқ илим-пән тәшвиқати болуп қалди. Хәлиқниң пәнний маарип қизғинлиғи мислисиз жуқири көтүрүлди.

Жут чоңлириниң ейтишичә, мәктәп вә клуб қурулушини пүткүзүш үчүн дадам Иминҗан Баһавудун көп әҗир сиңдүриду. Хонхай мазар хәлқи «жутимизға орта мәктәп вә көңүл ечиш клуби қурулидиған болди» дәп хошал болушқан күнләрниң биридә, «жутимизға һөкүмәттин наһайити көп баж селиқ чүшүпту, әгәр уни вақтида толуқ тапшурмиса шу кишини ямулға ташлиғудәк...», дегәндәк сөзләр тарқилип, хәлиқ вәһимә ичидә қапту. Әсли ишниң беши мундақ болған екән, Җин Шорин 1928-жилдики «7-июль» сәясий өзгүрүшини қозғап һакимийәт бешиға чиққандин кейин, хәлиқниң бешидики алваң-ясақ, баж-селиқлар һәссиләп ашиду. У хәлиқниң қан тәри бәдилигә кәлгән байлиқларни түрлүк рәзил васитиләр билән жүливелип, өз чөнтигини тошқузушқа уруниду. Баж селиғини толуқ жиғивелиш үчүн хәлиқниң баж жиғиш һоқуқини аз сандики мәртибә егилиригә, байларға вакаләтән жиғип бериш шәрти билән сетип бериветиду. Бу һоқуқни чаңгилиға еливалған бир қисим қизил көз байлар хәлиқ аммисидин елинидиған баж-селиқни йәниму үстиләп жиғип, һарам пайдиға еришиш койиға чүшиду. Нәтиҗидә, хәлиқниң селиғи ешип, илгирики йүз баш қойниң бажиға үч қой, яки икки баш кала тапшуруш, бирақла он қой яки ярамлиқ бир ат тапшурушқа өстүрүлиду. Хәлиқ «чарва мал санақчилири кәпту!» десә жанни елип қойидиған йәр тапалмайдиған һаләткә келип қалиду.



Ғулҗа шәһиридә 40 жилдин артуқ баж хадими болуп, ишләп дәм елишқа чиққан 96 яшлиқ Йолдашбай ака (Маһинур Қасимниң акиси Рустәм акиниң кейин атиси болиду) әйни вақиттики ишларни әсләп келип: «1930-жил Чапчалниң җанлиқ мал бажини Ғулҗа шәһәрлик бажханиниң башлиғи сетип алғанлиқтин мән Хонхай мазарниң җанлиқ мелиниң чөп учи бажини жиғишқа әвәтилдим. Бу йәргә бөлүнгән ат, кала, қойниң баж сани кишини чөчитәтти, буни жиғип болғичә хәлиққә зулум селиниш ениқ еди. Мән Мазарға чиқип, Хоҗайин Шаңйо, Һесәйин Шаңйо, Әнсәрдин Сунҗаңлар билән көрүштүм, улар он нәччә кишини чақиритип кәлди. Биз мәслиһәтлишиш арқилиқ бажни аввал авамдин, андин байлардин алидиған болдуқ. Атлиқ бәш чапармәнни йеза қишлақларға чаптуруп, 600дин ошуқ кишини жиғдуқ, уларға Ғулҗа бажханисиниң шу жиллиқ чөп учи бажи елиш буйруғини уқтурдуқ. Биз, бу жил чөп баж үчүн бир атқа бир пут буғдай, бир калиға йерим пут буғдай елиниду. Бир ешәккә бир шиң буғдай, өчкә билән қойға охшашла йерим шиңдин буғдай яки пул елиниду. Кимдә ким бу селиққа қаршилиқ қилидекән өзини дотәй ямулида көриду, дегәнләрни уқтуруватқанда туюқсиз мәктәп тәрәптин бир киши келип, биз билән саламлашқандин кейин Хоҗайин Шаңйоға:

- Хоҗайинка, бу немә иш, әнди?!-деди. Мән алдирап:

- Жуқиридин баж селиқ чүшкән екән авамға уқтуриватимиз, – дедим. У:

- Өзәңни дотәй ямулида көрисән дәпму уқтирамсиләр! Бу авамға тәһдит салғанлиқ әмәсму! Хәлиқ намрат турса немисини төләйду, - деди вә көпчиликкә қарап:

- Сизләр қайтип, хатирҗәм өз ишиңларни қиливериңлар. Сизләргә баж кәлмәйду. Әгәр баж кәлсә мән төләймән! –дәп кәлгәнләрни тарқитивәтти. У йәнә зәрдә билән мунуларни деди:

- Хожайинка, сизләр авамниң әһвалиға қаримай ким гәп қилса шуни рас дәп, ким дап чалса шуни саз дәп уссул ойнаверидиған болдиңлар. Қалған гәп-сөзни ахшамлиққа жут чоңлири жиғилған сорунда дейишәрмиз. Уларға җавабини өзәм беримән. Сизләр йезиға қарашлиқ қишлақлардики байларни жиғиңлар! – дегәндин кейин, мени өйигә тәклип қилип қоюп, җудуни өрлигән һалда кетип қалди. Мән жуқириниң буйруғини қап жүрәклик билән бузған бу йочун адәмгә һәйран қалған һалда йенимдикиләрдин:

- Бу адәм ким болиду? – дәп соридим. Улар:

- Иминҗан Баһавудун дегән хәлпәм мошу киши, – деди.

Шу күни ахшими жут байлири җәм болғанда Иминҗан Баһавудун мени има қилип туруп көпчиликкә:

-Хош көпчилик, жутимизға баж жиғиш үчүн Ғулҗа шәһиридин Йолдашбай чиқипту. Бу кишиниң ишини қандақ пүтүрүп йолға салимиз, – деди. Көпчилик бу ишни хели узақ ғулғула қилишти. Лекин, ениқ бир қарарға келәлмиди. Арида Иминҗан Баһавудунни сөккәнләрму, униңға қарши чиққанларму болди. Ахири һәммәйлән йәнила униң ағзиға қарашти;

-Хуласә калам,- деди, Иминҗан Баһавудун кәскин һалда, - мәнчә җанлиқ малниң чөп учиниң бажини чарвидарлар төләйду. Чүнки олтурғанлиримизниң алдимизниң нәччә миңлап, арқимизниң нәччә йүзләп төгә, ат, кала, қойлиримиз бар. Бажниң көп қисмини йәнила биз төләшкә һәқлиқ. Шундақ туруқлуқ нәдиму икки төрт тал чолақ мели бар авамға баж төләткүзидиған иш болсун! Авам баж төлимигәндәк қилғини билән мәктәп вә клуб қурулушиға аз күч чиқармайватиду. Биз пул чиқарған билән қол селип ишлигинимиз йоқ. Ишниң еғирини йәнила шулар қилиду, әмәсму?- деди вә янчуғидин бир тизимликни чиқирип, - мән узақ ойлинип баж төлигүчиләрни



мундақ төрт дәриҗигә айридим,- биринчи дәриҗә бойичә баж тапшуридиғанлар: Жу Җаңгойди, Абдуреһим һаҗим, Әвәз, Мухпулла, Җәксинбә, Ғиясидин Имам, Сиримбай, Дәвитбек, Болатбай, Манап қатарлиқлар. Иккинчи дәриҗилик баж тапшуридиғанлар: Ойман давут, Дөң Давут, Якупахун, Шерипахун, Хожам Бәрди, Наға, Чилә қатарлиқлар. Үчинчи дәриҗилик баж тапшуридиғанлар: Һасан Таға, Давут Таға, Доган Таға, Хушнәзәр Таға қатарлиқлар. Төртинчи дәриҗилик баж тапшуридиғанлар: Иминҗан Баһавудун, Сарсенбә, Әмата, Савут, Һөсәйин, Әнсәрдин қатарлиқлар. Баж мал саниға қарап тәқсим қилинди. Мели җиқлар җиқ, азлар аз тапшуриду,-дәп болуп көпчиликкә йүзлинип:

-Чегара сақлаш отрядитики Годаринғиму мал саниға қарап тегишлик баж пулини чачтим. Әгәр буниңға рази болмисаңлар санақчи Азат байниң тизимлигигә селиштуруп көрүңлар! – деди. Годарин көпчиликкә вакалатән монуларни деди:

-Иминҗан жут мөтивәрлири ичидә абройлуқ, дурус киши, һәргиз кишиниң һәққини зиянға учратмайду. Мән униң тәқсиматини адил болди дәп қараймән, – дәп тәқсиматни бекитти.

Шундақ қилип, бир қетимлиқ баж жиғивелиш башлиниши наһайити оңушлуқ һәл болған болди. Әгәр мән өзәм ялғуз қатирап жүрүп баж пулини жиғидиған болсам, баж жиғиш иши бир нәччә жилға созулуп кәткән болатти. Мән Иминҗан Баһавудунниң әл ичидә йүзүмни йоруқ, йолумни раван қилғанлиғиға та һазирғичә қандақ рәхмәт ейтишимни билэлмәй кәлдим. У һәқиқәтәнму хәлиқ арисида абройи үстүн, тоғра кесәр адәм еди», - дәп һекайәт қилип бәргән еди.

Совет Иттипақида кулакларни йоқутуш һәрикити йолға қоюлиши билән тәңла 1928-жили рус милләтчилиги вә миллий мәнпәәтпәрәслиги овҗ елип, миңлиған аз санлиқ милләт

зиялийлириға наһәқ зәрбә берилиду. Әнә шу қатарида совет уйғур шаири, тарихчиси, Нәзәрғожа Абдусәмәтов (Нәзәрғожа Абдусәмәтов 1887-жилдин 1952-жилғичә яшиған) наһәқ қарилинип, қолға елиниш алдида Чапчалға қарашлиқ Хонхай мазарға совет йери Ғалҗаттин қайтип келип, аилиси көчүп кәлгичә бизниң өйдә панаһлиниду. Бу дәл дадам Иминҗан Баһавудунниң «Или тарихи»ни йезиватқан мәзгиллиригә тоғра келиду. Уйғур балиси Нәзәрғожа Абдусәмәтовниң мана мошундақ вақитта дадамни панаһ тартип келиши пүтмәстүгимәс хошаллинарлиқ иш еди. Дадам униң билән тарих тәтқиқати һәққидә кәң кушадә параңлишиш, униң «Или таранчи тарихи» намлиқ әсиридики тәпсилатлардин пайдилиниш имканийитигә еришиду.

1931-жили Хонхай мазар толуқсиз орта мәктивиниң оқутқучилири йетишмигәнликтин мәктәп мудири дадам Иминҗан Баһавудун алайтән адәм әвәтип, Совет йери Долатадин Әзим Суҗәковни, Ақсудин Хосул Шерипни, Ғалҗаттин Қәмирдин билән Обул Пазилни тәклип қилип, оқутқучилар қошунини толуқлиған екән. Бу һәқтә пешқәдәм маарипчи Әзим Суҗаков билән сөзләшкинимдә у маңа: «1931-жили Иминҗан Баһавудун бизни Совет елидин оқутқучилиққа алдуруп кәлгәндә мән униң аилисидә турған едим. У киши һәмишә таң атқичә һәр милләт йезиғидики китапларни көрүп хатирә қалдуратти, мән униң тиним тапмай издиниш роһидин һәйран қалған едим. Иминҗан акиниң бирәр мунтәзим мәктәпни пүтүрмигән туруп, мәндинму әтраплиқ илим тәһсил қилғанлиғи мени алаһидә қизиқтурған еди. Униң Хонхай мазардәк хилвәт тағлиқ йезида яшаветипму, бунчивала көп нәрсиләрни билиши, әйни чағдики кишиләрдә аз көргили болидиған «Киров» маркилиқ даңлиқ янчуқ саитини ишлитип жүрүши, мәнму көрүп бақмиған есил қәләм билән хәт йезиши мән үчүн бир сир болуп туюлған еди. Мән ахири буниң тәктигә йәтмәк болуп:



- Молла ака (биз адәттә уни шундақ ататтуқ) сиз бу билимләрни нәдин үгәнгән едиңиз?– дәп соридим. У бир һазадин кейин китаплири арисидин бeғирәң ташлиқ бир том китапни чиқирип:

-Мән билимни дәл мошундақ китаплардин үгәндим. Бу китап көп тиллиқ луғәт, әгәр сиз тил үгинәй десиңиз, мана мошу китапни устаз тутуң! – дегәнди. Мән:

-«Апирин! Мундақму туғма қабилийәтлик кишиләр болидекән – һә, дегәнләрни хиялимдин өткүзгән едим»,- дәп сөзләп бәргән еди.

Дадам Иминҗан Баһавудун йәнә тарих тәтқиқатиға пайдиси бар дәп қарап, әйни вақитта Моңғулкүрә наһийәсигә берип келип жүрүп, мәхсус бир жил моңғул тил-йезиғини үгәнгән екән.

Дадам Иминҗан Баһавудунниң жуқириқидәк бир қатар паалийәтлири униң тәсирини кеңәйтти, абройини жуқири көтәрди, хәлиқ ичидә, һакимийәт органлири алдида жирақни көрәлигини, ярамлиқ, иқтидарлиқ адәм екәнлигини намайән қилди. 1934-жили Тоққузтара һакими Нәзәрханғожа уни өзигә катип қиливалди. 1936-жили Чапчал өз алдиға наһийә болуп қурулғанда дадам Чапчал наһийәлик маарип бөлүминиң башлиғи, диний назарәт мәһкимисиниң башлиғи болди. Жут ичидики маҗираларни бир яқлиқ қилиш, йол, көрүк ясаш ишлириға мәсъул болуп ишлиди. Шәрқий Түркстан һөкүмити мәзгилидә Чапчал сақчи идарисиниң башлиғи болуп ишлиди. У, мәйли қайси дәвирдә, қандақ хизмәт ишлисун, әмгәкчи хәлиқниң мәнпиитини қоғдашни муқәддәс вәзипә билип, нурғунлиған әмәлий ишларни ишләп, җәмийәттә күчлүк инкас қозғиди.

У Нәзәрханғожиға катип болғанда Тоққузтарада зәй апити еғирлишип, хәлиққә һәр күни нурғунлиған балайи-

апэтни кэлтүрүп туратти, һэтта наһийэ мэркизи һазирқи орундин илажисиз Таштөпигэ йөткэлгэн еди. Дадам катиплиқ салаһийити билэн көп қетим тэкшүрүш елип берип, зэй апитини йоқитиш тоғрисида һакимға: кэң түрдэ зэйкэш қезиш, Кона базарниң (Дөңмэһэллэ билэн һазирқи наһийэ базириниң оттуриси) ғэрбидин вэ һазирқи наһийэ базириниң шэрқидин шималға қаритип зэйкэш қезип, зэй суни Или дэриясиға еқитиш, зэй апитини пэйда қиливатқан моңғул өстиңини эмэлдин қалдуруш, Мойонгөзэр таш даван уйғур өстиңини кеңэйтип чепиш, наһийэ мэркизини һазирқи орунға көчүрүш, Кона базар хэлқини наһийэ базириниң жэнубидики дөңлүккэ көчүрүп, «Дөңмэһэллэ» намидики мэһэллини бэрпа қилип, хэлиқни зэй апитидин азат қилиш тэклиплирини бериду. Һаким бу тэклиплэр үстидэ қайта-қайта ойлинип, жут мөтивэрлири, элликбеши, йүзбеши, миңбеши дегэнлэрни жиғип мэслиһэт, кеңэш өткүзиду, жуқири орунларниң сэмигэ салиду, тэклип ахири қобул көрүлиду. Шу чағдики һакимийэт ихтисадий жэһэттэ һалсиз еди. Шу қэдэр зор қурулушни қандақ елип бериш үстидэ этраплиқ ойланмай болматти. Жут мөтивэрлири: «Авамниң күчи тэңдашсиз, һашар қилиш йоли билэн қурулуш қилиш керэк» дейишкэндэ, дадам Иминжан Баһавудун хэлиқ мэйданида туруп, униңға қарши туриду. Қурулушниң ихтисадий мэсилисини һэл қилиш үчүн һакимға мундақ үч түрлүк тэклип бериду: 1-һөкүмэттэ жиғилип туруп қалған бэйтул мални ишлитиш; 2-өшрэ – закатни ишлитиш, һаким билэн Абдурешит Дамоллам (шу чағда наһийэлик диний назарэтниң башлиғи еди) жуқириға тапшуридиған закат пулни кемэйтишни тэлэпқилип вилайэтлик диний назарэткэ бирликтэ хэт йезиш; 3-зэй апитиниң терилғу йэр, отлақта болған зийининиңму еғирлиғини көздэ тутуп Чапчал чегарасидин Тоққузтара Мохурғичэ болған 36 шаңйолуқ йэрдики байлардин терилғу йэр-отлақниң хожайини болғанлиғи үчүн мунасип һалда қурулуш хиражитини жиғиш. Нэзэрхан ғожа өз заманисиға нисбэтэн илғар пикирлик эмэлдар еди. Нэтижидэ



дадамниң тэкливини мақул көрүп байлардинму қурулуш хиражити үчүн чарва мал, ашлиқ, нэқ пул жиғдуриду.

Дадам Иминжан Баһавудунниң Тоққузтара хэлқиниң қэлбигэ орнап кэткэн йэнэ бир һэққаний иши шуки, наһийэ ямулиниң шу чағдики дорғиси Тохти Чолақ өктэмлик, ипласлиқта чекидин ашқан болуп, һэ десила гунаһсиз кишилэргэ тухумдин түк үндүрүп йоқилаң гунаһларни артип, қамаққа алаттикэн. Қиз-чоканларға йолсизларчэ похурлуқ қилип, зулум салаттикэн. Хэлиқ униңға чиш-тирниғичэ өч болуп кэткэнликтин һөкүмэткэ талай қетим эрз сунған болсиму, уларниң эрзисини сорайдиған адэм йоқ болғач Тохти Чолақ өз билгинини қиливерипту. Бу иштин хэвэр тапқан дадам униң қилмишлирини Нэзэрханғожамға мэлум қилип, Тохти Чолақни ямулда яткузған. У наһэқ қолға алған 20 нэпэр «гунаһкар» ни бошаткузуп вэ бу муттэһэмниң хоригини йэргэ уруп, һэққанийэт вэ адалэтни яқлиған екэн.

Чапчал наһийэси Тоққузтарадин бөлүнгэндэ, һөкүмэт тэрэп Нэзэрханғожини Ғулжа шэһиригэ дотэй қилип йөткэйду. Нэзэрханғожа өзиниң кативи болуп ишлэватқан дадамниму биргэ елип кэтмэкчи болғанда дадам:

-Мэн маарип кэспини қизғин сөйимэн. Эң яхшиси өз жутумниң маарип, ақартиш ишлириға күч чиқиришимға рухсэт қилсиңиз!,- дэп Чапчалға қайтиш арзусини изһар қилиду. Униң ижазитини елип Чапчалға қайтқандин кейин Чапчал наһийэлик маарип бөлүминиң башлиғи, диний назарэтниң мэсъули болуп ишлэйду. Қошумчэ йэнэ наһийэниң йол-көрүк, суғириш ишлирини башқуруш, хэлиқ ичидики мажраларни бир тэрэп қилиш қатарлиқ аммивий ишларғиму башчилиқ қилиду. Дадам Чапчал маарипини тутқан чағлардин ана жутиниң пэнний мэктэп маарипиға нурғун жүрэк қенини сэрип эткэн еди. У қисқиғинэ төрт жил ичидэ һөкүмэт вэ жэмийэтниң қоллишини қолға кэлтүрүп, жирақ йеза-қишлақларға сэккиз пэнний мэктэп

салдуруп, Чапчал йезилириниң ақартиш ишлириға унтулғисиз төһпиләрни қошқан еди. Бу мәктәпләр: 1. Җерән булақ дегән йәргә бир қазақ мәктәп салдурған (орни һазирқи 67-полк тәвәсидә), оқутқучиси Әвәлқан (қазақ). 2. Шақирма дегән йәргә бир моңғул мәктәп салдурған (орни Хон хай мазириниң шәрқидики тағ бағрида), оқутқучиси Бат Точуқ (моңғул). 3. Кичик Буғраға уйғур мәктәпсалдурған, оқутқучиси Асим Мәсум. 4. Қуҗуртайға қазақ мәктәп салдурған, оқутқучиси Жимам Муқаммәт (қазақ). 5. Софум булаққа уйғур, қазақ мәктәпсалдурған, оқутқучилири: Әхтәмбай (уйғур), Әвәлбай (қазақ). 6. Өкүрҗигә моңғул мәктәп салдурған, оқутқучиси Порвә (моңғул). 7. Алмалиға қазақ мәктәпсалдурған болуп, оқутқучиси Һесамидин әпәнди (уйғур) дегән кишиләр еди. Демәк, у Чапчалниң маарип ақартиш ишлириға җан көйдүрүп ишлигәнликтин униң Иминҗан Баһавудун дегән мубарәк нами гоя баһар ямғуридәк Чапчалниң тағ далалириға сиңип кәткән еди.

1940-жили Шиң Шисәй өзиниң әксийәтчил маһийитини ашкарилап, 2-қетимлиқ аталмиш «сүйи қәстлик топулаң әнзиси»ни ойдуруп чиқарди. Коммунистларни, илғар зиялийларни, Японийәгә қарши демократик затларни вә тәрәққийпәрвәр кишиләрни тутқун қилди. Бу қетимқи тутқунда дадам Иминҗан Баһавудунму қолға елинған болуп, дәсләп Сумул (Чапчал) сақчисиниң түрмисигә қамалди. 1943-жили 6-айда йәнә шу вақитларда Тоғра Көрүктики «Дайол түрмиси» гә (һазирқи Или телевизийә станциясиниң арқа тәрипигә тоғра келиду) йөткәлди. 1944-жили 11-айниң 10-күни Үч вилайәт партизанлири «Дайол түрмиси»гә һуҗум қилғанда улар тәрипидин қутулдурувелинди. Дадам түрмигә ташлинишниң алди-кәйнидә болуп, өткән бир қатар ишлар худди һазирқидәкла есимдә турупту. Қолға елиништин бир күн бурун дадам Сумул һаким мәһкимисидин Хонхай мазаридики өйимизгә чиққанди. У аввал апам Зәйнәпханға өйимизниң қеризисидин күн чиқишқа җайлашқан 400 метрчә егизликтики



қия ташни има қилип туруп неминидур бир немиләрни җекилиди. Андин Әзим Суҗәков, Хусур Шерип, Қәмирдин, Обул Пазил қатарлиқ әпәндиләргә қарап:

-Қариғанда Шиң Шисәй һөкүмити мени йәп кетидиғандәк қилиду. Улар «Чәтниң маарипини киргиздиңлар» дәп төһмәт қилса, барлиқ җавапкәрликни маңа артип қоюңлар!- деди.

Дадамниң әйни вақитта апамға зади немиләрни тапилғанлиғини, у тутқун қилинип бир һәптә өткәндин кейин уқтум. Әслидә дадам өзиниң узун жиллардин буян җенидинму әзиз көрүп кәлгән китаплири вә тарих үстидә җапалиқ издинип йезиватқан қолязмилирини тутқун қилғучиларниң ахтуруп көйдүрүветишидин сақлап қелиш үчүн өйимизгә анчә жирақ болмиған 400 метр егизликтики тағ өңкүригә йошуруп қойған екән. Әл ятқу вақти еди. Апам маңа нәврә акам һашимни чақирткузуп кәлди вә униңға:

- Һашим, Молла дадаңниң қия таш өңкүригә тиққан китаплирини кечиләп елип чүшүп, Оталип (уйғур) ниң түгминигә йошуруп қойдум. Атқа артип елип чүшүп бәргин! – деди. Һашим акам наһайити җигәрлик, қорқмас жигит еди. У кетип бирдәмдила китапларни елип чүшти вә анамға:

-Тағарға қачилиған китаплар бәк еғир екән, атқа аран артип чүштүм. Кичик ана, сиз аял киши туруп қандақму тағдин елип чүшкәнсиз? – деди, анам:

- Балам, бу нәрсиләр Молла дадаңниң җени. Униң ичидә униң өмүр бойи кечини күндүзгә улап йезип чиққан қолязмилири вә керәклик китаплири болғачқа җенимни тикип, ғәйрәткә келип көтүрүп чүштүм. Буни мәндин башқа һеч ким билмәслиги керәк еди, бүгүн бешимға еғир күн чүшүп сизләргә ейтишқа мәҗбур болдум. Әтә сизләрни әлниң көзичә «оғлум Абдүшүкүр ағрип қалди. Һашим акиси уни Үч Сумулдики

тевипқа апармақчи» дәп йолға салимән. Долатиға барғандин кейин атниң бешини Ғулҗа тәрәпкә бурап Алти Сумулниң төвинидики тавузчи Василийға (рус) тапшуруп берип, Үч Сумулға қайтиңлар!, –деди.

Дәрвақиә мени ағриқ десә хошниларму, өйимизни пайлаватқанларму қилчә гуманланматти. Сәвәви, дадам тутулған күни өйимизниң кәйнидики чегара сақлаш отряди қораси ичигә қамалған екән, өгүздә туруп қариса қора ичидики ишлар «мана мән» дәпла көрүнүп туратти. Мән этиси этигәндә атқа от салғили өгүзгә чиққанда, тамға қаритип турғузуп қоюлған дадамға көзүм чүшүп қалди, мән униң кийгән аппақ көйнәк, тамбаллирниң қанға боялғанлиғини көрүп, өзәмни тутувалмай «дада» дәп вақирап ташлаптимән. Туюқсиз «гум» қилип етилған оқ авази билән тәң чөчүп өгүзгә жиқилдим. Шу жиқилғанчә өйдә үч күн һошсиз йетиптимән. Биз меништин бурун, анам мениң баш-көзүмни тухумда тәңләп, худди ағриқлардәк һарвуға ятқузуп узатти. Биз анамниң тапшуруғини шу петичә орунлидуқ. Кейин тавузчи Василийниң дадамниң аманитини акам Абдурешит Иминға-сақ саламәт тапшуруп бәргәнлигидин хәвәрдар болдуқ.

Дадамни қолға алғандин кейин, әксийәтчи һөкүмәт тәрәп аилимизниң узун жиллиқ малчиси вә дадамниң қәдинас дости Отарбайниму дадам билән алақиси бар дәп қолға алған болуп, уни дадам қамалған Үч Сумул сақчиханисиға қамимай, уддул Ғулҗа шәһиридики Баш сақчи түрмисигә қамиған еди. Сақчидикиләр Отарбайни: «Ейт, Иминҗан Баһавудун билән қандақ хупиянә ишлириң бар?» дәп еғир қийнаққа еливатқан күнләрниң бириdә у сиртта бир кишиниң еғир кишәнни шарақлитип маңғанлиғини байқайду вә өз-өзигә: «Бу ким болғийди?» дегиничә қамақхана ишигиниң йочуғидин қарап, бешиға тағар кийгүзүлгән бир тәмбәл мәһбусни сорақханиға елип кетиватқанлиғини көриду вә – мошу киши бәлким Молдакә (у дадамни һөрмәтләп шундақ ататти) болуши



мүмкин..., дәйду-дә, уни сорақтин елип қайтишида синап көрмәкчи болуп үнини чиқирип мону қошақни оқуйду:

Молдакәю, Молдакә,
Қайтсам екән Молдакә?
Қалмади җаним чибиндай,
Айтсаммикән Молдакә...!

Униң авазини аңлиған дадам (бу дәл дадамниң Үч Сумул сақчиханисидин Баш сақчи түрмисигә йөткәлгән күнлири екән) дәрһал: -Отарбай мени «Молдакә» дәп чақиридиған, уму мошу йәргә қамалған болмисун, йәнә – дегәнләрни көңлидин өткүзиду вә этиси сораққа елип чиққанда авазини көтүрүп туруп мону қошақни тоқуйду:

Тан-тан достум тан достум,
Тансаң җаниң қалар достум.
Таяқтин һечким өлмәйду,
Тансаң җаниң қалар достум.

Бу қошақтин әқлигә кәлгән Отарбай сорақта немә дейиш керәклигини пәмләйдудә сорақ қилғанда:

– Мән Иминҗанниң бир қара доқал өкүзини «оғри алди» дәп Совет йеригә апирип сетиватқән, «гунаһиң барму?» десәңлар пәқәт мошу гунаһимла бар, – дегән гепидә чиң турувелип, үч ай болди дегәндә түрмидин қутулуп чиққан еди.

1945-жили, 1-айниң, 1-күни Шәрқий Түркстан һөкүмитидин «Иминҗан Баһавудун сиз Чапчал сақчи идарисигә начальник (сақчи идарә башлиғи) болуп тәйинләндиңиз, мошу уқтуруш қолиңизға тәккән һаман вақитлиқ һөкүмәт қоманданлиқ штабиға келип, тизимға алдуруп, хизмәтни тапшуруп алғайсиз», дегән ухтурушни тапшурувалди. Адәттә кишиләр әмилий өссә хошаллиқ тәнтәниси қилатти. Амма дадам ухтурушни тапшуруп елип җиддий, сүрлүк қияпәткә кирди. Кимдур бири билән законлишиватқандәк, униң көзлири ғәзәптә учқундатти. Униң

гәзәплинидиғини шуки, 1940-жилдики чоң туtқунда қолға елинип, түрмигә ташланған еди. Шу чағда Чапчалниң 400 аилилик мәһәллисидин 251 адәм қолға елинди. Или вилайити бойичә қолға елинған адәм 60 миңға йәтти. Булардин қанчилиги өлтүрүлгәнлиги намәлум. Амма Үч вилайәт инқилавида гоминдаң Ғулжа шәһәрлик сақчиниң таһарәтханисидин 251 жәсәт чиққанлиғи тоғрисида гәп-сөз болсила дадам Иминжан Баһавудун гәзәплинип олтуралмай қалатти. Тарихниң қисмәтлири нәқәдәр һәйран қаларлиқ – һә? У, әнди адәм қамайдиған йәнә келип өзини қамиған сақчиға башлиқ болуп қалди. Биз униң ухтуруш алған чағдики чирай ипадисидин түрмә азаплирини хиялидин өткүзүп диктатурини хәлиқ дүшмәнлиригә қаритип, йеңи таңни техиму нурландурушни нийәт қиливатқанлиғини һис қилишқан едуқ. Дәрвақә, у сақчиға начальник болупла ишни гоминдаңниң қалдуқ күчлирини тазилаштин башлиди, еғир жинайити бар шпионларни сақчиға жиғди, хәлиқниң әрз-шикайәтлирини қизғин қобул қилип, әстаидил ениқлап дадил бир яқлиқ қилди.

1945-жили, 3-айда Сумул (Чапчал) наһийәсидики сәккиз жутниң нәччә йүзлигән деһқанлири: «һазир һурийәт ечилди. Тарихтин буян һәл болмай келиватқан ғолидин еқип чиқидиған Ғаппар (Аппар әмәс), Долата, Сетивалди, Абдусаттар, Чоң Буғра, Кичик Буғра өстиңи вә сулиридин пайдилиниш һоқуқини һәм бу арқилиқ суғурилидиған йәрләрни һөкүмәт қайтуруп елип бәрсун! Болмиса өзимиз қайтуривалимиз», дәп әрз йезип, наһийәлик сақчи идарисиға келип гәвға көтәргән. Бу чағда дадам Иминжан Баһавудун уларниң әрзисини қобул қилип жуқириға йоллайдиғанлиғини билдүргәндин кейин, оттуриға чиқип:

- Сизләр һазирчә қайтип кетип күтүп туруңлар. Биз шивәләр билән тарихтин буян инақ яшап келиватимиз. Беһудә жедәл – мажра қилишсақ болмайду. Һәр қандақ иш болса өз ара сөзлишиш арқилиқ һәл қилишимиз керәк,- дәп кәлгән



деһқанларни тарқап кетишигә көндүргән еди. Әсли ишниң өтмүши мундақ болған екән:

Елимиз Тәйпиң Тйәнго инқилавиниң тәсиридә 1864-1867-жиллири қозғалған Или деһқанлар қозғилаңлирида Чоң Буғра, Кичик Буғра, Дөң мәһәллә, Сетивалди, Долата мәһәллиси деһқанлири шивәләр билән иттипақлишип, Аққоза мирап рәһбәрлигидә қозғилаңға актив иштирак қилип, Күрә, Баяндай сепиллирида қамилип қалған манжур чериклири үчүн Моңғулкүрәдин келидиған ярдәмни үзүп ташлап қозғилаңниң ғәлибә қилишида зор роль ойниған еди. 1868-жили миллий мажралар түпәйлидин қозғилаң мәғлуп болғанда манжур черикләри Аққоза мирап башчилиғидики қозғилаңчиларни интайин вәһшийлик билән қирип өч алған еди. Әнә шундақ әһвал астида «Чоң Буғра, Кичик Буғра, Долата, Сетивалди, Дөңмәһәллә қатарлиқ 8 жут хәлқи баш панаһ издәп ғолниң жәнубидики Дилмук теғини бағрилап қечип, Йәттисудики Ақсу, Долата, Байин Қазақ, Кичик Буғра, Чоң Буғра, Или дәриясиниң шималида, йәнә Яркәнткә йеқин йезиларни қуруп орунлашқан. Чүнки Русийә 1864-жили, 10-айниң, 7-күни Чиң сулалиси һөкүмитигә зорлуқ билән имзалитивалған «Русийә - Жуңгониң гәрбий-шимал чегарисини тәкшүрүп, айриш хатириси» арқилиқ Жуңго тәвәлигидики Балхаш көлиниң Шәрқий вә жәнубидики йәрләр Русийәгә қарам болуп қалған еди. Қачқунларниң бир қисми көнәлмәй, 1870-жиллири Қорғас арқилиқ Ғулжа шәһиригә йенип келип сепил яқисиға, йәнә бир қисми һәр қайси жутларға тарилип орунлашқан, шу қетимлиқ көч-көчтә мазар шәйхлириму пүтүнләй қечип башқа жутларға көчүп кәткән еди. 1881-жили «Жуңго-Русийә Или шәртнамиси» бойичә Или вилайити Жуңгоға қайтуруп берилгәндә, улар өз жутлириға қайтип кәлмәкчи болған болсиму, Мәнчиң һакимийитиниң өч елишидин қорқуп, көчүп келишкә петиналмиған еди.

Сәккиз жут хәлқи көчүп кетиши билән уларниң миң бир жәбир-җапалар билән барлиққа кәлтүргән өй-маканлири, өстәңлири, терилғу йәрлири ташлинип териқсиз қалған.

Мәнчиң әмәлдарлири бу йәрләрниң териқсиз қелиши билән, бурундин елиниватқан алваң-ясақтин қуруқ қелишни халимайду – дә, алваң – ясаққа капаләтлик қилиш үчүн бу йәрләрни Сәккиз Сумулдики шивәләрниң теришиға бөлүп бәргән (әслидә Қарасу билән териқчилиқ қилип, 1882-жилға кәлгәндә Чапчал өстиңи чепилип, шу өстәң сүйидә йәр терип кәлгән шивәләрниң әвлатлири).

Йәрләрни тәқсим қилиш мундақ болған:

Хонхай ғолиниң Долата, Абдусаттар, Садиқ өстиңидә суғурилидиған йәрләрни-Түргүн Сумул, Үч Сумул, Төрт Сумулға;

Ғаппар Салдат (Сетивалди) өстиңи билән суғурулидиған йәрләрни Бәш Сумул, Алтә Сумулға, Кичик Буғра өстиңини Йәттә Сумулға;

Чоң Буғра сүйидә суғурулидиған йәрләргә Сәккиз Сумулға, Хуйзун Сумулға тәқсим қилиду.

Кейинчә рус йеригә көнәлмәй қайтип кәлгән йәрлик таранчилар ана жутлириға маканлишиш имканийитигә егә болған болсиму, йәр териш, судин пайдилиниш һоқуқиға еришәлмигәнликтин помещикларға яллинип ишләшкә мәҗбур болған еди.

1935-1936-жиллири Шинҗаңниң дубини Шиң Шисәйниң алтә бүйүк сәясити оттуриға қоюлғанда деһқанлар «йәр сүйимизни өзимизгә қайтуруп беридиған болди» дәп хошал болуп тәләп қилған болсиму, йәрлик феодалларниң сөзи үстүн келип, деһқанларниң тәливи ишқа ашмиған еди.



1945-жили Үч вилайәт инқилавидин кейин бир қисим Хонхайлиқлар Хонхай мазириға, бир қисимлар қәдимқи мәһәллиси, Долата мәһәллилиригә көчүп барған болсиму, уларниң ата-бовилири бина қилған өстәң вә мунбәт йәрләрниң егилик һоқуқи болмиғачқа шивәләрдин йәр иҗарә елип деһқанчилиқ қилип кәлгән еди.

Шу жили дадам Иминҗан Баһавудун сәккиз жут хәлқиниң әрзисини Үч вилайәт вақитлиқ һөкүмитигә кечиктүрмәй йоллиди. Үч вилайәт вақитлиқ һөкүмитиниң бу әрзнамигә селип бәргән «шивә хәлқиниң мөтивәрлири билән мәслиһәтлишип һәл қилса болиду» дегән тәстиғи бойичә дадам (бу дадамниң Сумул наһийәлик сақчи идарисиниң башлиғи болуп турған вақти еди) шивә хәлқиниң шу вақиттики мөтивәрлиридин: Чөлән, Гавал, Шушән, Әршән, Чаң Бажчи (Чаң Җиңшән), Рун Чүән, Савал қатарлиқ 20 дәк кишини Үч Сумулға жиғип (наһийәлик һөкүмәт әйни чағда Үч сумулда еди) сәккиз жут хәлқиниң 1881-1883-жиллардики көч-көчтә кейин йәр, су, екимлик һоқуқиниң болмаслиғиниң тарихий арқа көрүнүшини тәпсилий сөзләп, көч-көчтә Мәнчиң һөкүмити бу йәрләрниң териқсиз қилип, алваң-ясақтин қуруқ қалмаслиғи үчүн шивә хәлқиниң терип-селиқ тапшуруши үчүн вақитлиқ тәқсим қилип бәргәнлигидәк фактларни оттуриға қоюп, һазирқи һөкүмәтниң шивә хәлқиниң вәкиллириниң пикри бойичә бу тарихий мәсилини һәл қилишни тәстиқлигәнлигини чүшәндүргәндә: «Сизләр билән биз йеңи тонушқан кишиләр әмәсмиз. Тарихтин бери Чапчалниң сүйини ичип, ненини тәң йәп келиватимиз. Бүгүн мән Сумул сақчиханисиға начальник, Абузәр Хәлпәм болса наһийәгә һаким болуп чиқти. Буниндин кейин һәр қайсиңлар билән мәслиһәтлишип иш қилармиз. Шуниң үчүн һәр бириңлар билән сөһбәтлишишни лайиқ таптуқ» дәйду. Шивә хәлқиниң вәкили Рун Чүән: «Молла ака, бу кичик иш екәнғу, мән чоң ишмикин дәптимән. Тарихта уйғурлар сәрсан болуп йәрләр териқсиз қелип, дан (ашлиқ бажи) төләнмигәчкә Мәнчиң бизниң

вақитлиқ терип селиқ төлишимизни бәлгүлигәнлиги еник ишқу, буни һәл қилишқа тегишлик» дегән. Башқа мөтивәрләрму бирдәк һәл қилишқа қошулуп, Кичик Буғра, Ғаппар өстиңи (Дөң мәһәллә тәвәсигә) 49 кишилик йәр, Долата мәһәллисигә 19 кишилик йәр, Чоң Буғра, Тевилға мәһәллилиригә 14 кишилик йәр, жәмий 92 кишилик йәр бериш тохтам қилинип, бу йәрләр тағ бағридики жутларға тәқсим қилинип берилгән еди.

Шуниму ейтип өтүш лазим дәп қараймизки: у вақитларда бу йәрләрдә терилидиған йәр өлчәм қилинмастин, сүйи асас қилиниду. Жағистайда бир кишилик су 60 мо йәр һесапланса, бу сәккиз жутта бир кишилик су 40 мо йәр һесаплинип, буниңға бәш йерим пут, йәни 88 киллограм дән төләш бекитилгән. 1945-жили йәрләрни тәқсим қилиш терилғу вақтиға үлгүрмигәнлиги үчүн, уйғур деһқанлар 1946-жили өзлиригә тәқсим қилинған йәрләрни терип йәр вә су һоқуқидин бәһриман болған.

1946-жили 2-айда дадам Иминжан Баһавудун һәр қайси жут йүзбешилириниң йәр бөлүштә бир қисим жут чоңлири, байларға нурғун йәр берип, улар өзлири теримәй ижаригә бәргәнлигидәк әһвалларни уқиду. Мәсилән: Абузәр Хәлпәмгә үч кишилик, Жағистайдики Ильяс байға үч кишилик, дадам Иминжан Баһавудунға икки кишилик йәр бөлүнгән болуп, бу әһвалға асасән дадам өзи беваситә Дөңмәһәллигә чиқип, Дөңмәһәллидики хәлиқ сөзини сөзлигүчи Мәхпир дегән кишиниң өйигә төрт жутниң чоңлирини, йүзбешиларни жиғип «бу йәрләрни Иминжан, Абузәр, Ильясбайларға бәргән әмәс, әсирләр бойи, суға тәшна болған хәлиққә бәргән, шуниң үчүн қандақ киши болуштин қәтъийнәзәр бир киши бир кишилик су ичиду, бу йәргә кәлгән йәр теривғучи йәр сетивалмайду, көчүп кәткүчи йәр сатмайду, ким териса шу дән төләйду» дәп пикир қилиш билән йәрләр теривғучиларниң қолида болушини муқимлаштуруп, Ғаппар йерини 280 түтүн терийдиған, дәнни



49 кишилик суға төләйдиғанға келишип йәрләрни қайтидин тәқсим қилдурған, нәтижидә көп йәр егиләп ижаригә бәргүчиләрму йәр алмиған еди. Демәк, дадам Иминжан Баһавудун хәлиқпәрвәр киши болуп, һәр қандақ бир ишта хәлиқниң ғемини йәтти. Һәмишә хәлиқниң отида көйүп, сүйидә ақатти.

Дадам Иминжан Баһавудун өз һаятида хәлиқниң бәхит-саадити, Или маарипиниң гүллиниши үчүн тинимсиз күрәш қилиш билән биргә өзини тарих тәтқиқати ишлириғиму беғишлап, жутимиз тарихи вә башқа тарихий темилар үстидә тинмай издәнди. Или йезилиридин , Йәттису уйғур жутлириғичә болған кәң зиминни кезип, хәлиқ еғиз әдәбиятиға даир нурғун қиммәтлик материалларни топлап чиққан вә сақлиди. У өзиниң жапалиқ издинишиниң мевиси сүпитидә «Или тарихи», «Мухтәрәмә тарихи», «Ислам хәлпилири вә султанлири тарихи», «Мусулман өлималар тарихи», «Уйғур хәлиқ мақал-тәмсиллири топлими» қатарлиқ әсәрләрни язған.

У өзиниң жирик әсири «Или тарихи»ни йезип пүтәргәндин кейин хәлқимизниң сөйүмлүк оғли, Үч вилайәт инқилавиниң рәһбири Әхмәтжан Қасимийға өз қоли билән тапшуруп беришни арман қилған еди. Әпсус, рәһимсиз әжәл уни бу арминиға йәткүзмиди. У 1948-жили 23-мартта, 51 йешида биз билән мәңгүгә видалашти.

Мәрһум дадам өз қоли билән язған «Или тарихи» ни вапати алдида акам Абдурешит Иминға берип, Әхмәтжан Қасимийға тапшуруп беришни вәсийәт қилған еди. Акам «Или тарихи»ни Әхмәтжан Қасимийға тәғдим қилиш мунасивити билән язған хетидә: «Өлкилик һөкүмәтниң муавин рәиси, Шинжаңда тиничлиқ вә хәлиқчилиқни һимайә қилиш иттипақиниң рәиси Әхмәтжан Қасимий әпәнди жанаплириға һөрмәт билән бу илтимасни йезишимдики мәхсәт, бу әсәр («Или тарихи») атимиз Иминжан Баһавудун оғли тәрипидин

1948-жили 28-январьда йезилип пүткән еди. Атам әсириниң ахирқи нусхисини маңа көчүрүп, рәтләп чиқишни тапшурған еди, мән көчүрүш һазирлиғида турған вақтимда атам рәһмәтликниң ағриғи хас келип, дунниядин көз жумди. Лекин атам өләр алдида:

- Мән бу тарихни мошу йәрдә тохтаттим, бу китапни рәһбиримиз Әхмәтжан Қасимий жанаплириға өз қолум билән тәғдим қилмақчи едим, у киши сәрп қилған 22 жиллиқ өмрүмни зайә қилмас дәп ишинәттим, әлвәттә, бирақ мән бу арзуюмға йетәлмидим. Әнди мениң орнумда сән тәғдим қиларсән...! Дәп вәсийәт қилғанди. Немә дәйсиз, атам дунниядин өтти, қарилиқ болдуқ, һазилиқ болдуқ. Ахири шаир Молла Билалниң «Бир матәм болди техи бир тәрәп» дәп ейтқинидәк, һазимиз-қаримиз бир тәрәп болғандин кейин көчүрүп, рәтләп, 1949-жили 1-январьға үлгәрттим. Мошу йеңи жил мунасивити билән бу китапни вәсийәт бойичә рәһбириимиз Әхмәтжан Қасимий жанаплириға тәғдим қилишқа муйәссәр болдум. Әлвәттә, жанаплириниң бу китапни атам, мәрһум Иминжан Баһавудунниң қолидин тапшуруп алғандәк қобул қилишлирини һөрмәт билән үмүт қилимән.

Еһтирам билән вәсийәт бойичә тәғдим қилғучи:

**Абдурешит Имин,**

**1949-жили, 1-январь.**

Бу әсәрниң Әхмәтжан Қасимийға тапшуруп берилгәнлиги тоғрисида шу вақиттики Үч вилайәт гезитлиридә мундақ хәвәр қилиниду:

- Мазарлиқ мәрһум Иминжан Баһавудун вапати алдида өз қизғинлиғи билән топлап язған «Или тарихи» дегән



топлимини рәһбиримиз Әхмәтжан Қасимий жанаплириға сунуп беришни оғли Абдурешитқа вәсийәт қилған екән. Мәхсус мухбиримизниң бәргән хәвиригә қариғанда, әзимәт Абдурешит атисиниң вәсийити бойичә бу тарихий топламни бу жил январьда қәдирдан рәһбиримиз Әхмәтжан әпәндигә сунди. Қәдирдан рәһбиримиз Әхмәтжан әпәнди сунулған бу тарихий топламни хошаллиқ билән тапшурувелип, мәрһумниң бу әмгигиниң етибарға елинидиғанлиғини ухтуруп рәхмәт ейтти.

Бу тарихий топламда: «Или-Чағатай дәври»,«Или-жуңғар ханлиғи дәври», «Или султанлиғи дәври», «Или уйғурилириниң Йәттисуға көчүши» вә «Илида қалған уйғурларниң әһвали» қатарлиқлар һәққидә кәң мәлуматлар бар екән.

(«Алға гезити» 1949-жили, хәвәр бөлуми, 17-январь сани)

Мәрһум акам Абдурешит Иминниң хатирисидә: «Или тарихи» аққа көчүрүлүп, нәширгә тәйярланғанда Үч вилайәт гезитханисидики тәһрирләрдин Әлқәм Әхтәм, Һашир Ваһит, Муһәммәт Зәйиди қатарлиқлар көрүп чиққанлиғи, әсәргә бәргән баһасида «Бу китап Или тарихи тоғрисидики әһваллар толуқ йезилған әсәр бопту, китапни нәшир қилишқа болиду. Бирақ, бизгә аз вақит күтүшкә тоғра келиду. Чүнки китапта Һакимбәг вә башқа феодаллар сөкүнгәнликтин һакимийәт бешидикиләргә жамаәтдаш кишиләргиму яқмаслиғи мүмкин, шуниң үчүн вақит билән шараит яр бәргәндә басайли» дәп язғанлиғи мәлум. Нәврә иним Сейит Өмүр (Шинжаң нефть техникумидин пенсиягә чиққан, һазир Майтағда)ниң хатирисидин: «Мәрһум чоң дадимиз Иминжан Баһавудунниң «Или тарихи» намлиқ әсириниң йәнә бир қол язма нусхисини (көпәйтилгән) қолумға чүшүрүп, 1957-жили 11-айниң 30-күни иним Абдуғәни билән биргә Шинжаң мәдәнийәт назарити мәдәнийәт башқармисидики Йүсүпбәг Мухлисовқа тапшуруп бәргәндә мәрһум акимиз Абдурешит Иминниң әсәргә

мунасивәтлик хатирисиниму билләә тапшурған едуқ» дәп язғанлиғидин вақипландуқ.

Дадамниң тарихий әсәрлириниң көп қолязмисини сақлап келиватқан мәрһум акам Абдурешит Имин 1949-жили, 8-айниң, 27-күни мәмликәтлик сәясий кеңәш жиғиниға қатнишидиған Әхмәтжан Қасимий қатарлиқ Үч вилайәт инқилавий рәһбәрлириниң катип һәм тәржимани сүпитидә Бейжиңгә кетиветип аэроплан вақиәсидә қаза болди. Мәрһум акам Абдурешит Иминниң вапатидин кейин дадамниң қолязмилири иним Әнвәргә қалған екән. Кейинчә сүрүштүрүш арқилиқ бу қолязмиларни 1959-жили 1-айниң 12-күни Чапчал наһийә «Иттипақ» гуңшисиниң шуҗиси Тиләвбайниң иним Әнвәргә: «Иминжан Баһавудунниң тарих мәзмунидики алтә парчә қол язма материалини тапшуруп елип, Чапчал наһийәлик сәясий кеңәшкә әвәтип бәрдим, һөжжәт язғучи Тиләвбай» дәп һөжжәт йезип берип, елип кәткәнлигини уқтуқ. Биз бу мирасларни көп излигән болсақму, сәясий кеңәш архивханисидин аллибурун башқиларниң қолиға өтүп кәткәнлиги үчүн тепиш имканийити болмиди.

Дадамниң хәлиқ арисидин топлиған мақалә-тәмсиллиригә кәлсәң, бир қисми Үч вилайәт «Иттипақ» журнилиниң 1949-жиллиқ үчинчи санида Зунун Қадирий, Нурмәһәммәт Босақовларниң топлиған мақал-тәмсиллири билән биргә бесилған еди. Униңдин башқа «Тарим» журнилиниң 1957-жиллиқ 10,11,12-санлири вә 1958-жиллиқ 1,2-санлирида дадам топлиған мақал-тәмсиллиридин җәмий 313 парчиси йоруққа чиққан еди. Мәзкүр журналға кириш сөзи орнида: «Мәрһум Иминжан Баһавудунниң уйғур хәлиқ мақал-тәмсиллирини 1920-жилдин 1926-жилғичә Совет Иттипақидики Йәттису уйғурлири вә Или вилайитиниң һәр бир йеза қишлақлиридики хәлиқ ағзидин бирму-бир аңлап топлиғанди. Чүнки у, кишиләрниң сөзигә чоңқур мәзмун бериишлайдиған мақал-тәмсилләрниң қәдир-қиммитини биләтти вә уни сөйәтти.



Шуниң үчүн у өз хәлқиниң тарихи вә әдәбиятиға даир қиммәтлик материалларни жиғип топлиған вә сақлап кәлгән еди. Иминжан ака 3000 дин ошуқ уйғур хәлиқ мақал-тәмсиллирини топлиған болсиму, лекин уни өзиниң һаят вақтида мәтбуат арқилиқ хәлиқимизгә тәғдим қилиш пурситигә егә болалмиди», дегәнләр йезилған еди. Жуқирида қәйт қилинған 313 парчә мақал – тәмсилдин қалғанлирини Йүсүп Ильяс («Еғир тиниқлар» романиниң автори) ниң қолида болуши мүмкин дәп жүрәттуқ, мәрһум вапат болуштин бурун иним Әнвәр униң Алмутидики туралғусиға издәп берип, деригини қилғанда, у киши қолиға дәрһал қәләм елип, Үрүмчидики мәлум язғучиға хәт йезип, у өзидин 50-жилларда елип қалған дадам Иминжан Баһавудунниң мақал-тәмсиллири топлиминиң қол язмисини бизгә толуқ тапшуруп беришни һавалә қилиду. Лекин у киши биз издәп барсақ: «Бу ишқа толиму узун болуп кәтти, қәйәрдә қойғанлиғимни билмәймән», дегәндәк баһанә сәвәпләрни көрситип бизгә бәрмәй қойди.

1984-жили дадам язған «Или тарихи» ниң мәрһум тарих тәтқиқатчиси, язғучи Тейипжан Һадиниң қолида бир нусха барлиғини аңлап, өйигә бардим вә қолязма нусхини өз көзүм билән көрүшкә наил болғанлиғимдин наһайити хошалландим. У маңа бу нусхини автоном районлуқ музейханисида сақлиниватқан әсли нусхидин тәтқиқатта пайдилиниш, сақлаш үчүн көчүрүп әкәлгәнлигини, арийәткә берәлмәйдиғанлиғини, шу йәрдин бир нусха көчүрүп келишим лазимлиғини тәвсийә қилди. Мән шу жили 9-айниң 28-күни Үрүмчигә бардим. Маһинур Қасимниң акиси Рустәм ака мени ШУАР музейиниң тәтқиқатчиси Абдуқейим Ғожа (мәрһум Зикри Әлпәттаниң күйоғли) билән көрүштүрди. Биз бу әсәрни бир нусха көпәйтивелиш имканийитигә егә болдуқ. Мән шу вақиттики хошаллиғимни тил арқилиқ тәсвирләшкә ажизлиқ қилимән. Бу көпәйтилгән нусхини елип «Шинжаң гезити» ниң баш муһәррири Һемит Реһимниң өйигә барсам шаир Әлқәм Әхтәм бар екән. У әсәрни қолға елип көрүп чиққандин кейин:

- Бу дәл дадиңизниң қол язмиси екән. Мән йеқинда бурадирим Йүсүп Нәзәрни йоқлап Ғулжиға барғандим. У жигәр ракиға гириптар болған болуп, санақлиқла күнлири қаптекән. Ахирқи өмиридә бир һәптә биргә болдум. Мән униң хатирисидин әйни жилларда акиңиз Абдурешит Имин тәрипидин көчүрилгән «Или тарихи»ниң көпәйтилмә нусхисини көрдүм. Сүрүштүрсәм, бу нусхини 1965-жили 12-айниң 28-күни Шерип Юнус дегән киши ШУАР милләтләр тәнқиқат орнида сақлиниватқан әсли нусхидин көчәргән екән. 1982-жили 4-айниң 5-күни Ғулжида Шерип Юнустин бурадирим Йүсүп Нәзәр мән көргән нусхини көчүривалғанлиғини ейтти. Мән 1983-жили Йүсүп Нәзәрдин бир нусха көчүрүп алдим. Сиз қайтип берип, мәрһумниң аяли Гулбан һәдәмдин көчүрүвелиң, - деди. Йәнә бир гәп деди – у, сөзини давамлаштуруп, - йеқинда, шаир Л. Мутәллипниң Советтики сиңлисидин бир парчә хәт кәлди. Хәтниң ичигә 1945-жили Ақсудин Л. Мутәллип сиңлисиға әвәткән хәт селинғанкән, мән бу хәтни Л. Мутәллипкә болған чәксиз сеғиниш һессиятим билән талай қетимлап оқуп чиқтим, хәт һәтта яд болуп кәтти. Хәттә: «Сиңлим, сиз барлиқ язғучи бурадәрләргә салам ейтиң, мениң бу хетим сизләргә йоллиған ахирқи хетим болуп қелиши мумкин. Мән сизләргә бир кишини тонуштурай, у болсиму тарихчи, Мазарлиқ Иминжан Баһавудун ака болиду. У киши билән бир нөвәт сөһбәтлишип қалдим. Қайта көрүшүшкә муйәссәр болалмидим, язғучи бурадәрләр у киши билән сөһбәтлишип турсун!» дәп йезилипту. Әлбәттә, Иминжан акиниң тарихқа мукәммәл болушидики сәвәп-у тилғиму бай еди. У 51 яшлиқ һаятида бир нәччә милләтниң тил йезиғини биләтти. Шуңа шаир Л. Мутәллипму у кишиниң билиминиң нәқәдәр үстүнлигини сәзгән екән. Әгәр у киши мошу күнләргичә яшиған болса, йәнә қандақ есил әсәрләрни йезип чиқар болғайди,- деди.

Дадам Иминжан Баһавудунниң «Или тарихи» намлиқ әсириниң мән ШУАР музейханисидин көпәйтип әкәлгән



қолязма нусхиси жәмий 92 бәт болуп, коничә имлада йезилған екән. Оқушқа асан болуш үчүн һазирқи имлада иш қәғәзгә көчүрүп чиқсам 271 бәт болди. Әсәрдә муәллип әкис әттүргән тарихий вақиәләр интайин мол, йезиш услуби өзгичә, фактлири еник вә қайил қиларлиқ болуп, Или тарихи үстидә йезилған әсәрләр ичидә алаһидә орун тутиду. У тарихий вақиәләрни әйнән йорутуп бериш зөрүрийитидин әсәрни чоң – кичик 45 мавзуға бөлүп язған болуп, булар:

1. Сөз беши 2. Или өлкиси 3. Чағатай дәври вә һөкүмдарлиқ қилғанлар 4. Илида Жуңғар ханлиғи дәври 5. Илида манжур таипилири вә таранчилар 6. Чегара ташлири вә қоруллар 7. Қошақлар һәққидә 8. Ваң Холу һәққидә 9. Өстәңләр һәққидә 10. Мис кани һәққидә 11. Сепиллар һәққидә 12. Ички Жуңго немә һалда, Илиға һәйрәт қилдиму?13. Или вилайәт һакимлири 14. Туңган инқилави 15. Уйғурлар инқилап алдида 16. Уйғур-туңганлар инқилави вә Или султанлиғи 17. Ғулжа султанлиғиниң тәшкил қилиниши 18. Абдурусул Әмирниң қәтли болуши 19. Баяндайниң пәтһ қилиниши 20. Почи Маһмут Қериғожиниң келиши 21. Султан Мәзәмханниң өлтүрүлиши 22. Қериғожиниң султанлиғи 23. Почи Маһмут Қари ғожиниң қәтли болуши 24. Молла Шавкәтахунумниң султанлиғи 25. Адаққи қорған Күрәниң елинғанлиғи 26. Молла Шәвкәтахунниң султанлиқтин чәтләштүрүлиши 27. Әла Палванниң султан болғанлиғи 28. Уйғурлар билән туңганларниң чатиғи 29. Султан Обуләлахан дәвридә болған вақиәләр 30. Или уйғурлириниң руслар қолида қелиши 31. Уйғур, туңганларниң Йәттисуға көчүши 32. Уйғурларниң бәргән илтимаси 33. Туңганларниң бәргән илтимаси 34. Туңганларниң көчүши 35. Уйғурларниң көчүши 36. Уйғур вә туңганларниң Өсәк бойиға бериши 37. Көчмәнләргә бәргән ярдәм 38. Уйғурларниң Челәккә көчүши 39. Уйғур билән туңганларни идарә қилиш 40. Қара-Су болусиға көчүш 41. Сепилларни соқуп мәһәллә селиш 42. Йәрләрниң һесави,

хәлиқниң бөлүнүши 43. Кәтмән болуси һәққидә 44. Кәшқәр туңганлири 45. Илидин көчмәй қалғанлар һәққидә.

Мән Ғулҗиға қайтқандин кейин мәрһум шаиримиз Әлкәм Әхтәмниң һавалиси бойичә Нәзәр акиниң аяли Гулбандәмни издәп таптим. Әсәрниң кейин тепилған көчүрүлмә нусхисини он күнлүк муһләт билән арийәткә елип 1984-жили 4-айниң 3-күни көчәрүп чиқтим, бу әсәр хатирә дәптәргә 133 бәт қилип көчүрилгән болуп, мән уни адәттики иш қәғизигә көчүрсәм 86 бәт чиқти. Хатириниң бешиға «Или вилайити тарихи», «1956-жили, 12-айниң 28-күни Үрүмчи музейханисидин көчүргүчи Шерип Юнус» дәп, ахирқи бетигә болса «1982-жили, 4-айниң 5-күни Ғулҗа шәһиридә көчүргүчи: Йүсүп Нәзәр дәп йезилғанкән». Мән уни дадам Иминҗан Баһавудунниң қол язма нусхисиниң қисқартилип көчүрүлгән варианти болса керәк дәп қараймән. Чүнки, акам Абдурешит Имин әйнә чағда Әхмәтҗан Қасимийгә тәғдим қилған қол язма нусха (жуқирида қәйт қилинған) җәмий 45 мавзудин тәркип тапқан болса, бу нусха 31 чоң – кичик мавзудин тәркип тапқан. Төвәндә мән кәң оқурмәнләрниң иккинчи қетим тепилған нусхидики мавзуларни биринчи қетимдикиси билән бирму-бир селиштуруп көрүши үчүн әйнән көчүрүп бәрдим.

1.Сөз беши 2. Или өлкиси 3. Чағатай дәври 4. Илида жуңғарлар дөлитиниң тәшкиллиниши 5. Илида манҗулар һәм уйғурлар 6. Ваң Холу һәққидә 7. Өстәңләр һәққидә 8. Алваңлар һәққидә 9. Мис канлар һәққидә 10. Сепиллар һәққидә 11. Ички туңган инқилави 12. Уйғур, туңган инқилави 13. Ғулҗа султанлиғи 14. Абдурусул Әмирниң өлтүрүлүши 15. Баяндайниң пәтһ қилиниши 16. Қериғоҗиниң келиши 17. Қази Калан, Нәсирдин Ахунниң өлтүрүлүши 18. Мәзәмханниң султанлиғи 19. Қериғоҗиниң султанлиғи 20. Қериғоҗиниң өлтүрүлүши 21. Молла Шәвкәтахунниң султанлиғи 22. Адаққи қорған күрәниң елиниши 23. Молла Шәвкәтахунниң султанлиғини чәтләштүрүлиши 24. Уйғурлар билән



туңганларниң чатиғи 25. Әла Палванниң султанлиғи 26. Туңганлар исияни 27. Уйғурлар билән руслар соқушиши 28. Уйғурларниң русларниң қолида қелиши 29. Уйғурларниң Йәттисуға көчүши 30. Илида қалған уйғурлар 31. Йәттису уйғурлири.

Мән 1995-жили Ғулҗа шәһәрлик тарих-тәзкирә ишханисиниң сабиқ мудири, язғучи, тәрҗиман Исһақ Баситдин дадам Иминҗан Баһавудунниң «Или тарихи» әсириниң хәнзучиға тәрҗимә қилинип бесилған нусхисиниң Гәнсу өлкилик күтүпханисида сақлиниватқанлиғини дәлилләләйдиған мундәриҗини көргәндим. (Бу мундәриҗә һелиһәм Исһақ Баситниң қолида сақланмақта. Муһәррирдин) 2000-жили 12-айниң 26-күни мән Үрүмчидә Шерип Хуштар әпәнди билән көрүшүп, дадамниң китавиниң деригини қилдим. У маңа ШУАР милләтләр, дин ишлири комитети қәдимқи әсәрләр тәтқиқәт орнидики Муһәммәтҗанни издәп, шу арқилиқ сүрүштә қилишни тапилиди. Мән Муһәммәтҗандин әһвал уқушқанда, у маңа: «Биз 1991-жили 10-айда Ғулҗидин бир қисим тарихий материалларни әкәлгәндуқ. Униң ичидә дадиңиз Иминҗан Баһавудунниң әйни вақитта Әхмәтҗан Қасимий вә Сәйпидин Әзизийләрниң бесиш тәстиғи селинған «Или тарихи» әсириниң қол язмисиму бар екән. Бу әсәр шу пети сақлиниватиду. Рәтләп тизимға алғандин кейин сизгә көрситәйли» - деди.

Мән 2001-жили 4-айниң 11-күни язғучи Турсун Ясин («Садир Палван» романиниң автори) билән сөһбәтләшкәнгә қәдәр дадамниң бу әсириниң пәқәт қол язма нусхисила бар дәп кәлгән екәнмән. Турсун Ясин: «Мәндә дадиңиз Иминҗан Баһавудунниң Әхмәтҗан Қасимий тәстиқ салғандин кейин Үч вилайәт мәтбуатида бесилған «Или тарихи» әсири бар, мән уни шәхсий архивимда сақлаватимән. Архивимниң материаллирини рәтлигәндә бир нусха көчүрүвелиң, бирақ сизгә әсли нусхисини берәлмәймән» деди.

Мәрһум дадамниң «Или тарихи» әсирини издәш жәриянидики узақ жиллиқ тиришчанлиқлирим бекарға кәтмиди. Әсәрниң тарихни қәдирләйдиған халис нийәт кишилиримиз қолида сақлиниватқан түрлүк язма вә басма нусхилири пат йеқинда йоруққа чиқип, кәң оқурмәнләр билән йүз көрүшүп, мәрһум дадамниң роһини хуш қилғуси...!

Абдушүкүр Имин,

(«Или тарихи материаллири»,

2002-жили, Ғулжа, 1-42-бәтләр ).



Мундарижә


Бовам Иминжан Баһавудун тоғрисида...................... 3
Сөз беши............................................................... 7
Тарихимиз һәққидә умумий баян............................ 8
Чиңгизханниң бесип кириши.................................. 9
Илида Туғлуқ Төмүр ханниң дәври........................ 10
Илида Жуңғар ханлиғиниң дәври........................... 12
Илида манжуртаипилири вә уйғурлар..................... 18
Қошақлар............................................................... 25
Хитайниң ички әһвали............................................ 28
Или вилайитиниң һакимлири.................................. 32
Туңган инқилави.................................................... 32
Уйғурлар инқилап алдида....................................... 33
Уйғур- туңган инқилави вә Или султанлиғи............ 37
Или султанлиғиниң тәшкиллиниши........................ 42
Абдурусул Әмирниң өлтүрүлүши.......................... 47
Баяндайниң елиниши.............................................. 48
Почи Махмут Қериғожиниң келиши........................ 50
Мәзәмхан султанниң өлтүрүлиши........................... 53
Қериғожиниң султанлиғи........................................ 54
Уйғурларниң Қериғожини өлтүрүши..................... 55
Молла Шавкәтахунниң султанлиғи....................... 56
Адаққи қорған Күрәниң елиниши.......................... 58
Молла Шавкәтахунниң султанлиқтин чәтләштүрүлиши............................................. 61
Әли Палванниң султан болуши.............................. 63
Уйғурлар билән туңганлар оттурисидики чатақ...... 64
Султан Әлахан дәвридә болған вақиәләр................. 69
Или уйғурлири русларниң қолида.......................... 72
Уйғур, туңганларниң Йәттису вилайитигә көчүши. 74
Туңганларниң көчүши........................................... 77
Уйғурларниң көчүши............................................ 79
Уйғур, туңганларниң Өсәк вә Қорғасқа көчүши...... 80
Берилгән ярдәмләр................................................. 81

Уйғурларниң Челәккә көчүши.................................... 82
Көчмәнләрниң Қарасу болисиға көчүши.................... 83
Уйғур, туңганларни идарә қилиш............................. 86
Йәр һесави вә елиқ – селиқлар................................ 87
Қарасу болусиға орунлаштурулғанлар...................... 87
1882-жили Алмута уездиға терилгән ашлиқ............ 88
Уйғур, туңганларға селинған селиқ......................... 88
Илида қалған уйғурлар............................................ 89
Дадам Иминжан Баһавудунниң шанлиқ һаяти вә издинишлири................................................................ 91



**Иминжан Баһавудун**

# Или тарихи

**Рәссам:** Сабитжан Бабажанов
**Корректор:** Наиләм Һәмраева
**Дизайн:** Сәбинә Исраилова, Мәдинә Муллахунова
**Компьютерға алғанлар:** Мәдинә Софиева, Нәргизә Исмаилова, Сәнәвәр Зуниева

**Формат: 84×60/16. Басма вариғиниң һәҗими: 18 басма тавақ.**
**Тираж: 200 заказ №**

---

**«Айат» басмиханисида бесилди,**
**Бишкәк шәһири, Ташкәнт кочиси,60**

**Иминжан Бахавудун**

# История Или

**Оформление обложки заслуженного деятеля культуры Кыргызской Республики Сабиджана Бабаджанова**

**Корректор:** Наиля Хамраева
**Дизайнеры:** Сабина Исраилова, Мадина Муллахунова
**Компьютерная верстка:** Мадина Софиева, Наргиза Исмаилова, Санобар Зуниева

**Формат:** 84x60/16 **Объем печатных листов:** 18 п.л.
**Тираж:** 200 экз. **Заказ №**

---

**Отпечатано в типографии «Айат», г.Бишкек, ул. Ташкентская, 60**



## Китапта исми атилип өтүлгән атақлиқ шәхсләр



Абдулкерим Сутуқ Буғрахан (889-956)



Махмут Қәшқәрий (1008-1105)



Йүсүп хас Һаҗип Баласағуни (1019-1085)



Билал Назим (1825-1900)



Садир Палван (1798-1871)



Султан Әбу Әла Ибраһим
(1818-1874)



Абдулмутаали Хәлпәт
(1868-1960)



Әхмәтҗан Қасимий
(1914-1949)

## Иминҗан Баһавудунниң оғул-қизлири вә урук-туққанлири



Солдин оңға: өрә турғанлар: Әкбәрҗан Абдурешит, Гүлрәйһан Абдурешит, Абдумәннан Имин, Абдурахман Имин. Олтарғанлар: Абдушүкүр Имин, Әнвәр Имин, Абдурешит Имин, Иминҗан Баһавудун, Бибинур Имин, Иминҗан Баһавудунниң аяли Зәйнәпхан (Ғулҗа,1947-ж.)



Солдин оңға: Абузәр Хәлпәм, Нәзәрғоҗа Абдусәмәтов, Иминҗан Баһавудун (Ғулҗа, 1933-ж.)



Иминҗан Баһавудун оғли Абдурешит билән (Ғулҗа, 1939-ж.)



Иминҗан Баһавудунниң
бир туққан иниси
Имирахун Баһавудун
(1905-1994)



Иминҗан Баһавудунниң
бир нәврә иниси
Әхмәтҗан Или
(1900-1963)



Иминҗан Баһавудунниң оғли
Абдурешит Имин
(1922-1949)



Иминҗан Баһавудунниң оғли
Абдүшүкүр Имин
(1932-2013)



Әхмәтҗан Илиниң
оғли Абдухелил
(1932-1985)



Имирахун Баһавудунниң
оғли Сейитахун
(1933-2007)



Иминҗан Баһавудунниң
оғли Әнвәр Имин
(1937-2015)



Иминжан Баһавудунниң
қизи Җәмиләм Имин



Абдурешит Иминниң аяли Ризвангүл һажим, оғли Әкбәрҗан, келини Паридәм, нәвирлири Адилҗан, Ильярлар билән (Фрунзе, 1982-ж.)



Иминҗан Баһавудунниң нәвриси Әкбәрҗан Абдурешит оғли аилиси билән: аяли Пәридәм, оғли Ильяр, келини Зульхумар, қизи Нәргиз вә нәвирлири билән (Бишкәк, 2016-ж.)



Иминҗан Баһавудун нәвриси Гүлрәйһан Абдурешит қизи аилиси билән: йолдиши Һакимҗан, қизи Гөзәл, күйоғли Марат, оғли Алимҗан, келини Дильнур вә нәвирлири билән (Бишкәк, 2015-ж.)



Иминжан Баһавудунниң нәвриси Гүльбостан Абдурешит қизи аилиси билән: йолдиши Камалжан, қизи Маһинур, оғли Әзиз вә нәвирлири билән (Бишкәк, 2015-ж.)



Иминжан Баһавудунниң нәвриси Ядикар Абдурешит қизи аилиси билән: йолдиши Аблетип, қизлири Адиләм, Әзизәм, оғли Юнус вә нәвирлири билән (Бишкәк, 2015-ж.)




ئىمىنجان باھاۋۇدۇن

# ئىلى تارىخى

رەسسام: سابىتجان باباجان

كوررېكتور: مەھەممەتجان ياسىن

كومپيۇتېرغا ئالغان: مەدىنە سوفىيېۋا، نەرگىزە ئىسمائىلوۋا، سەنەبەر زۇنۇنېۋا

دىزلىنېر: سەبىنە ئىسرائىلوۋا، مەدىنە مۇللاخۇنوۋا

فورماتى:84×60. 1/16.ھەجىمى:18 باسما تاۋاق
تىراژى: 200

«ئايات» باسمىخانىسىدا بېسىلدى ، بىشكەك شەھىرى،
تەشكەنت كوچىسى، 60

## مۇندەرىجە


بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن توغرىسىدا.......................3
سۆز بېشى..........................................8
تارىخىمىز ھەققىدە ئۇمومىي بايان.....................10
چىڭگىزخاننىڭ بېسىپ كىرىشى..........................11
ئىلىدا تۇغلۇق تۆمۈر خان دەۋرى.......................13
ئىلىدا جۇڭغار خانلىغى دەۋرى........................15
ئىلىدا مانجۇر تائىپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار.................21
قوشاقلار...........................................29
خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى..............................33
ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىرى...........................38
تۇڭگان ئىنقىلابى....................................38
ئۇيغۇرلار ئىنقىلاب ئالدىدا............................39
ئۇيغۇر- تۇڭگان ئىنقىلابى ۋە ئىلى سۇلتانلىغى.............43
ئىلى سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىللىنىشى......................48
ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى......................54
باياندلىنىڭ ئېلىنىشى..................................56
پوچى ماخمۇد قېرى غوجىنىڭ كېلىشى.....................58
مەزەمخان سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى.......................61
قېرى غوجىنىڭ سۇلتانلىغى..............................62
ئۇيغۇرلارنىڭ قېرى غوجىنى ئۆلتۈرۈشى....................64
موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىغى......................64
ئاداقچى قۇرغان كورەنىڭ ئېلىنىشى........................67
موللاشاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى.......70
ئەلى پالۋاننىڭ سۇلتان بولۇشى..........................72
ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرسىدىكى چاتاق............74
سۇلتان ئەلاخان دەۋرىدە بولغان ۋەقەلەر...................79





ئىلى ئۇيغۇرلىرى رۇسلارنىڭ قولىدا.......................83
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچىشى..........85
تۇڭگانلارنىڭ كۆچۈشى..................................88
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى..................................91
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ ئۆسەك ۋە قورغاسقا كۆچۈشى..........92
بېرىلگەن ياردەملەر....................................93
ئۇيغۇرلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى...........................95
كۆچمەنلەرنىڭ قاراسۇ بولىسىغا كۆچۈشى...................96
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنى ئىدارە قىلىش.........................99
يەر ھېسابى ۋە ئېلىق - سېلىقلار.........................101
قاراسۇ بولۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار......................101
1882 - يىلى ئالمۇتا ئۇيېزدىغا تېرىلگەن ئاشلىق.............101
ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا سېلىنغان سېلىق.......................102
ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار...................................103
دادلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ شانلىق ھاياتى ۋە
ئىزدىنىشلىرى..........................................105

تۇڭگانلار چاتىقى 25. ئەلا پالۋاننىڭ سۇلتانلىقى 26. تۇڭگانلار ئىسيانى 27. ئۇيغۇرلار بىلەن رۇسلارنىڭ سوقۇشىشى 28. ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسلارنىڭ قولىدا قېلىشى 29. ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى 30. ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار 31. يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى.

مەن 1995-يىلى غۇلجا شەھەرلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى، يازغۇچى، تەرجىمان ئىسھاق باستىدىن دادىلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدىغان مۇندەرىجىنى كۆرگەنىدىم. (بۇ مۇندەرىجە ھېلىھەم ئىسھاق باستىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. مۇھەررىردىن) 2000-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى مەن ئۈرۈمچىدە شېرىپ خۇشتار ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، دادامنىڭ كىتابىنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئۇ ماڭا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمقى ئەسەرلەر تەنقىقەت ئورنىدىكى مۇھەممەتجاننى ئىزلەپ، شۇ ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىدى. مەن مۇھەممەتجاندىن ئەھۋال ئۇقۇشقاندا، ئۇ ماڭا: «بىز 1991-يىلى 10-ئايدا غۇلجىدىن بىر قىسىم تارىخى ماتېرىياللارنى ئەكەلگەنىدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە دادىڭىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ بىسىش تەستىقى سېلىنغان «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنىڭ قول يازمىسىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئەسەر شۇ پېتى ساقلىنىۋاتىدۇ. رەتلەپ تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن سىزگە كۆرستەيلى» - دېدى.

مەن 2001-يىلى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى يازغۇچى تۇرسۇن ياسىن («سادىر پالۋان» رومانىنىڭ ئاۋتورى) بىلەن سۆھبەتلەشكەنگە قەدەر دادامنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ پەقەت قول يازما نۇسخىسىلا بار دەپ كەلگەن ئىكەنمەن. تۇرسۇن ياسىن: «مەندە دادىڭىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەخمەتجان قاسىمى تەستىق سالغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مەتبەسىدە بېسىلغان «ئىلى تارىخى» ئەسىرى بار، مەن ئۇنى شەخسى ئارخىپىمدا ساقلاۋاتىمەن. ماتېرىيال



ئارخىپلىرىمنى رەتلىگەندە بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىڭ، بىراق سىزگە ئەسلى نۇسخىنى بېرىۋېتەلمەيمەن» دېدى.

مەرھۇم دادامنىڭ «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنى ئىزدەش جەريانىدىكى ئۇزاق يىللىق تىرىشچانلىقلىرىم ئىشىنمەنكى بىكارغا كەتمىدى. ئەسەرنىڭ تارىخنى قەدىرلەيدىغان خالىس نىيەت كىشىلىرىمىز قولىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك يازما ۋە باسما نۇسخىلىرى پات يېقىندا يورۇققا چىقىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، مەرھۇم دادامنىڭ روھىنى خۇش قىلغۇسى...!

ئابدۇشۇكۇر ئىمىن،

(«ئىلى تارىخ ماتېرىئاللىرى»،

2002-يىلى نويابىر، غۇلجا، 1- 42 بەتلەر)

تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەسەرنى چوڭ - كىچىك 45 ماۋزۇغا بۆلۈپ يازغان بولۇپ، بولار:

1.سۆز بېشى 2.ئىلى ئۆلكىسى 3. چاغاتاي دەۋرى ۋە ھۆكۈمدارلىق قىلغانلار 4. ئىلىدا جوڭغار خانلىغى دەۋرى 5. ئىلىدا مانجۇرر تائىپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار 6. چېگرا تاشلىرى ۋە قورۇللار 7. قوشاقلار 8. ۋاڭ خولۇ ھەققىدە 9. ئۇستەڭلەر ھەققىدە 10. مىس كانى ھەققىدە 11. سېپىللار ھەققىدە 12. ئىچكى جوڭگو نېمە هالدا، ئىلىغا ھەيرەت قىلىدىمۇ؟ 13. ئىلى ۋىلايىت ھاكىملىرى 14. تۇڭگان ئىنقىبالى 15. ئۇيغۇرلار ئىنقىلاب ئالدىدا 16. ئۇيغۇر - تۇڭگانلار ئىنقىبالى ۋە ئىلى سۇلتانلىغى 17. غۇلجا سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىل قىلىنىش 18. ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ قەتلى بولۇشى 19. باياندىيىنىڭ پەتھ قىلىنىشى 20. پوچى ماخمۇت قىرى غۇلجىنىڭ كېلىشى. 21. سۇلتان مەزەمخاننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى. 22. قىرى غۇلجىنىڭ سۇلتانلىغى. 23. پوچى مەھمۇت قىرى خوجىنىڭ قەتلى بولۇشى 24. موللا شاۋكەت ئاخۇنۇمنىڭ سۇلتانلىغى 25. ئاداققى قورغان كورەنىڭ ئېلىنغانلىغى 26. موللا شەۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى 27. ئەلا پالۋاننىڭ سۇلتان بولغانلىغى 28. ئۇيغۇر بىلەن تۇڭگانلار چاتىغى 29. سۇلتان ئۇبۇلئەلاخان دەۋرىدە بولغان ۋەقەلەر 30. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ رۇسلار قولىدا قېلىشى 31. ئۇيغۇرلا تۇڭگانلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى 32. ئۇيغۇرلارنىڭ بەرگەن ئىلتىماسى 33. تۇڭگانلانىڭ بەرگەن ئىلتىماسى 34. تۇڭگارلارنىڭ كۆچۈشى 35. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى 36. ئۇيغۇر ۋە تۇڭگارلارنىڭ ئۇسەك بويىغا بېرىشى 37. كۆچمەنلەرگە بەرگەن ياردەم 38. ئۇيغۇرلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى 39. ئۇيغۇر بىلەن تۇڭگانلارنى ئىدارە قىلىش 40. قارا سۇ بولۇسغا كۆچۈش 41. سېپىللار سوقۇپ، مەھەللە سېلىش 42. يەرلەرنىڭ ھېسابى، خەلقنىڭ بۆلۈنۈشى 43. كەتمەن بولۇسى ھەققىدە 44. قەشقەر تۇڭگانلىرى 45. ئىلىدىن كۆچمەي قالغانلار ھەققىدە.



مەن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن مەرھۇم شائىرىمىز ئەلقەم ئەختەمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە نەزەر ئاكىنىڭ ئايالى گۈلباندەمنى ئىزلەپ تاپتىم. ئەسەرنىڭ كېيىن تېپىلغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئۇن كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئارىيەتكە ئېلىپ 1984 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كۆچۈرۈپ چىقتىم، بۇ ئەسەر خاتىرە دەپتەرگە 133 بەت قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مەن ئۇنى ئادەتتىكى ئىش قەغىزىگە كۆچۈرسەم 86 بەت چىقتى. خاتىرىنىڭ بېشىغا «ئىلى ۋىلايىتى تارىخى»، «1956 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچى مۇزېيخانىسىدىن كۆچۈرگۈچى شېرىپ يۇنۇس» دەپ، ئاخىرقى بېتىگە بولسا «1982 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى غۇلجا شەھرىدە كۆچۈرگۈچى: يۇسۇپ نەزەر دەپ يېزىلغانىكەن». مەن ئۇنى دادىلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قول يازما نۇسخىسىنىڭ قىسقارتىلىپ كۆچۈرۈلگەن ۋارىئانتى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىن ئەينە چاغدا ئەخمەتجان قاسىمغە تەقدىم قىلغان قول يازما نۇسخا (يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان) جەمئىي 45 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولسا، بۇ نۇسخى 31 چوڭ - كىچىك ماۋزۇدىن تەركىب تاپقانىكەن. تۆۋەندە مەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم تېپىلغان نۇسخىدىكى ماۋزۇلارنى بىرىنچى قېتىمدىكىسى بىلەن بىرمۇ - بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى ئۈچۈن ئەينەن كۆچۈرۈپ بەردىم.

1.سۆز بېشى 2. ئىلى ئۆلكىسى 3. چاغاتاي دەۋرى 4. ئىلىدا جوڭغارلار دۆلىتىنىڭ تەشكىللىنىشى 5. ئىلىدا مانجۇرلار ھەم تارانچىلار 6. ۋاڭ خولۇ ھەققىدە 7. ئۇستەڭلەر ھەققىدە 8. ئالۋاڭلار ھەققىدە 9. مىس كانلار ھەققىدە 10. سېپىللار ھەققىدە 11. ئىچكى تۇڭگان ئىنقىلابى 12. ئۇيغۇر، تۇڭگانلار ئىنقىلابى 13. غۇلجا سۇلتانلىغى 14. ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ قەتىل بولۇشى 15. باياندىيىنىڭ پەتھ قىلىنىشى 16. قىرى خوجىنىڭ كېلىشى 17. قازى كالان، نەسىردىن ئاخۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 18. مەزەمخاننىڭ سۇلتانلىغى 19. قىرى خوجىنىڭ سۇلتانلىغى 20. قىرى خوجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى 21. موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىغى 22. ئاداققى قورغان كورەنىڭ ئېلىنىشى. 23. موللاشاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى 24. ئۇيغۇر بىلەن

قويغانلىغىمنى بىلمەيمەن»، دېگەندەك باھانە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بىزگە بەرمەي قويدى.

1984 ـ يىلى دادىلم يازغان «ئىلى تارىخى» نىڭ مەرھۇم تارىخ تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى تىيىپجان ھاشىمنىڭ قولىدا بىر نۇسخا بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە بارىسم ۋە قول يازما نۇسخىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە نائىل بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشاللاندىم. ئۇ ماڭا بۇ نۇسخىنى ئاۋتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسلى نۇسخىدىن تەتقىقاتتا پايدىلىنىش، ساقلاش ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنلىكىنى، ئارىيەتكە بېرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ يەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ كېلىشىم لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلدى. مەن شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە باردىم. ماھىنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەم ئاكا مېنى ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقىيۇم غوجا (مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتەنىڭ كۈيئوغلى) بىلەن كۆرۈشتۈردى. بىز بۇ ئەسەرنى نۇر بىلەن بىر نۇسقا كۆپەيتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولدۇق. مەن شۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىمنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. بۇ كۆپەيتىلگەن نۇسخىنى ئېلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى ھېممەت رېھىمنىڭ ئۆيىگە بارسام شائىر ئەلقەم ئەختەم بار ئىكەن. ئۇ ئەسەرنى قولغا ئېلىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

ـ بۇ دەل دادىڭىزنىڭ قول يازمىسى ئىكەن. مەن يېقىندا بۇرادىرىم يۇسۇپ نەزەرنى يوقلاپ غۇلجىغا بارغاندىم. ئۇ جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، ساناقلىقلا كۈنلىرى قاپتىكەن. ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ھەپتە بىرگە بولدۇم. مەن ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن ئەينى يىللاردا ئاكىڭىز ئابدۇرېشىت ئىمىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «ئىلى تارىخى»نىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىنى كۆردۈم. سۈرۈشتۈرسەم، بۇ نۇسخىنى 1965 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شېرىپ يۇنۇس دېگەن كىشى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسلى نۇسخىدىن كۆچۈرگەنىكەن. 1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى غۇلجىدا



شېرىپ يۇنۇستىن بۇرادىرىم يۇسۇپ نەزەر مەن كۆرگەن نۇسخىنى كۆچۈرىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن 1983 ـ يىلى يۇسۇپ نەزەردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ ئالدىم. سىز قايتىپ بېرىپ، مەرھۇمنىڭ ئايالى گۈلبان ھەدەمدىن كۆچۈرۈۋېلىڭ، ـ دېدى. يەنە بىر گەپ دېدى ـ ئۇ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـ يېقىندا، شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ سوۋېتتىكى سىڭلىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتنىڭ ئىچىگە 1945 ـ يىلى ئاقسۇدىن ل. مۇتەللىپ سىڭلىسىغا ئەۋەتكەن خەت سېلىنغانىكەن، مەن بۇ خەتنى ل. مۇتەللىپكە بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىم بىلەن تالاي قېتىملاپ ئوقۇپ چىقتىم، خەت ھەتتە ياد بولۇپ كەتتى. خەتتە: «سىڭلىم، سىز بارلىق يازغۇچى بۇرادەرلەرگە سالام ئېيتىڭ، مېنىڭ بۇ خېتىم سىلەرگە يوللىغان ئاخىرقى خېتىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن سىلەرگە بىر كىشىنى تونۇشتۇراي، ئۇ بولسىمۇ تارىخچى خونخاي مازارلىق ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئاكا بولىدۇ. ئۇ كىشى بىلەن بىر نۆۋەت سۆھبەتلىشىپ قالدىم. قايتا كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم، يازغۇچى بۇرادەرلەر ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرسۇن!» دەپ يېزىلىپتۇ. ئەلبەتتە، ئىمىنجان ئاكىنىڭ تارىخقا مۇكەممەل بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇ تىلغىمۇ باي ئېدى. ئۇ 51 ياشلىق ھاياتىدا بىر نەچچە مىللەتنىڭ تىل يېزىقىنى بىلەتتى. شۇڭا شائىر ل. مۇتەللىپمۇ ئۇ كىشىنىڭ بىلىمىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈگىنى سەزگەنىكەن. ئەگەر ئۇ كىشى موشۇ كۈنلەرگىچە ياشىغان بولسا يەنە قانداق ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقار بولغىيدى ـ دېدى.

دادىلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيخانىسىدىن كۆپەيتىپ ئەكەلگەن قول يازما نۇسخىسى جەمئىي 92 بەت بولۇپ، كونىچە ئىملادا يېزىلغانىكەن. ئوقۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن ھازىرقى ئىملادا ئىش قەغىزگە كۆچۈرۈپ چىقسام 271 بەت بولدى. ئەسەردە مۇئەللىپ ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن مول، يېزىش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، پاكىتلىرى ئېنىق ۋە قايىل قىلارلىق بولۇپ، ئىلى تارىخى ئۈستىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ

بېشىدىكىلەرگە جامائەتداش كىشىلەرگىمۇ ياقماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت بىلەن شارائىت يار بەرگەندە باسايلى» دەپ يازغانلىقى مەلۇم. نەۋرە ئىنىم سېيىت ئۆمەر (شىنجاڭ نېفىت تېخنىكومىدىن پېنسىيەگە چىققان، ھازىر مايتاغدا) نىڭ خاتىرىسىدىن: «مەرھۇم چوڭ دادىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەنە بىر قول يازما نۇسخىسىنى (كۆپەيتىلگەن) قولۇمغا چۈشۈرۈپ، 1957-يىلى 11-ئاينىڭ 30-كۈنى ئىنىم ئابدۇغەنى بىلەن بىرگە شىنجاڭ مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت باشقارمىسىدىكى يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋقا تاپشۇرۇپ بەرگەندە مەرھۇم ئاكىمىز ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىسىنىمۇ بىللە تاپشۇرغان ئىدۇق» دەپ يازغانلىقىدىن ۋاقىپلاندۇق.

دادامنىڭ تارىخي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قول يازمىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مەرھۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىن 1949-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ كاتىپ ھەم تەرجىمانى سۈپىتىدە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ۋەقەسىدە قازا بولدى. مەرھۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دادامنىڭ قول يازمىلىرى ئىنىم ئەنۋەرگە قالغانىكەن. كېيىنچە سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ قول يازمىلارنى 1959-يىلى 1-ئاينىڭ 12-كۈنى چاپچال ناھىيە ئىتتىپاق گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى تىلەۋباينىڭ ئىنىم ئەنۋەرگە: «ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ تارىخ مەزمۇنىدىكى ئالتە پارچە قول يازما ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، چاپچال ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەۋەتىپ بەردىم، ھۆججەت يازغۇچى تىلەۋباي» دەپ ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق. بىز بۇ مىراسلارنى كۆپ ئىزلىگەن بولساقمۇ سىياسىي كېڭەش ئارخىپخانىسىدىن ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.



دادامنىڭ خەلق ئارىسىدىن توپلىغان ماقال-تەمسىللىرىگە كەلسەك بىر قىسمى ئۈچ ۋىلايەت «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1949-يىللىق ئۈچىنچى سانىدا زۇنۇن قادىرى، نۇرمەھەممەت بوساقوۋلارنىڭ توپلىغان ماقال-تەمسىللىرى بىلەن بىرگە بېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957-يىللىق 10، 11، 12-سانلىرى ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1958-يىللىق 1، 2-سانلىرىدا دادام توپلىغان ماقال-تەمسىللىرىنى جەمئىي 313 پارچىسى يورۇققا چىققان ئىدى. مەزكۇر ژۇرنالغا كىرىش سۆزى ئورنىدا: «مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى 1920-يىللىرىدىن 1926-يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەر بىر يېزا قىشلاقلىرىدىكى خەلق ئاغزىدىن بىرمۇ-بىر ئاڭلاپ توپلىغاندى. چۈنكى ئۇ، كىشىلەرنىڭ سۆزىگە چوڭقۇر مەزمۇن يېغىشلايدىغان ماقال-تەمسىللەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلەتتى ۋە ئۇنى سۆيەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلىغان ۋە ساقلاپ كەلگەنىدى. ئىمىنجان ئاكا 3000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئېگە بولالمىدى»، دېگەنلەر يېزىلغانىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان 313 پارچە ماقالە-تەمسىلدىن قالغانلىرىنى يۈسۈپ ئىلياس («ئېغىر تىنىقلار» رومانىنىڭ ئاپتورى) نىڭ قولىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ يۆرەتتۇق. يۈسۈپ ئىلياس ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئىنىم ئەنۋەر ئۇنىڭ ئالمۇتىدىكى تۇرالغۇسىغا ئىزدەپ بېرىپ، دېرىكىنى قىلغاندا ئۇ كىشى قولىغا دەرھال قەلەم ئېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم يازغۇچىغا خەت يېزىپ، ئۇ ئۆزىدىن 50-يىللاردا ئېلىپ قالغان دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ماقال-تەمسىللىرى توپلىمىنىڭ قول يازمىسىنى بىزگە تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. لېكىن ئۇ كىشى بىز ئىزدەپ بارساق: «بۇ ئىشقا تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، قەيەردە

مەرھۇم دادىم ئۆز قولى بىلەن يازغان «ئىلى تارىخى» نى ۋاپاتى ئالدىدا ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىنغا بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئاكام «ئىلى تارىخى»نى ئەخمەتجان قاسىمغا تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان خېتىدە: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىم جاناپلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بۇ ئىلتىماسنى يېزىشىمدىكى مەقسەت، بۇ ئەسەر «ئىلى تارىخى» ئاتىمىز ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تەرىپىدىن 1948-يىلى 28-يانۋاردا يېزىلىپ پۈتكەنىدى. ئاتام ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ماڭا كۆچۈرۈپ، رەتلەپ چىقىشنى تاپشۇرغانىدى مەن كۆچۈرۈش ھازىرلىغىدا تۇرغان ۋاقتىمدا ئاتام رەھمەتلىكنىڭ ئاغرىقى خاس كېلىپ، دۇنيادىن كۆز يۇمدى. لېكىن ئاتام ئۆلەر ئالدىدا:

- مەن بۇ تارىخنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم، بۇ كىتابنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جاناپلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن تەقدىم قىلماقچى ئىدىم، ئۇ كىشى سەرپ قىلغان 22 يىللىق ئۆمۈرىمنى زايا قىلماس دەپ ئىشىنەتتىم، ئەلۋەتتە، بىراق مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. ئەندى مېنىڭ ئورنۇمدا سەن تەقدىم قىلارسەن...! دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. نېمە دەيسىز، ئاتام ئۆلدى، قارىلىق بولدۇق، ھازىرلىق بولدۇق. ئاخىرى شائىر موللا بىلالنىڭ «بىر ماتەم بولدى تېخى بىر تەرەپ» دەپ ئېيتقىنىدەك ھازىمىز-قارىمىز بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ، 1949-يىلى 1-يانۋارغا ئۈلگۈرتتۇم. مۇشۇ يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كىتابنى ۋەسىيەت بويىچە سىز رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جاناپلىرىغا تەقدىم قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئەلۋەتتە، جاناپلىرىنىڭ بۇ كىتابنى ئاتام، مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغاندەك قوبۇل قىلىشلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

ئېھتىرام بىلەن ۋەسىيەت بويىچە تەقدىم قىلغۇچى:

ئابدۇرېشىت ئىمىن



«1949-يىلى، 1-يانۋار» دەپ يازىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتلىرىدە مۇنداق خەۋەر قىلىنىدۇ:

-خونخاي مازارلىق مەرھۇم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ۋاپاتى ئالدىدا ئۆز قىزغىنلىغى بىلەن توپلاپ يازغان «ئىلى تارىخى» دېگەن توپلىمىنى رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى جاناپلىرىغا سۇنۇپ بېرىشنى ئوغلى ئابدۇرېشىتقا ۋەسىيەت قىلغانىكەن. مەخسۇس مۇخبىرىمىزنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەزىمەت ئابدۇرېشىت ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇ تارىخىي توپلامنى بۇ يىل يانۋاردا قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىگە سۇندى. قەدىردان رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى سۇنۇلغان بۇ تارىخىي توپلامنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ، مەرھۇمنىڭ بۇ ئەمگىگىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىغىنى ئوقتۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى.

بۇ تارىخىي توپلامدا: «ئىلى چاغاتاي دەۋرى»، «ئىلى جوڭغار خانلىغى دەۋرى»، «ئىلى سۇلتانلىغى دەۋرى»، «ئىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈرۈشى» ۋە «ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى» قاتارلىقلار ھەققىدە كەڭ مەلۇماتلار بار ئېكەن.

(«ئالغا گېزىتى» 1949-يىلى خەۋەر بۆلۈم 17-يانۋار سانى)

مەرھۇم ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ خاتىرىسىدە: «ئىلى تارىخى» ئاققا كۆچۈرۈلۈپ، نەشرگە تەييارلانغاندا ئۈچ ۋىلايەت گېزىتخانىسىدىكى تەھرىرلەردىن ئەلقەم ئەختەم، ھاشىر ۋاھىت، مۇھەممەت زەيدى قاتارلىقلار كۆرۈپ چىققانلىغى، ئەسەرگە بەرگەن باھاسىدا «بۇ كىتاب ئىلى تارىخى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار تولۇق يېزىلغان ئەسەر بوپتۇ، كىتابنى نەشر قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، بىزگە ئاز ۋاقىت كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىتابتا ھاكىمبەگ ۋە باشقا فېئوداللار سۆكۈنگەنلىكتىن ھاكىمىيەت

سۇمۇل ساقچىخانىغا باشلىق، ئابۇزەر خەلپەم بولسا ناھىيەگە ھاكىم بولۇپ چىقتى. بۇندىن كېيىن ھەر قايسىڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلارمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىڭلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى لايىق تاپتۇق» دەيدۇ. شۇ خەلقنىڭ ۋەكىلى رىۇن چۇئەن: «موللا ئاكابۇ كىچىك ئىش ئېكەنغۇ، مەن چوڭ ئىشمىكىن دەپتىمەن. تارىختا ئۇيغۇرلار سەرسان بولۇپ يەرلەر تېرىقسىز قېلىپ، دەن (ئاشلىق بېجى) تۆلەنمىگەچكە مەنچىڭ بىزنىڭ ۋاقتىلىق تېرىپ دەن تۆلىشىمىزنى بەلگىلىگەنلىكى ئېنىق ئىشقۇ، بۇنى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك» دېگەن. باشقا مۆتىبەرلەرمۇ بىردەك ھەل قىلىشقا قوشۇلۇپ، كىچىكبۇغرا، غاپپار ئۆستىڭى (دۆڭ مەھەللە تەۋەسىگە) 49 كىشىلىك يەر، دولاتا، خونخاي مەھەللىسىگە 19 كىشىلىك يەر، چوڭبۇغرا، تېۋىلغا مەھەللىسىگە 14 كىشىلىك يەر، جەمئىي 92 كىشىلىك يەر بېرىش توختام قىلىنىپ بۇ يەرلەر تاغ باغرىدىكى يۇرتلارغا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلگەنىدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم دەپ قارايمىزكى: ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەرلەردە تېرىلىدىغان يەر ئۆلچەم قىلىنماستىن، سۈيى ئاساس قىلىنىدۇ. جاغىستايدا بىر كىشىلىك سۇ 60 مو يەر ھېسابلانسا، بۇ سەككىز يۇرتتا بىر كىشىلىك سۇ 40 مو يەر ھېسابلىنىپ، بۇنىڭغا بەش يېرىم پۇت يەنى 88 كىلوگرام دەن تۆلەش بېكىتىلگەن. 1945 ـ يىلى يەرلەرنى تەقسىم قىلىش تېرىلغۇ ۋاقتىغا ئۈلگۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر دېھقانلار 1946 ـ يىلى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان يەرلەرنى تېرىپ يەر ۋە سۇ ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولغان.

1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ھەر قايسى يۇرت يۈز بېشىلىرىنىڭ يەر بۆلۈشتە بىر قىسىم يۇرت چوڭلىرى، بايلارغا نۇرغۇن يەر بېرىپ، ئۇلار ئۆزلىرى تېرىماي ئىجارىگە بەرگەنلىكىدەك ئەھۋاللارنى ئۇقتى. مەسىلەن: ئابۇزەر خەلپەمگە ئۈچ كىشىلىك، جاغىستايدىكى ئىلياس بايغا ئۈچ كىشىلىك، دادىل ئىنىمجان باھاۋۇدۇنغا ئىككى كىشىلىك يەر بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن دادىل ئۆزى بىۋاستە دۆڭ مەھەللىگە چىقىپ، دۆڭ مەھەللىدىكى خەلق سۆزىنى سۆزلىگۈچى مەخپىر دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە تۆرت يۇرتنىڭ چوڭلىرىنى، يۈز بېشىلارنى يىغىپ «بۇ يەرلەرنى



ئىمىنجان، ئابۇزەر، ئىلياسبايلارغا بەرگەن ئەمەس، ئەسىرلەر بويى، سۇغا تەشنا بولغان خەلققە بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق كىشى بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىر كىشى بىر كىشىلىك سۇ ئىچىدۇ، بۇ يەرگە كەلگەن يەر تېرىغۇچى يەر سېتىۋالمايدۇ، كۆچۈپ كەتكۈچى يەر ساتمايدۇ، كىم تېرىسا شۇ دەن تۆلەيدۇ» دەپ پىكىر قىلىش بىلەن يەرلەرنىڭ تېرىغۇچىلارنىڭ قولىدا بولۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، غاپپار يېرىنى 280 تۇتۇن تېرىيدىغان، دەننى 49 كىشىلىك سۇغا تۆلەيدىغانغا كېلىشىپ يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلدۇرغان، نەتىجىدە كۆپ يەر ئېگىلەپ ئىجارىگە بەرگۈچىلەرمۇ يەر ئالمىغانىدى. دېمەك، دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خەلقپەرۋەر كىشى بولۇپ ھەر قانداق بىر ئىشتا خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى. ھەمىشە خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىندە ئاقاتتى.

دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۆز ھاياتىدا خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئىلى مائارىپىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى تارىخ تەتقىقاتى ئىشلىرىغىمۇ بېغىشلاپ، يۇرتىمىز تارىخى ۋە باشقا تارىخىي تېمىلار ئۈستىدە تىنىماي ئىزدەندى. ئىلى يېزىلىرىدىن ، يەتتىسۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى كېزىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ چىققان ۋە ساقلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە «ئىلى تارىخى» ، «مۇختەرەمە تارىخى»، «ئىسلام خەلپىلىرى ۋە سۇلتانلىرى تارىخى»، «مۇسۇلمان ئۆلىمالار تارىخى»، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى «ئىلى تارىخى» نى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارمان قىلغانىدى. ئەپسۇس، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بۇ ئارمىنىغا يەتكۈزمىدى. ئۇ 1948 ـ يىلى 23 ـ مارتتا، 51 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى.

كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، كۆچۈپ كېلىشكە پېتىنالمىغانىدى.

سەككىز يۇرت خەلقى كۆچۈپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جەبرى-جاپالار بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆي-ماكانلىرى، ئۆستەڭلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى تاشلىنىپ تېرىقسىز قالغان.

مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يەرلەرنىڭ تېرىقسىز قېلىشى بىلەن، بۇرۇندىن ئېلىنىۋاتقان ئالۋاڭ-ياساقتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايدۇ - دە، ئالۋاڭ - ياساقنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرلەرنى سەككىز سۇمۇلدىكى شىۋەلەرنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بەرگەن (ئەسلىدە قاراسۇ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، 1882-يىلىغا كەلگەندە چاپچال ئۆستىڭى چېپىلىپ، شۇ ئۆستەڭ سۈيىدە يەر تېرىپ كەلگەن شىۋەلەرنىڭ ئەۋلادلىرى).

يەرلەرنى تەقسىم قىلىش مۇنداق بولغان:

خونخاي غولىنىڭ دولاتا، ئابدۇساتتار، سادىق ئۆستىڭىدە سۇغۇرىلىدىغان يەرلەرنى-تۆرگۈن سۇمۇل، ئۈچسۇمۇل، تۆرت سۇمۇلغا؛

غاپپار سالدات (سىتىۋالدى) ئۆستىڭى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەرنى بەشسۇمۇل ، ئالتە سۇمۇلغا، كىچىكبۇغرا ئۆستىڭىنى يەتتە سۇمۇلغا؛

چوڭبۇغرا سۈيىدە سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەرغا سەككىز سۇمۇلغا، خۇيزۇن سۇمۇلغا تەقسىم قىلىدۇ.

كېيىنچە رۇس يېرىگە كۆنەلمەي قايتىپ كەلگەن يەرلىك تارانچىلار ئانا يۇرتلىرىغا ماكانلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ يەر تېرىش، سۇدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن پومىشچىكلارغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىدى.

1935-1936-يىللىرى شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شىڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سەياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا دېھقانلار «يەر سۈيىمىزنى ئۆزىمىزگە



قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك فېئوداللارنىڭ سۆزى ئۈستۈن كېلىپ، دېھقانلارنىڭ تەلىپى ئىشقا ئاشمىغانىدى.

1945-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر قىسىم خونخايلىقلار خونخاي مازىرىغا، بىر قىسىملار قەشمكى خونخاي مەھەللىسى، دولاتا مەھەللىلىرىگە كۆچۈپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىنا قىلغان ئۆستەڭ ۋە مۇنبەت يەرلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بولمىغاچقا شىۋەلەردىن يەر ئىجارە ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

شۇ يىلى دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن سەككىز يۇرت خەلقىنىڭ ئەرزىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە كېچىكتۈرمەي يوللىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەرزنامىگە سېلىپ بەرگەن «شىۋە خەلقىنىڭ مۆتىبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلسا بولىدۇ» دېگەن تەستىقى بويىچە دادىل (بۇ دادامنىڭ سۇمۇل ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقتى ئىدى) شىۋە خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۆتىبەرلىرىدىن: چۆلەن، گاۋال، شۇشەن، ئەرشەن، چاڭ باجچى (چاڭ جىڭشەن)، رۇن چۈئەن، ساۋال قاتارلىق 20 دەك كىشىنى ئۈچسۇمۇلغا يىغىپ (ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەينى چاغدا ئۈچسۇمۇلدا ئىدى) سەككىز يۇرت خەلقىنىڭ 1881-1883-يىللاردىكى كۆچ-كۆچتىن كېيىن يەر، سۇ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، كۆچ-كۆچتە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەرلەرنىڭ تېرىقسىز قېلىپ، ئالۋاڭ-ياساقتىن قۇرۇق قالماسلىقى ئۈچۈن شىۋە خەلقىنىڭ تېرىپ سېلىق تاپشۇرۇشى ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىدەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ شىۋە خەلقىنىڭ بۇ ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى بويىچە بۇ تارىخىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەستىقلىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە: «سىزلەر بىلەن بىز يېڭى تونۇشقان كىشىلەر ئەمەسمىز. تارىختىن بېرى چاپچالنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، نېنىنى تەڭ يەپ كېلىۋاتىمىز. بۈگۈن مەن

مەھەللىسىدىن 251 ئادەم قولغا ئېلىندى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە قولغا ئېلىنغان ئادەم 60 مىڭغا يەتتى. بۇلاردىن قانچىلىكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكى نامەلۇم. ئامما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا گومىنداڭ غۇلجا شەھەرلىك ساقچىنىڭ تاھارەتخانىسىدىن 251 جەسەت چىققانلىقى توغرىسىدا گەپ-سۆز بولسىلا دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن غەزەبلىنىپ ئولتۇرالماي قالاتتى. تارىخنىڭ قىسمەتلىرى نەقەدەر ھەيران قالارلىق - ھە؟ ئۇ، ئەندى ئادەم قامايدىغان يەنە كېلىپ ئۆزىنى قامىغان ساقچىغا باشلىق بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭ ئۇقتۇرۇش ئالغان چاغدىكى چىراي ئىپادىسىدىن تۇرمە ئازابلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ دېكتاتۇرىنى خەلق دۈشمەنلىرىگە قارىتىپ، يېڭى تاڭنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشنى نىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدۇق. دەرۋەقە، ئۇ ساقچىغا باشلىق بولۇپلا ئىشنى گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاشتىن باشلىدى، ئېغىر جىنايىتى بار شپىيونلارنى ساقچىغا يىغدى، خەلقنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ، ئەستايىدىل ئېنىقلاپ دادىل بىر ياقلىق قىلدى.

1945-يىلى 3-ئايدا سۈمۈل (چاپچال) ناھىيەسىدىكى سەككىز يۇرتنىڭ نەچچە يۈزلىگەن دېھقانلىرى: «ھازىر ھۆرىيەت ئېچىلدى. تارىختىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان خونخاي غولىدىن ئېقىپ چىقىدىغان غاپپار (ئاپپار ئەمەس)، دولاتا، سېتىۋالدى، ئابدۇساتتار، چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرا ئۆستىڭى ۋە سۇلىرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ھەم بۇ ئارقىلىق سۇغۇرىلىدىغان يەرلەرنى ھۆكۈمەت قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرسۇن! بولمىسا ئۆزىمىز قايتۇرىۋالىمىز.» دەپ ئەرز يېزىپ، ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىغا كېلىپ غەۋغا كۆتۈرگەن. بۇ چاغدا دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ يوقىرىغا يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا چىقىپ:

- سىلەر ھازىرچە قايتىپ كېتىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار. بىز شۇۋەلەر بىلەن تارىختىن بۇيان ئىناق ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بىھۇدە جېدەل - ماجىرا قىلىشىش بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىش بولسا ئۆز ئارا سۆزلىشىش ئارقىلىق



ھەل قىلىشىمىز كېرەك، - دەپ كەلگەن دېھقانلارنى تارقاپ كېتىشكە كۆندۈرگەن ئېدى. ئەسلى ئىشنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق بولغانىكەن:

ئېلىمىز تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە 1864-1867-يىللىرى قوزغالغان ئىلى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىدا چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا، دۆڭ مەھەللە، سېتىۋالدى، دولاتا، خونخاي مەھەللىسى دېھقانلىرى شۇۋەلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاقفۇزا مىراب رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، كۈرە، بايانداي سېپىللىرىدا قامىلىپ قالغان مانجۇرر چېرىكلىرى ئۈچۈن موڭغۇلكۈرەدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلاپ قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىدا زور رول ئوينىغانىدى. 1868 -يىلى مىللىي ماجىرالار تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ مەغلۇب بولغاندا مانجۇر چېرىكلىرى ئاقفۇزا مىراب باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى ئىنتايىن ۋەھشىيلىك بىلەن قىرىپ ئۈچ ئالغانىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرا، دولاتا، خونخاي، سېتىۋالدى، دۆڭ مەھەللە قاتارلىق 8 يۇرت خەلقى باش پاناھ ئىزدەپ خونخاي غولىنىڭ جەنۇبىدىكى دىلمۇك تېغىنى باغرىلاپ قېچىپ، يەتتىسۇدىكى ئاقسۇ، دولاتا، بايىن قازاق، كىچىكبۇغرا، چوڭبۇغرا، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا يەنە ياركەنتكە يېقىن خونخاي دېگەن يېزىلارنى قۇرۇپ ئورۇنلاشقان. چۈنكى رۇسىيە 1864-يىلى، 10-ئاينىڭ، 7-كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە زورلۇق بىلەن ئىمزالىتىۋالغان «رۇسىيە-جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش خاتىرىسى» ئارقىلىق جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى يەرلەر رۇسىيەگە قارام بولۇپ قالغانىدى. قاچقۇنلارنىڭ بىر قىسمى كۆنەلمەي 1870-يىللىرى قورغاس ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە يېنىپ كېلىپ سېپىل ياقىسىغا، يەنە بىر قىسمى ھەر قايسى يۇرتلارغا تارىلىپ ئورۇنلاشقان، شۇ قېتىملىق كۆچ-كۆچتە خونخاي مازار شەيخلىرىمۇ پۈتۈنلەي قېچىپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. 1881-يىلى «جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» بويىچە ئىلى ۋىلايىتى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلگەندە ئۇلار، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ

كۆينەك، تامبالىرىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزەمنى تۇتۇۋالماي «دادا!» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتىمەن. تۇيۇقسىز «گۇم!» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئۆگزىگە يىقىلدىم. شۇ يىقىلغانچە ئۆيدە ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپتىمەن. بىز مېڭىشتىن بۇرۇن، ئانام مېنىڭ باش كۆزۈمنى تۇخۇمدا تەڭلەپ، خۇددى ئاغرىقلاردەك ھارۋىغا ياتقۇزۇپ ئۇزاتتى. بىز ئانامنىڭ تاپشۇرۇغىنى شۇ پېتىچە ئورۇندىدۇق. كېيىن تاۋۇزچى ۋاسىلىينىڭ دادامنىڭ ئامانىتىنى ئاكام ئابدۇرېشىت ئىمىنغا ساق سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇق.

دادامنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرەپ ئائىلىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق مالچىسى ۋە دادامنىڭ قەدىناس دوستى ئوتاربايىنمۇ «دادام بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ قولغا ئالغان بولۇپ، ئۇنى دادام قامالغان ئۈچسۇمۇل ساقچىخانىسىغا قامىماي، ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىدىكى باش ساقچى تۈرمىسىگە قامىغانىدى. ساقچىدىكىلەر ئوتارباينى: «ئېيت، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بىلەن قانداق خىيپيانە ئىشلىرىڭ بار؟» دەپ ئېغىر قىيناققا ئېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سىرتتا بىر كىشىنىڭ ئېغىر كىشەننى شاراقلىتىپ ماڭغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ كىم بولغىيدى؟» دېگىنچە قاماقخانا ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، بېشىغا تاغار كىيگۈزۈلگەن بىر تەمبەل مەھبۇسنى سوراقخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە - مۇشۇ كىشى بەلكىم مولداكە (ئۇ دادامنى ھۆرمەتلەپ شۇنداق ئاتايتتى) بولۇشى مۇمكىن... دەيدۇ-دە، ئۇنى سوراقتىن ئېلىپ قايتاشىدا سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئۆزىنى چىقىرىپ مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

مولداكەيۇ، مولداكە،
قايتسام ئېكەن مولداكە؟
قالمادى جانىم چىبىندايى،
ئايتسامىكەن مولداكە...!



ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان دادام (بۇ دەل دادامنىڭ ئۈچسۇمۇل ساقچىخانىسىدىن باش ساقچى تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن كۈنلىرى ئېكەن) دەرھال: -ئوتارباي مېنى «مولداكە» دەپ چاقىرىدىغان، ئۇمۇ مۇشۇ يەرگە قامالغان بولمىسۇن، يەنە - دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئەتىسى سوراققا ئېلىپ چىققاندا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇيدۇ:

تان-تان دوستۇم تان دوستۇم،
تانساڭ جانىڭ قالار دوستۇم.
تاياققا ھېچكىم ئۆلمەيدۇ،
تانساڭ جانىڭ قالار دوستۇم.

بۇ قوشاقتىن ئەقىلگە كەلگەن ئوتارباي سوراقتا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى پەملەيدۇ - دە سوراق قىلغاندا:

- مەن ئىمىنجاننىڭ بىر قارا دوقال ئۆكۈزىنى «ئوغرى ئالدى» دەپ سوۋېت يېرىگە ئاپىرىپ سېتىۋەتكەن، «گۇناھىڭ بارمۇ؟» دېسەڭلار پەقەت مۇشۇ گۇناھىملا بار، - دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۈچ ئاي بولدى دېگەندە تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى.

1945-يىلى، 1-ئاينىڭ 1-كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدىن «ئىمىنجان باھاۋۇدۇن سىز چاپچال ساقچى ئىدارىسىگە نەچەلىك ساقچى ئىدارە باشلىغى بولۇپ تەيىنلەندىڭىز، مۇشۇ ئوقتۇرۇش قولىڭىزغا تەككەن ھامان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوماندانلىق ئىشتابىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، خىزمەتنى تاپشۇرۇپ ئالغايسىز»، دېگەن ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. ئادەتتە كىشىلەر ئەملى ئۆسسە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلاتتى. ئەمما دادام ئوقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ جىددىي، سۇرلۇك قىياپەتكە كىردى. كىمدۇر بىرى بىلەن زاكونلىشىۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتە ئۇچقۇندايتتى. ئۇنىڭ غەزەپلىنىدىغىنى شۇكى، 1940-يىلىدىكى چوڭ تۇتقۇندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانىدى. شۇ چاغدا چاپچالنىڭ 400 ئائىلىلىك خونخاي

1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، 2 ـ قېتىملىق ئاتالمىش «سوۋېتلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقاردى. كوممۇنىستلارنى، ئىلغار زىيالىيلارنى، ياپونغا قارشى دېموكراتىك زاتلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى. بۇ قېتىمقى تۇتقۇندا دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇنمۇ قولغا ئېلىنغان بولۇپ، دەسلەپ سۇمۇل (چاپچال) ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە قامالدى. 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە شۇ ۋاقىتلاردا توغرا كۆۋرۈكتىكى «دايىول تۈرمىسى» گە (ھازىرقى ئىلى تېلېۋىزىيە ستانتسىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) يۆتكەلدى. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى «دايىول تۈرمىسى» گە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى چىقىلدى. دادام تۈرمىگە تاشلىنىشىنىڭ ئالدى كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلار خۇددى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. قولغا ئېلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن دادام سۇمۇل ھاكىم مەھكىمىسىدىن خونخاي مازاردىن ئۆيىمىزگە چىققانىدى. ئۇ ئاۋال ئاپام زەينەپخانغا ئۆيىمىزنىڭ دەرىزىسىدىن كۆن چىقىشقا جايلاشقان 400 مېترچە ئېگىزلىكتىكى قىيا تاشنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ نېمىندۇر بىر نېمىلەرنى جېكىلىدى. ئاندىن ئەزىم سوچەكوۋ، خوسۇر شېرىپ، قەمبىردىن، ئوبۇل پازىل قاتارلىق ئەپەندىلەرگە قاراپ:

ـ قارىغاندا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مېنى يەپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار «چەتنىڭ مائارىپىنى كىرگۈزدۈڭلار» دەپ تۆھمەت قىلسا، بارلىق جاۋابكەرلىكنى ماڭا ئارتىپ قويۇڭلار! ـ دېدى.

دادامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاپامغا زادى نېمىلەرنى تاپىلىغانلىقىنى ئۇ تۇتقۇن قىلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇقتۇم. ئەسلىدە دادام ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ كەلگەن كىتابلىرى ۋە تارىخ ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىپ يېزىۋاتقان قول يازمىلىرىنى تۇتقۇن قىلغۇچىلارنىڭ ئاختۇرۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆيىمىزگە ئانچە يىراق بولمىغان 400 مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇپ



قويغانىكەن. ئەل ياتقۇ ۋاقتى ئىدى. ئاپام ماڭا نەۋرە ئاكام ھاشىمنى چاقىرتقۇزۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ھاشىم، موللا داداڭنىڭ قىيا تاش ئۆڭكۈرىگە يوشۇرغان كىتابلىرىنى كېچىلەپ ئېلىپ چۈشۈپ، ئوتالىپ (ئۇيغۇر) نىڭ تۈگمىنىگە يوشۇرۇپ قويدۇم. ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ چۈشۈپ بەرگىن! ـ دېدى. ھاشىم ئاكام ناھايىتى جىگەرلىك، قورۇقماس يىگىت ئىدى. ئۇ كېتىپ بىردەمدىلا كىتابلارنى ئېلىپ چۈشتى ۋە ئانامغا:

ـ تاغارغا قاچىلىغان كىتابلار بەك ئېغىر ئىكەن، ئاتقا ئارلان ئارتىپ چۈشتۈم. كىچىك ئانا، سىز ئايال كىشى تۇرۇپ قانداقمۇ تاغدىن ئېلىپ چۈشكەنسىز؟ ـ دېدى، ئانام:

ـ بالام، بۇ نەرسىلەر موللا داداڭنىڭ جېنى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يېزىپ چىققان قول يازمىلىرى ۋە كېرەكلىك كىتابلىرى بولغاچقا جېنىمنى تىكىپ، غەيرەتكە كېلىپ كۆتۈرۈپ چۈشتۈم. بۇنى مەندىن باشقا ھېچ كىم بىلمەسلىكى كېرەك ئىدى، بۈگۈن بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ سىلەرگە ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەتە سىلەرنى ئەلنىڭ كۆزىچە «ئوغلۇم ئابدۇشۈكۈر ئاغرىپ قالدى. ھاشىم ئاكىسى ئۇنى ئۈچسۇمۇلدىكى تېۋىپقا ئاپارماقچى» دەپ يولغا سالىمەن. دولاتاغا بارغاندىن كېيىن ئاتىنىڭ بېشىنى غۇلجا تەرەپكە بۇراپ ئالتە سۇمۇلنىڭ تۆۋىنىدىكى تاۋۇزچى ۋاسىلىي (رۇس) غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۈچسۇمۇلغا قايتىڭلار! ـ دېدى.

دەرۋەقە مېنى ئاغرىق دېسە خۇشىنلارمۇ، ئۆيىمىزنى پايلاۋاتقانلارمۇ قىلچە گۇمانلانمايتتى. سەۋەبى، دادام تۇتۇلغان كۈنى ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى چېگرا ساقلاش ئەترىتى قورۇسى ئىچىگە قامالغانىكەن، ئۆگزىدە تۇرۇپ قارىسا قورۇ ئىچىدىكى ئىشلار «مانا مەن» دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتقا ئوت سالغىلى ئۆگزىگە چىققاندا، تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان دادامغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، مەن ئۇنىڭ كىيگەن ئاپپاق

ئىدى) يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان زاكات پۇلىنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىپ ۋىلايەتلىك دىنىي نازارەتكە بىرلىكتە خەت يېزىش، 3-زەي ئاپتىنىڭ تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقتا بولغان زىيىنىنىڭمۇ ئېغىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ چاپچال چېگراسىدىن توققۇزتارا موخورغىچە بولغان 36 شاڭيولۇق يەردىكى بايلاردىن تېرىلغۇ يەر-ئوتلاقنىڭ خوجايىنى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇناسىپ ھالدا قورۇلۇش خىراجىتى يىغىش. نەزەرخان غوجا ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك ئەمەلدار ئىدى. نەتىجىدە دادامنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ بايلاردىنمۇ قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن چارۋا مال، ئاشلىق، نەق پۇل يىغدۇرىدۇ.

دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ توققۇزتارا خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن يەنە بىر ھەققانىي ئىشى شۇكى، ناھىيە يامۇلىنىڭ شۇ چاغدىكى دورغىسى توختى چولاق ئۆكتەملىك، ئىپلاسلىقتا چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ھە دېسىلا گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆخمەتتىن تۇك ئۈندۈرۈپ يوقىلاڭ گۇناھلارنى ئارتىپ، قاماققا ئالاتتىكەن. قىز چوكانلارغا يولسىزلارچە پوخورلۇق قىلىپ، زۇلۇم سالاتتىكەن. خەلق ئۇنىڭغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ھۆكۈمەتكە تالاي قېتىم ئەرز سۇنغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەرزىنى سورايدىغان ئادەم يوق بولغاچ توختى چولاق ئۆز بىلگىنىنى قىلىۋېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دادام ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى نەزەرخان غوجامغا مەلۇم قىلىپ، توختى چولاقنى يامۇلدا ياتقۇزغان. ئۇ ناھەق قولغا ئالغان 20 نەپەر «گۇناھكار» نى بوشاتقۇزۇپ ۋە بۇ مۇتىھەمنىڭ خورىكىنى يەرگە ئۇرۇپ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى ياقلىغان ئېكەن.

چاپچال ناھىيەسى توققۇزتارا دىن بۆلۈنگەندە، ھۆكۈمەت تەرەپ نەزەرخان غوجىنى غۇلجا شەھىرىگە دوتەي قىلىپ يۆتكەيدۇ. نەزەرخان غوجا ئۆزىنىڭ كاتىبى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دادامنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا دادام:



-مەن مائارىپ كەسپىنى قىزغىن سۆيىمەن. ئەگەر ياخشىسى ئۆز يۇرتۇمنىڭ مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىغا كۈچ چىقىرىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز!، - دەپ چاپچالغا قايتىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ چاپچالغا قايتقاندىن كېيىن چاپچال ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دىنىي نازارەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قوشۇمچە يەنە ناھىيەنىڭ يول-كۆۋرۈك، سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئاممىۋىي ئىشلارغىمۇ باشچىلىق قىلىدۇ. دادام چاپچال مائارىپىنى تۇتقان چاغلاردىن ئانا يۇرتىنىڭ پەننىي مەكتەپ مائارىپىغا نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتكەن ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە تۆرت يىل ئىچىدە ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ يىراق يېزا-قىشلاقلارغا سەككىز پەننىي مەكتەپ سالدۇرۇپ، چاپچال يېزىلىرىنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئۇنتۇلغىسىز تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۇ مەكتەپلەر: 1. جېرەن بۇلاق دېگەن يەرگە بىر قازاق مەكتەپ سالغۇزغان (ئورنى ھازىرقى 67-پولك تەۋەسىدە) ئوقۇتقۇچىسى ئەۋەلقان (قازاق). 2. شاقىرما دېگەن يەرگە بىر موڭغۇل مەكتەپ سالغۇزغان (ئورنى خونخاي مازىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغ باغرىدا) ئوقۇتقۇچىسى بات توچۇك (موڭغۇل). 3. كىچىكبۇغرىلغا ئۇيغۇر مەكتەپ سالغۇزغان، ئوقۇتقۇچىسى ئاسىم مەسۇم(ئۇيغۇر). 4. قۇجۇرتايغا قازاق مەكتەپ سالغۇزغان، ئوقۇتقۇچىسى يىمام مۇقامەت (قازاق). 5. سوقۇم بۇلاقتا ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپ سالغۇزغان، ئوقۇتقۇچىسى ئەختەمباي (ئۇيغۇر)، ئەۋەلباي (قازاق). 6. ئۆكۈرجىگە موڭغۇل مەكتەپ سالدۇرغان، ئوقۇتقۇچىسى پورۋە (موڭغۇل). 7. ئالمالىغا قازاق مەكتەپ سالغۇزغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى ھېسامىدىن ئەپەندى (ئۇيغۇر) دېگەن كىشىلەر ئىدى. دېمەك، ئۇ چاپچالنىڭ مائارىپ ئاقارتىش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئىمىنجان باھاۋۇدۇن دېگەن مۇبارەك نامى گويا باھار يامغۇرىدەك چاپچالنىڭ تاغ داللىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

ماركىلىق داڭلىق يانچۇق سائاتنى ئىشلىتىپ يۈرۈشى، مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل قەلەم بىلەن خەت يېزىشى مەن ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ تۇيۇلغانىدى. مەن ئاخىرى بۇنىڭ تەكتىگە يەتمەك بولۇپ:

— موللا ئاكا (بىز ئادەتتە ئۇنى شۇنداق ئاتايتتۇق) سىز بۇ بىلىملەرنى نەدىن ئۆگەنگەن ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن كىتابلىرى ئارىسىدىن بېغىررەڭ تاشلىق بىر توم كىتابنى چىقىرىپ:

— مەن بىلىمنى دەل مۇشۇنداق كىتابلاردىن ئۆگەندىم. بۇ كىتاب كۆپ تىللىق لۇغەت، ئەگەر سىز تىل ئۆگىنەي دېسىڭىز، مانا موشۇ كىتابنى ئۇستاز تۇتۇڭ! — دېگەنىدى. مەن:

— «ئاپىرىن! مۇنداقمۇ تۇغما قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولىدىكەن — ھە، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىدىم»، — دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

دادىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن يەنە تارىخ تەتقىقاتىغا پايدىسى بار دەپ قاراپ، ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىگە بېرىپ كېلىپ يۈرۈپ، مەخسۇس بىر يىل موڭغۇل تىل يېزىقىنى ئۆگەنگەنىكەن.

دادىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ يۇقىرقىدەك بىر قاتار پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى، ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتەردى، خەلق ئىچىدە، ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئالدىدا يىراقنى كۆرەرلىكىنى، يارامىلىق، ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. 1934 ـ يىلى توققۇزتارا ھاكىمى نەزەرخان غوجا ئۇنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىۋالدى. 1936 ـ يىلى چاپچال ئۆز ئالدىغا ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا دادىلى چاپچال ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈم باشلىقى، دىنىي نازارەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. يۇرت ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر ياقلىق قىلىش، يول، كۆۋرۈك ياساش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە چاپچال ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.



ئۇ، مەيلى قايسى دەۋردە، قانداق خىزمەت ئىشلىسۇن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى مۇقەددەس ۋەزىپە بىلىپ، نورغۇنلىغان ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلەپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇ، نەزەرخان خوجىغا كاتىپ بولغاندا توققۇزتارادا زەي ئاپىتى ئېغىرلىشىپ، خەلققە ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان بالايى ـ ئاپەتنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى، ھەتتا ناھىيە مەركىزى ھازىرقى ئورۇندىن ئىلاجىسىز تاشتۆپىگە يۆتكەلگەنىدى. دادىلى كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زەي ئاپىتىنى يوقىتىش توغرىسىدا ھاكىمغا: كەڭ تۇردە زەيكەش قېزىش، كونا بازار (دۆڭمەھەللە بىلەن ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسى) نىڭ غەربىدىن ۋە ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن شىمالغان قارىتىپ زەيكەش قېزىپ، زەي سۇنى ئىلى دەرياسىغا ئېقىتىش، زەي ئاپىتىنى پەيدا قىلىۋاتقان موڭغۇل ئۆستىڭىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مويۇنگۆزەر تاش داۋان ئۇيغۇر ئۆستىڭىنى كېڭەيتىپ چېپىش، ناھىيە مەركىزىنى ھازىرقى ئورۇنغا كۆچۈرۈش، كونا بازار خەلقىنى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە كۆچۈرۈپ، «دۆڭمەھەللە» نامىدىكى مەھەللىنى بەرپا قىلىپ، خەلقنى زەي ئاپىتىدىن ئازاد قىلىش تەكلىپلىرىنى بېرىدۇ. ھاكىم بۇ تەكلىپلەر ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئەللىك بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى دېگەنلەرنى يىغىپ مەسلىھەت، كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ سەمىگە سالىدۇ، تەكلىپ ئاخىرى قوبۇل كۆرۈلىدۇ. شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىز ئېدى. شۇ قەدەر زور قۇرۇلۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلانماي بولمايتتى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى: «ئاۋامنىڭ كۈچى تەڭداشسىز، ھاشار قىلىش يولى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش كېرەك» دېيىشكەندە، دادىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاكىمغا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بېرىدۇ: 1 ـ ھۆكۈمەتتە يىغىلىپ تۇرۇپ قالغان بەيتۇل مالنى ئىشلىتىش؛ 2 ـ ئۆشرە — زاكاتنى ئىشلىتىش، ھاكىم بىلەن ئابدۇرېشىت داموللام (شۇ چاغدا ناھىيەلىك دىنىي نازارەتنىڭ باشلىقى

قىلىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى ۋە يانچۇقىدىن بىر تىزىملىكنى چىقىرىپ، ـ مەن ئۇزاق ئويلىنىپ باج تۆلىگۈچىلەرنى مۇنداق تۆرت دەرىجىگە ئايرىدىم، ـ بىرىنچى دەرىجە بويىچە باج تاپشۇرىدىغانلار: جۇ جاڭگۇيدى، ئابدۇرېھىم ھاجىم، ئەۋەز، مۇخپۇللا، جەكسىنبە، غىياسىدىن ئىمام، سىرىمباي، دەۋىتبېك، بولاتباي، ماناپ قاتارلىقلار. ئىككىنچى دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدىغانلار: ئويمانداۋۇت، دوڭداۋۇت، ياقۇپ ئاخۇن، شېرىپ ئاخۇن، خوجام بەردى، ناغا، چىلە قاتارلىقلار. ئۈچىنچى دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدىغانلار: ھاسان تاغا، داۋۇت تاغا، دوگان تاغا، خۇشنەزەر تاغا قاتارلىقلار. تۆرتىنچى دەرىجىلىك باج تاپشۇرىدىغانلار: ئىمىنجان باھاۋۇدۇن، سارسېنبە، ئەماتا، ساۋۇت، ھۈسەيىن، ئەنسەردىن قاتارلىقلار. باج مال سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىندى. مېلى جىقلار جىق، ئازلار ئاز تاپشۇرىدۇ ـ دەپ بولۇپ كۆپچىلىككە يۈزلىنىپ:

ـ چېگارا ساقلاش ئەترىتىدىكى گودارىنىغمۇ مال سانىغا قاراپ تېگىشلىك باج پۇلى چاچتىم. ئەگەر بۇنىڭغا رازى بولمىساڭلار ساناقچى ئازات باينىڭ تىزىملىكىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار! ـ دېدى. گودارىن كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن مۇنۇلارنى دېدى:

ـ ئىمىنجان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىچىدە ئابرۇيلۇق، دۇرۇس كىشى، ھەرگىز كىشىنىڭ ھەققىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. مەن ئۇنىڭ تەقسىماتىنى ئادىل بولدى دەپ قارايمەن ـ دەپ تەقسىماتنى بېكىتتى.

شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق باج يىغىۋېلىش باشلىنىشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل بولغان بولدى. ئەگەر مەن ئۆزەم يالغۇز قاتراپ يۈرۈپ باج پۇلى يىغىدىغان بولسام، باج يىغىش ئىشى بىر نەچچە يىلغا سوزۇلۇپ كېتىكەن بولاتتى. مەن ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ ئەل ئىچىدە يۈزۈمنى يورۇق، يولۇمنى راۋان قىلغانلىقىغا تا ھازىرغىچە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەي كەلدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ خەلق ئارىسىدا ئابرويى ئۈستۈن، توغرا كېسەر ئادەم ئىدى»، ـ دەپ ھېكايىت قىلىپ بەرگەنىدى.



سوۋېت ئىتتىپاقىدا كولاكلارنى يوقىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇشى بىلەن تەڭلا 1928 ـ يىلى رۇس مىللەتچىلىكى ۋە مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىكى ئەۋج ئېلىپ، مىڭلىغان ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ناھەق زەربە بېرىلىدۇ. ئەنە شۇ قاتاردا سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى، تارىخچىسى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ (نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ 1887 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ياشىغان) ناھەق قارىلىنىپ، قولغا ئېلىنىش ئالدىدا چاپچالغا قاراشلىق خونخاي مازارغا سوۋېت يېرى غالجاتتىن قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسى كۆچۈپ كەلگىچە بىرىنىڭ ئۆيىدە پاناھلىنىدۇ. بۇ دەل دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى» نى يېزىۋاتقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر بالىسى ئابدۇسەمەتوۋنىڭ مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا دادامنى پاناھ تارتىپ كېلىشى پۈتمەس تۈگىمەس خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. دادام ئۇنىڭ بىلەن تارىخ تەتقىقاتى ھەققىدە كەڭ كۆشادە پاراڭلىشىش، ئۇنىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى تەپسىلاتلاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

1931 ـ يىلى خونخاي مازار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن مەكتەپ مۇدىرى دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئالايىتەن ئادەم ئەۋەتىپ، سوۋېت يېرى دولاتادىن ئىزىم سۇچەكوۋنى، ئاقسۇدىن خوسۇل شېرىپنى، غالجاتتىن قەمەردىن بىلەن ئوبۇل پازىلنى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىغان ئېكەن. بۇ ھەقتە پىشقەدەم مائارىپچى ئىزىم سۇچاكوۋ بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ ماڭا: «1931 ـ يىلى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بىزنى سوۋېت ئېلىدىن ئوقۇتقۇچىلىققا ئالدۇرۇپ كەلگەندە مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرغانىدىم. ئۇ كىشى ھەممىشە تاڭ ئاتقۇچە ھەر مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ خاتىرە قالدۇراتتى، مەن ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئىزدىنىش روھىدىن ھەيران قالغانىدىم. ئىمىنجان ئاكىنىڭ بىرەر مۇنتىزىم مەكتەپنى پۈتتۈرمىگەن تۇرۇپ، مەدىنىمۇ ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغانىدى. ئۇنىڭ خونخاي مازارىدەك خىلۋەت تاغلىق يېزىدا ياشاۋېتىپمۇ، بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىشى، ئەينى چاغدىكى كىشىلەردە ئاز كۆرگىلى بولىدىغان «كىرۇپ»

كېلىپ: «1930-يىل چاپچالنىڭ جانلىق مال بېجىنى غۇلجا شەھەرلىك باجخانىنىڭ باشلىقى سېتىپ ئالغانلىقتىن مەن خونخاي مازلىرىنىڭ جانلىق مېلىنىڭ چۆپ ئۇچى بېجىنى يىغىشقا ئەۋەتىلدىم. بۇ يەرگە بۆلۈنگەن ئات، كالا، قويىنىڭ باج سانى كىشىنى چۆچۈتەتتى، بۇنى يىغىپ بولغىچە خەلققە زۇلۇم سېلىنىش ئېنىق ئىدى. مەن خونخاي مازلىرىغا چىقىپ، خوجايىن شاڭيو، ھۆسەيىن شاڭيو، ئەنسىرەدىن سۇنجاڭلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئون نەچچە كىشىنى چاقىرتىپ كەلدى. بىز مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق باجنى ئاۋال ئاۋامدىن، ئاندىن بايلاردىن ئالىدىغان بولدۇق. ئاتلىق بەش چاپارمەننى يېزا قىشلاقلارغا چاپتۇرۇپ، 600دىن ئوشۇق كىشىنى يىغدۇق، ئۇلارغا غۇلجا باجخانىسىنىڭ شۇ يىللىق چۆپ ئۇچى بېجى ئېلىش بۇيرۇقىنى ئوقتۇردۇق. بىز، بۇ يىل چۆپ بېجى ئۈچۈن بىر ئاتقا بىر فۇت بوغداي، بىر كالىغا يېرىم فۇت بوغداي ئېلىنىدۇ. بىر ئېشەككە بىر شىڭ بوغداي، ئۆچكە بىلەن قويغا ئوخشاشلا يېرىم شىڭدىن بوغداي ياكى پۇل ئېلىنىدۇ. كىمدە كىم بۇ سېلىققا قارشىلىق قىلىدىكەن ئۆزىنى دوتەي يامۇلدا كۆرىدۇ، دېگەنلەرنى ئوقتۇرۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز مەكتەپ تەرەپتىن بىر كىشى كېلىپ، بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن خوجايىن شاڭيوغا:

- خوجايىنكا بۇ نېمە ئىش، ئەندى؟! -دېدى. مەن ئالدىراپ:

- يۇقىرىدىن باج سېلىق چۈشكەن ئېكەن ئاۋامغا ئوقتۇرىۋاتىمىز - دېدىم. ئۇ:

- ئۆزەڭنى دوتەي يامۇلدا كۆرىسەن دەپمۇ ئوقتىرامسىلەر! بۇ ئاۋامغا تەھدىت سالغانلىق ئەمەسمۇ! خەلق نامرات تۇرسا نېمىسىنى تۆلەيدۇ؟ دېدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ:

- سىلەر قايتىپ خاتىرجەم ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. سىلەرگە باج كەلمەيدۇ. ئەگەر باج كەلسە مەن تۆلەيمەن! -دەپ كەلگەنلەرنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ يەنە زەردە بىلەن مۇنۇلارنى دېدى:



- خوجايىنكا، سىلەر ئاۋامنىڭ ئەھۋالىغا قارىماي كىم گەپ قىلسا شۇنى راس دەپ، كىم داپ چالسا شۇنى ساز دەپ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدىغان بولدىڭلار. قالغان گەپ سۆزنى ئاخشاملىققا يۇرت چوڭلىرى يىغىلغان سورۇندا دېيىشەرمىز. ئۇلارغا جاۋابنى ئۆزەم بېرىمەن. سىلەر يېزىغا قاراشلىق قىشلاقلاردىكى بايلارنى يىغىڭلار! - دېگەندىن كېيىن، مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، جوزىنى ئۆرلىگەن ھالدا كېتىپ قالدى. مەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن بۇزغان بۇ يۈچۈن ئادەمگە ھەيران قالغان ھالدا يېنىمدىكىلەردىن:

- بۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇلار:

- ئىمىنجان باھاۋۇدۇن دېگەن خەلپەم موشۇ كىشى - دېدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى يۇرت بايلىرى جەم بولغاندا ئىمىنجان باھاۋۇدۇن مېنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە:

-خوش كۆپچىلىك، يۇرتىمىزغا باج يىغىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىن يولداشباي چىقىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئىشىنى قانداق پۈتتۈرۈپ يولغا سالىمىز، - دېدى. كۆپچىلىك بۇ ئىشنى خېلى ئۇزاق غۇلغۇلا قىلىشتى. لېكىن، ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئارىدا ئىمىنجان باھاۋۇدۇننى سۆككەنلەرمۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلارمۇ بولدى. ئاخىرى ھەممەيلەن يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارلشتى:

-خۇلاسە كالام، - دېدى، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن كەسكىن ھالدا، - مەنچە جانلىق مالنىڭ چۆپ ئۇچى بېجىنى چارۋىدارلار تۆلەيدۇ. چۈنكى ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ ئالدىمىزنىڭ نەچچە مىڭلاپ ئارقىمىزنىڭ نەچچە يۈزلەپ تۆگە، ئات، كالا، قويلىرىمىز بار. باجنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنىلا بىز تۆلەشكە ھەقلىق. شۇنداق تۇرۇقلۇق نەدىمۇ ئىككى تۆرت تال چولاق مېلى بار ئاۋامغا باج تۆلەتكۈزىدىغان ئىش بولسۇن! ئاۋام باج تۆلىمىگەندەك قىلغىنى بىلەن مەكتەپ ۋە كلۇب قۇرۇلۇشىغا ئاز كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. بىز پۇل چىقارغان بىلەن قول سېلىپ ئىشلىگىنىمىز يوق. ئىشنىڭ ئېغىرىنى يەنىلا شۇلار

تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى. دەسلەپ ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىككى ئېغىز سىنىپ سېلىپ پەننىي دەرس ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى، بىر تەرەپتىن خەلق ئىچىدە، ياشلار ئىچىدە زېرىكمەي تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرگەنلىرىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇلارغا ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، خەلقنى ئاقارتىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يۇرت موتىۋەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا دېگەن: «مەن مەكتەپ ئاچىمەن، پەننىي مەكتەپ ئاچىمەن، تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرى ئىسلام دىنىنىڭ قايناپ تۇرغان بۆلىگى ئىكەن، شۇ يەردىمۇ ئالىي مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ياش ئەۋلادلار ئىلىم-پەن ئۆگىنىدىكەن، ئۇلار ئىلىم-پەننىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاسماندا ئايروپىلان ئۇچۇرۇپ، سۇدا پارلاخوتنى بېلىقتەك ئۈزدۈرۈپتۇ. بىز قاچانغىچە ئاسماندا «ئارپاڭ» (ئايروپىلان)، سۇدا «پارپاڭ» (پارلاخوت) بار دەپ يۈرىمىز» دېگەن سۆزلىرىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز زامانىسى شاھىدلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. دېمەك، بۇنىڭدىن دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ بۇ يولدا قانچىلىك تەر تۆكۈپ جاپالىق كۈرەش قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ھەقىقەت ئاخىرى غەلىبە قىلدى. پەننىي مەكتەپنى قوللىغۇچىلار، بالىلارنى پەننىي مەكتەپكە ئەكىلىپ بەرگۈچىلەر كۆپەيدى. 1925-يىلدىن باشلاپ خونخايدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەندى. 1933-يىلىغا كەلگەندە دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن توققۇزتارا ھاكىمى نەزەرخان غوجىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ (چاپچال شۇ چاغدا توققۇزتارا ناھىيەسىگە قارايتتى)، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئەمەتخاننىڭ ئەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يەنە سەككىز ئېغىزلىق سىنىپ، 500 كىشىلىك بىر كلۇب سېلىپ خونخايدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچتى. ۋە ئۇنىڭغا «مەدەنىي ئاقارتىش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ نام بەردى. ئۇ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ئۇچىسىمۇللۇق شىۋە سودىگەر چۆلەپ دېگەن باينىڭ چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ئۇنىسىز كىنو ئاپپاراتىنى ئارىيەت ئېلىپ مۇراسىم ئەھلىگە



ئۇنىسىز كىنو قويۇپ بەردى. بۇ بىر قېتىملىق ئىلىم-پەن تەشۋىقاتى بولۇپ قالدى. خەلقنىڭ پەننىي مائارىپ قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپ ۋە كلۇب قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن دادام ئىمىنجان باھاۋۇدۇن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. خونخاي يېزا خەلقى «يۇرتىمىزغا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كۆڭۈل ئېچىش كلۇبى قۇرۇلىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولۇشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «يۇرتىمىزغا ھۆكۈمەتتىن ناھايىتى كۆپ باج سېلىق چۈشۈپتۇ. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇرمىسا شۇ كىشىنى يامۇلغا تاشلىغۇدەك...» دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ، خەلق ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ. ئەسلى ئىشنىڭ بېشى مۇنداق بولغانىكەن، جىن شۇرېن 1928-يىلىدىكى «7-ئىيۇل» سەياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، خەلقنىڭ بېشىدىكى ئالۋاڭ ياساق، باج-سېلىقلار ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىقلارنى تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەر بىلەن شىلىۋېلىپ، ئۆز چۆنتىكىنى تۇشقۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. باج سېلىقنى تولۇق يىغىۋېلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ باج يىغىش ھوقۇقىنى ئاز ساندىكى مەرتىۋە ئىگىلىرىگە، بايلارغا ۋاكالىتەن يىغىپ بېرىش شەرتى بىلەن سېتىپ بېرىۋېتىدۇ. بۇ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بىر قىسىم قىزىل كۆز بايلار خەلق ئاممىسىدىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقنى يەنىمۇ ئۇستىلەپ يىغىپ، ھارلىم پايدىغا ئېرىشىش كويىغا چۈشىدۇ. نەتىجىدە، خەلقنىڭ سېلىقى ئېشىپ، ئىلگىرىكى يۈز باش قوينىڭ بېجىغا ئۈچ قوي، ياكى ئىككى باش كالا تاپشۇرۇش بىراقلا ئون قوي ياكى يارامىلىق بىر ئات تاپشۇرۇشقا ئۆستۈرۈلىدۇ. خەلق «چارۋا مال ساناقچىلىرى كەپتۇ!» دېسە جانىنى ئېلىپ قويىدىغان يەر تاپالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

غۇلجا شەھىرىدە 40 يىلدىن ئارتۇق باج خادىمى بولۇپ ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان 96 ياشلىق يولداشباي ئاكا (ماھنۇر قاسىمنىڭ ئاكىسى رۇستەم ئاكىنىڭ قېيىن ئاتىسى بولىدۇ) ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ

ئوكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان ياش سوۋېت ئېلىنى ئايلىنىپ، بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگۈرۈشلەرنى ئۆز كۆزىدە كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا يېنىۋاتقان چاغلىرى ۋە خونخاي مازىرىغا مەكتەپ ئېچىشقا كېرەكلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېلىش ئارزۇسىنىڭمۇ ئۇلغىيىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكتىن دادىلم بۇ مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىش قارارىغان كېلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپوبلىكىلىرىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئاۋۋال نېسى قالغان ماللىرىنىڭ دېرىگىنى ئالىدۇ. ئاندىن تۈركمەنىستانغا بېرىپ، مالنى تۇقۇمچىلىق فابرىكىسىنىڭ تاۋارلىرىغا ئايرىۋاشلايدۇ. بولۇپمۇ، سوۋېت ئېلىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ تاڭ قالىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ياشلاردىكى كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدلىك ئىنتىلىشلەر ۋە ئۇلار بىلەن چاپچال، خونخاي ئوتتۇرىسىدىكى روشەن سېلىشتۇرما دادىلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇننى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ شۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ بىر نەچچە پارچە كىتاب ئېلىپ قايتىش بىلەنلا نەتىجىلىنىشنى تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ھېساپلاپ، تاۋار ۋە سېتىۋالغان كىتابلىرىنى سەپەرداشلىرىدىن يۇرتىغا يوللىۋېتىپ، ئۆزى بولسا تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىگە يول ئالىدۇ. تاتار خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تونۇلغان مەرىپەتچىسى، ئىدرىس ئاپانايوپ (سابىق چار رۇسىيە ئوفىتسېرى)نى ئۇستاز تۇتۇپ، يېڭىچە ئىلىم-پەن بىلىملىرى بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىدا بىر تەرەپتىن سوۋېت ئېلىنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپى، ئوقۇش، ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تىل ئۆگىنىدۇ. تۈرك، پارسى، رۇس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى پەۋقۇلئاددە تالانتى ئۇستازى ئىدرىس ئاپانايوپنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىتاب خۇمارلىقى ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇستازىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. دادىلم، ئىدرىس ئاپانايوپنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىن رۇس تارىخچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر كىتابلىرىنى ئوقۇپ چىقىدۇ.



چار رۇسىيەسى ئىلىنى بېسىۋالغان يىللار (1871 - 1881 - يىللار) دا رۇس گېنېرال گۇبېرناتورىنىڭ غۇلجا ئىشلىرى باشلىقى بولغان شەرقشۇناس ن.ن. پانتوسوپنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يىققان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ يازغان كىتابلىرىنى، موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ئەسىرىنى ۋە نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ (ئۇيغۇر ئوغلى) «تارانچى تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدا خونخاي مازىرىدا چوقۇم مۇنتىزىم پەننىي مەكتەپ ئېچىش بىلەن بىرگە ئىلى تارىخىغا ئائىت بىر ئەسەر يېزىش ئىشتىياقى كۈچىيىدۇ. سەپەر جەريانىدا ئۇ يەنە يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلايدۇ. ئىلى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدە يېڭىچە مۇستەھكەم دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇپ، خونخايدا پەننىي مەكتەپ مائارىپىنى يىلتىز تارتقۇزۇش، كېڭەيتىش ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى يۈرىكىگە تېڭىپ، ئۇستازى ئىدرىس ئاپانايوپنى ئېلىپ، خونخايغا قايتىدۇ.

ئۇ خونخاي مازارىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1924 - يىلى تۇنجى قېتىم پەننىي مەكتەپ ئاچتى. ئۇنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىشى ئاسانغا توختىمىدى. بىرىنچىدىن، شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ياڭ زېڭشىڭ ھاكىمىيىتى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنىڭ پەننىي بىلىم ئىگىلىشىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت ھېسابلاپ، بۇ ئىشقا مۇتلەق قىززىقمايتتى. ئىككىنچىدىن، خەلق ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى ئېغىر ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپلا قالماي يەنە، كونىلىق تەرەپتارلىرىنىڭ «جەدىت» دەپ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار: «پەننىي مەكتەپ دىننى يوقىتىدۇ، ئىمىنجان باھاۋۇدۇن سىرتقا چىقىپ ئوقۇپ كېلىپ باللىرىمىزنى دەھرى قىلىدىغان بولدى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى ۋە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن خۇپىيادە ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، ھەر خىل تۆھمەت ئويدۇرۇپ ئىدرىس ئاپانايوپنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋەتتى. لېكىن دادىلم

مۇستەھكەملەش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولىدۇ. 1916-يىلى ئۇ جۇ جاڭگويىڭنىڭ: «بالام، سەن ئائىلىمىزدە تۆرت يىل تۇرۇش جەريانىدا ماڭا قول قانات بولۇپ، كۆپ ئەسقاتتىڭ. مەن ساڭا ئۆز بالامدەك مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم، ئىككى يىل ئات باققۇزغان بولسام، يەنە ئىككى يىل دۇكاندا مال ساتقۇزۇپ ۋە بەش ناھىيە تەۋەسىدىن ساتقان ماللىرىمنىڭ نەق، نېسى پۇللىرىنى يىغدۇرۇپ، سېنى تىجارەتكە پىشۇردۇم، خەنزۇ، رۇس ئىككى مىللەت تىلىنىمۇ ياخشى ئېگىلىۋالدىڭ... مېنىڭ ئەندى سەندەك تىجارەتكە پىشقان، قابىل ياردەمچىنى تاپالىشىم مۇمكىن ئەمەس. تاپقان دۇنيارىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئالساڭمۇ-ئال...، مەندىن ئايرىلمىغىن!» دېگەن ئۆتۈنۈشلىرىگە: «ياق، مىللىتىمنىڭ باللىرى ئىلىمسىز قېلىۋاتىدۇ، مەن بىلىمىم بار تۇرۇپ ئۇلارغا ئۆگەتمىسەم، ئۇ ھالدا مېنىڭ ئېگىلىگەن بىلىملىرىم كېرەكسىز «تاش» قا، مەن بولسام ئېغىر «تاش» ئارتىپ يۈرگەن «خېچىر» غا ئوخشاپ قالمامدىمەن...!؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان جۇ جاڭگويدى ئايالى ناتاشاغا: «قارا! خوتۇن، ئوغۇل بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق جىگەرلىك بولامدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دېگەن سۆزى مانا مۇشۇدە!» دەيدۇ ۋە ئارقىدىنلا: «بالام، سەندە شۇنداق ئارمان بولسا مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن. بوپتۇ كېتىشىڭگە مەن رازى...!» دەپ ئۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ.

دادىلم ياش چېغىدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تىجارەتتىكى ماھىرلىقىغا تايىنىپ سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تىرىشىپ ئېگىلىك تىكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىقتىدارى بىلەن خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئابرۇيلۇق بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. 1916-يىلى ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە يار يۆلەكتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن خونخاي مازارغا تۇنجى «ئاقارتىش مەكتىپى» نى ئېچىپ، شەخسەن ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.



1918-يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە رۇسىيە بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىشقا يۈزلىنىدۇ. بازار كاساتلىنىشىپ خەلقنىڭ كىرىمى ئازلاپ كېتىدۇ. 1920-يىلغا كەلگەندە ياڭ زېڭشىنىڭ ئىلى دۇتيىگە خەت يېزىپ: «سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىدىكى رايونلار ئوتتۇرسىدا چېگرا سودىسىنى جانلاندۇرۇش ۋاقىتلىق توختىمى تۈزۈش، توختام بويىچە سودىنى ئاۋال ئىلى رايونىدىن باشلاش...» ھەققىدە يوليورۇق چۈشۈرىدۇ. ئىلگىرى چېگرا سودىسىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى پائالىيەتچان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يەرلىك سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ مال ئەكىلىپ سېتىشىنى كۈتىدىغان پاسسىپ ئەھۋال ساقلىنىۋاتاتتى. يوليورۇق چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان چاپچال، توققۇزتارا، تېكەس بايلىرى: «بىز قاچانغىچە چەت ئەل سودىگەرلىرىدىن مال ئالىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز مېلىمىزنى ۋېلىۋاي ھاجىمنىڭ رۇس يېرىدىكى «قارا-قارا» بازىرى (ئۈچ ئايلىق خەلقئارالىق سودا بازار) غا ئاپىرىپ، تاۋارغا ئالماشتۇرۇپ كەلمەيمىزمۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. ئارقىدىن 12 مىڭ تۇياق قوي يىغىپ، ئابوزەر خەلپەمنىڭ قېيىن ئاتىسى ئابدۇرېھىم ھاجىمنى كارۋان بېشى قىلىپ، قوي چىقارغان 32 نەپەر باي سودىگەرگە ۋاكالىتەن «قارا-قارا» بازىرىغا يولغا سالىدۇ. ئۇلار ۋېلىۋاي ھاجىمنىڭ ھوزۇرىدا ئالاھىدە ئىززەت-ئىكراملار بىلەن قارشى ئېلىنىپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ۋېلىۋاي ھاجىمغا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى نەقلەشتۈرۈپ قايتىش مۇددىئاسىنى ئېيتىشقا يۈز كېلەلمەي مالنى نېسىغا بېرىۋېتىپ «ئاق قەغەز» ئېلىپ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يۇرت چوڭلىرى قاينۇققا يىغىلىپ: «بۇ پۇلنى كىم نەقلەشتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىدۇ. خونخاي مازارلىق كاتتىلار: «چەتكە چىقىپ كېلىدىغان ئادەم چوقۇم چەتنىڭ تىلىنى بىلمىسە بولمايدۇ...، خونخاي مازىرىدىكى باھاۋۇدۇن شەيخنىڭ ئوغلى ئىمىنجان چەت تىلىنى ياخشى بىلىدۇ، شۇنى ئەۋەتسەك قانداق؟» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ كۆپچىلىك دادامنىڭ بېرىشىغا قوشۇلىدۇ. بۇ دەل دادامنىڭ

كىشىنىڭ قولىدا، ئاندىن «خانىقا مەكتەپ» دە، 1912 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «ناغىرچى مەكتەپ» دە ئوقۇغان.

شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنە 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى چوڭ دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا ئىلى ئۇيغۇرلىرى ھەززىتى مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ 1881 - يىلىدىكى «كۆچ - كۆچ» تە تاشلىنىپ قالغان چاپچال خونخايدىكى مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شەيخ بېكىتىپ ئۇنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1868 - 1881 - يىللىرىدىكى «قاچ - قاچ» ۋە «كۆچ - كۆچ» سەۋەبىدىن بۇ يەردە ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ياقا يۇرتلارغا سەرسانە بولۇپ كۆچۈپ كېتىپ، خونخاي مازارى خارابىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسىملىرى يەنە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەرلىشەلمەي قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا، بىر قىسىملىرى بولسا ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئانا ماكانلىرىغا يەنى دولاتا، دۆڭمەھەللە، سەككىز ئۆي، خونخاي، چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرالارغا قايتىپ كەلگەن. بىراق ئۇلاردا يەر ۋە سۇ ھوقۇقى بولمىغاچقا ھايات يولى تاپالماي تۇرالمىغان، بىر قىسمى چوڭبۇغرا، كىچىكبۇغرا، سوفۇم بۇلاقلاردىكى تەبىئىي بۇلاق سۇلىرىغا تايىنىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

1910 - يىللىرى ئىلىنىڭ قازىسى مەنسۇر ئەلەم قازى ئاخۇنۇم، ياركەنتتىكى ۋەلىۋاي يولداشۇۋ بىلەن يۈسۈپ سەككاكى مازىرى - خونخاي مازىرىنى خارابىلىشىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش، قەشقەر، ئىلى، يەتتىسۇ تەرەپلەردىن زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ تۇرالغۇ، تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ خونخاي مازار «ئالتۇنلۇق»نى رېمونت قىلىپ، ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، شەيخ ئورۇنلاشتۇرۇشنى بېكىتىدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى چىرزۇي باشچىلىقىدىكى ھەربىي ھۆكۈمەت خونخاي مازىرىغا كۆچۈپ چىققۇچىلارنىڭ ئائىلىسىنى ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت



قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار چىقسا ئۆستەڭ سۈيى ۋە يەر تەلەپ قىلىشىدىن قورقىدۇ. كۆپ تىركىشىشلەر نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ تەلىپى ئىلى دۇدۇ مەھكىمىسى تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلۈپ، مازارغا كۆچۈپ چىققۇچىلارنىڭ «سۇ ئېقىتماسلىق، يەر تېرىماسلىق» شەرتى بىلەن مازارغا ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ چىقىپ تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. 1912 - يىلى مەنسۇر ئەلەم قازى ئاخۇنۇم، دوگان باشلىق يەتتە نەپەر ئۇستىنى ئۆزى بىۋاسىتە خونخاي مازارغا ئېلىپ چىقىپ، ئالتۇنلۇقنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئىلىدىن سەككىز ئۆيلۈك، ياركەنت تەۋەسىدىن سەككىز ئائىلىلىك كىشىنى كۆچۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدى. 1912 - يىلى 6 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدىن : باھاۋۇدۇن مۇھىدىن، ئەيتقۇل ھاجىم؛ ئارا ئۆستەڭدىن: ئىسلام باقى؛ جاغىستايدىن: نۇراخۇن، مەنسۇر، ھىدايەت، ئانايەت قاتارلىق كىشىلەر؛ ياركەنتتىن: بېشىراخۇن، ئابدۇرېھىم ئاخۇن؛ غالجاتتىن: غىياسىدىن، لەسئاخۇن، بەرائاخۇن، ھامۇت ئاخۇن، مۇتەللىپ موللىلار؛ يەتتىسۇدىن: تاھىر تۆمۈرچىلەر خونخاي مازارغا كۆچۈپ چىقىپ، ئۆي سېلىپ خونخاي مازار يېزىسىنى ئاۋاتلاشتۇرغان چاغدا دادىم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن، بوۋىم باھاۋۇدۇن مۇھىدىن بىلەن بىرگە كۆچۈپ چىقىدۇ. خونخاي مازار شۇ مەزگىللەدە جۇڭگو - رۇسىيە سودا ئېغىزى بولۇپ، ئىلىدىن يەتتىسۇغا، يەتتىسۇدىن ئىلىغا ئۆتۈپ سودا قىلىدىغان كارۋان ھارۋىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان جاي ئېكەن.

دادىم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خونخايغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، رۇس ئايالى بار جۇ جاڭگويىدى (رۇسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا ئۆتكەن شەرقىي شىماللىق كىشى) دېگەن باي خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدە تۆرت يىل ئىشلەيدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا تىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش ئىستىكىنىڭ كۈچىدە بۇ ئائىلىنىڭ ئات باقارلىقىنى قىلىش، دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇش، سودا سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش قاتارلىق شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، بىر تەرەپتىن تۈرلۈك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇ جاڭگويىدىن خەنزۇچە، ئايالى ناتاشادىن رۇسچە ئۆگىنىدۇ. باينىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر ئىككى تىلنى

ئەۋجىگە چىقتى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن جىڭ شورېن پىچان، تورپان ئاھالىسىدىن ئۇرۇشقا قاتناشقانلار بىلەن بالا-چاقىلىرىنى قوشۇپ 20 مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلىدى. بۇ ۋەھشىلىكنى كۆرگەن غازاتچىلار غەزەپكە كېلىپ، فېۋرال ئېيىدا قاتتىق ھۇجۇم قىلغاندا جىڭ شورېن ھەتتا قوشۇمچە ئەسكەر تولۇقلاش ئۈچۈن ئەسكەر بولىدىغان خىتاي ياشلىرىنى تاپالماي قالغانىدى. ئاخىرى قومۇللۇقلار بېتىم تۈزۈشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، جىڭ شورېن سۆزىدە تۇرماي، ئىنقىلاب يەنە داۋاملاشتى. جىڭ شورېن قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر تورپاندىن چېكىنگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مال-مۈلۈكىنى بۇلاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇلار مەھسۇت مۇھىتنىڭ بېشىنى كېسىپ، تورپان بازىرىغا ئېسىپ قويدى. بۇ بۇلاڭ-تالاڭنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ھەتتا مىڭلاپ رۇس ئەسكەرلىرىمۇ قاتناشتى.

شۇ ئايدا زالىم جىڭ شورېن پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئۈرۈمچى ئەتراپىغا چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى 20 يىلدىن بېرى تۇتۇپ كەلگەن ئەسكەرلىرى قومۇللۇقلارنىڭ يەتتە-سەككىز يۈز ئەسكىرىگە تەڭ كېلەلمىگەنىدى.



## دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ شانلىق ھاياتى ۋە ئىزدىنىشلىرى

ئىلى پەننىي مەكتەپ، مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئىجتىھاتلىق تارىخچى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات (فولكلور) مىراسلىرىنى توپلىغۇچى، خەلقپەرۋەر زىيالىي، مەرھۇم دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئوغلى تىلغا ئېلىنسا ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىغا چۆمىدۇ. قايسى بىر ئۇلۇغ زات: «كىشىنىڭ قەدىر قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى، باشقىلارغا نېمىلەرنى بېرەلىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەن ئېكەن. دادىل گەرچە بۇ دۇنيادا 51 يىل ياشىغان بولسىمۇ، چەكلىك ئۆمرىنى خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى، مەدەنىي-مائارىپى ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشىگە بېغىشلاپ، ئىلى تۇپرىقىدا نۇرلۇق ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى مەشئەل، ئەقىل ئىدرىكىنى چىراق قىلىپ، قاراڭغۇ دىللارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقى، مۇتەئەسسىپ ئىدىيە، دىنىي خۇراپاتلىق، ئەكسىيەتچىل خاھىشلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان زۇلمەتلىك يىللاردا ئادالەت، ھەققانىيەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي ئاسارەتلەر ئۈستىدىن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، مەرىپەت سۆيەر ئىلى خەلقى قەلبىدە يېقىلماس ئابىدىسىنى تىكلىدى.

دادىل ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1897-يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە يەنى 1903-يىلىدىن 1908-يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «تائالىيە» مەكتەپتە ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىماسى ئابدۇمۇتائالى خەلپەم (خەلپەم ھەززەت) دېگەن

1882 - يىلى ئالمۇتا ئۆيېزىدىغا تەرگەن ئاشلىقتىن 81022 پۇت ئاشلىق ئېلىنغان. كېيىنچە يىلدىن - يىلغا مول ھوسۇل ئېلىپ، ئۆزلىرىدىن ئېشىنىپ، يەركەنتكىچە ئاپىرىپ ساتقان.

كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېرىق - ئۆستەڭنى ئاساس قىلىپ، 200 ئۆيلۈكتىن كەم بولماسلىق ۋە دېھقانچىلىققا قولايلىق بولۇش ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىزاھات: 1885 - يىلى يەرلەر كۆچمەنلەرگە ئالاھىدە بۆلۈپ بېرىلگەن. ئالمۇتا، پىشپەك شەھەرلىرىدىكى تۇڭگانلار شەھەر يەرلەرنى ئىجارە تۆلەپ پايدىلانغانلىقتىن بۇ ھېساپقا كىرگۈزۈلمىدى. قالغان يەردىكى تۇڭگانلارنىڭ يەرلىرى يوقۇرىدىن ئومۇمىي سانىنىڭ ئىچىدە، لېكىن شەھەرگە ئولتۇراقلاشقان تۇڭگانلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەر - سۇدىن قىسىلغاچقا يەر - سۇ تەلەپ قىلغان.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا سېلىنغان سېلىق

ھەممە يەردە ئوخشاش 1886 - يىلدىن باشلاپ تۈتۈن بېشىغا 5 سومدىن سېلىق سېلىپ، 10 يىل داۋام قىلغان. مۇشۇ تەرتىپتە بىر نەچچە يىل ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن يىلدىن - يىلغا كۆپەيتكەن. بۇرۇنقى مانجۇرلار زامانىدا 32 خو (ئىككى توننا 48 كىلوگرامم) سېلىق تۆلەپ قېينالغان دېھقانلارغا بۇ سېلىق ئانچە ئېغىر بىلىنمىگەن. لېكىن يەتتىسۇغا خىرىستىئان دېھقانلىرى كۆپ كېلىپ، دېھقانچىلىقنى كېڭەيتكەنلىكتىن مەھسۇلات باھاسى ئەرزەنلاپ، كەمبەغەل ۋە ئوقەتسىز دېھقانلار ئۈچۈن سېلىق ئېغىر كېلىپ، يەر - سۇلىرىدىن ئايرىلغان. نامراتلار سېپى كۆپ ساناپ كۆپەيگەن. چوڭ باي خىرىستىيانلار ئۈچۈن ئەرزەن ئەمگەك كۈچى ئاشقان.



## ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار

ئىلىدا قالغان ئۇيغۇرلار مانجۇرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى قاتتىق ئالۋاڭ - سېلىقلاردىن قۇتۇلدى. ئەمما كونا قائىدە بويىچە ھوسۇل (دەپ) تۆلەيدىغان بولدى. پۈتۈن ئىلى بويىچە كۆچمەي قالغان ئۇيغۇرلار 1700 تۈتۈن ھېسابىدا ئىدى. يەتتىسۇغا كۆچۈپ كەتكەن بەزىبىر ئۇيغۇرلار كونا يۇرتى ئىلىنى سېغىنىپ (كەلگەن يېرىدە جان بېقىش تەس بولۇپ، ئوقەت قىلالماي) 5 - 10 يىل ئىچىدە 4000 تۈتۈن ئىلىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جايلىرىغا ئورناشقانىدى.

خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىسىدىكى ۋۇچاڭ دېگەن يەردە سۇڭ جوڭ شەن ئەپەندىنىڭ قوزغىغان ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىجىسىدە خىتايدا نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مۇستەبىت مانجۇر سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. 1911 - يىلى دېكابىردا شۇ ئىنقىلاپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىلى ئىنقىلابى يۈز كۆرۈشتى. ئەسلىدە ئىنقىلاپتىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى خەلق كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى. ياڭ زېڭ شىڭ جوڭخۇا مىنگو بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلگەنچە بۇزۇق سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، خەلقنى جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق ئاستىدا 17 يىل بېسىپ كەلدى. خەلق بۇنىڭغا كۆز سالماي تۇرالمىدى. ياڭ زېڭ شىڭنى ئۆلتۈردى فەن ۋېنلەن بۇنىڭ بىلەن كۆتكەن شەرتنى ئادا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي مەقسىتىگە يېتەلمەي قالدى. جىڭ شورېن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، فەن ۋېنلەننى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىۋالدى. جىڭ شورېن ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ، خەلقنى يەنە ئاسارەت زەنجىرى بىلەن باغلاۋالدى. ئۇنىڭ سىياسىتى بارغانسېرى ۋەھشىلىشىپ، خەلقنىڭ قەھرى - غەزىپى كۈندىن - كۈنگە ئاشقانلىقتىن ئاخىرى 1933 - يىلى يانۋاردا غوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلىڭى پارتىلىدى. شۇ يىلى گەنسۇدىن ماجۇڭيىن چىقىپ بىرلەشكەنلىكتىن ئۇرۇش

مەنسەپپەرەستلىك كۈچەيگەن. سەۋەبى: مانجۇرلار يۇرت تەيىنلەپ بىرەتتى. مانجۇر مەمۇرلىرىنى پارە بېرىپ سېتىۋالغان كىشى باشقىلارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ ئۆزى مەنسەپكە ئېگە بولۇۋالاتتى. شۇڭا بۇ چاغلاردا مەنسەپپەرەستلىك، گورۇھۋازلىق ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ، (بۇ كېسەل چار پادىشاھ ۋاقتىدا بەك ئەۋج ئالغاندى) خەلققە ناھايىتى كۆپ زەرەر يەتكۈزگەندى.

كۆچمەنلەر يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى بۇرۇنقى يول بىلەن باشقۇرۇشقا توغرا كەلمىگەنلىكتىن 1200 تۈتۈندىن 2500 تۈتۈنگىچە بىر بولۇس تەشكىللەپ بۇرۇنقى 14 بولۇسنى 6 بولۇسقا قىسقارتقان ئىدى.

قۇرلم، مالىۋاي، قاراسۇ، يەركەنت، ئاقكەنت (كېيىن ئايرىلغان بولۇس) ئاقسۇ - چارىن، كەتمەن بولۇس، غالجات بولۇس بۇرۇنقى پېتىچە ئۆز ئالدىغا قالدۇرۇلغان. دېمەك جەمىي 7 بولۇس بولغان. بۇنىڭدىن باشقا يۈزلىگەن ئائىلىلەر مەرۋە تەرەپتە، بايرامئەلىگە يېقىن ئاقتام كەنتلىرىگە ئولتۇراقلاشقان. چوڭ ئاقسۇ سۇيىغە ھەر بىرسى 300 تۈتۈندىن ئىككى گرۇپپا، كىچىك ئاقسۇغا 200 تۈتۈن، بايانقازاققا 315 تۈتۈن ئورۇنلاشقان. 1882 - يىلى ئىيۇندا بۇ يەردىن 100 تۈتۈن ھازىرقى چارىنغا كۆچۈرۈلگەن.

1882 -يىلى يازدا مالىۋاي بولۇسى تۆۋەندىكىچە ئۈچ گرۇپپىغا (سېلىنىغا) بۆلۈنگەن: مالىۋاي 304 تۈتۈن، بايىسىت 320 تۈتۈن، ماسقاباي 304 تۈتۈن بولغان. 1883 -يىلى بۇلارنىڭ ئۈستىگە قاينۇقتىن 184 تۈتۈن، سار بۇلاقتىن 232 تۈتۈن قوشۇلغان. 1882 - يىلى مايدا قۇرلم بولۇسى تۆۋەندىكىچە گرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن: قۇرامغا 300 تۈتۈن، لاۋلارغا 328 تۈتۈن. 1883 -يىلى ئاۋگۇستتا تېرەنقارلغا 320 تۈتۈن، قارا تورۇققا 304 تۈتۈن، ئاقسۇغا 200 تۈتۈن بۆلۈنگەن. كېيىنرەك كىيىكباي تۈزۈلگەن بولسا كېرەك. ھازىرقى قاراسۇ بولۇسىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن بولۇشى ئېھتىمال. ھەر بىر سېلىنىپ ئۈچۈن يەر ئۆلچەپ بەرگەندە تەن - سالامەتلىككە پايدىلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، باغلىق يەر ئاجرىتىپ بەرگەن.



## يەر ھىساۋى ۋە ئېلىق - سېلىقلار

مالىۋاي بولۇسىغا 31 مىڭ 857 دېسات، قۇرلم بولۇسىغا 51 مىڭ 192 دېسات. قاراسۇ بولۇسىغا 19 مىڭ 711 دېسات، ئاقسۇ چارىنغا 19 مىڭ 332 دېسات، سوقۇلۇق تۇڭگانلىرىغا 8035 دېسات، جەمىي 193 مىڭ 624 دېسات يەر بېرىلدى.

## قاراسۇ بولۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار

1884 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قارابولۇسىغا يەنە 1495 تۈتۈن قوشۇلۇپ ئورۇنلاشقان. ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇرلار 130 تۈتۈن بولغان. لېكىن قاراسۇ بولۇسىنىڭ جان بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر بەك ئاز بولغاچقا بولار كۆپىنچە خوشنا قازاق، رۇسلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرەتتى.

## 1882 -يىلى ئالمۇتا ئۇيېزدىغا تېرىلگەن ئاشلىق

مالىۋاي بولۇسى 1933 پۇت، قۇرلم بولۇسى 2091 پۇت، قاراسۇ بولۇسى 2041 پۇت بولۇپ، جەمىي 6068 پۇت ئاشلىق تېرىلغان. ئۇلاردىن ئالغان ھۆسۇلى 30 مىڭ پۇت بولغان. بۇ ئۈچ بولۇسقا ئورۇنلاشقان كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاشلىغى 7400 پۇت بولۇپ، ئۇيېزدلىق ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن ئاشلىق 10 مىڭ 603 پۇت بولغان. بۇ ئۈچ بولۇستا 37 مىڭدىن ئارتۇق جان بولۇپ، ئالغان ھوسۇلى يېتىشمەي ھەتتە ئاچارچىلىق بولۇپ، كوكات يېگۈچىلەرمۇ بولغان. گۇبېرناتور ئۆزى چىقىپ تەكشۈرۈپ، بۇرۇن بەرگەن 9000 سومنىڭ سىرتىدا يەنە 50 مىڭ سوم ئاجرىتىپ، 30 مىڭ سومنى ئۈچ بولۇسقا بۆلۈپ بەرگەن.

قوڭغوزلۇقلار مانجۇرلارنى بۇلاش ئۈچۈن چوڭ شايكا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ دېگەن خەۋەرلەر بار. قارا قوڭغوزنى نازارەت قىلىش كېرەك. رۇسىيە تەۋەلىكىنى ئىختىيار قىلغان ئىلىدىكى تۇڭگانلارنى تېزلىكتە كۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلغايسىز».

بۇ تېلېگراممىغا بىنائەن كالپاكوۋسكىي ئىلىدىكى تۇڭگانلارنى 20-نويابىردىن قالدۇرماي كۆچۈرۈش، بۇ سۈرۈكتىن قالغانلارنى رۇسىيە تەۋەلىكىدە دەپ ھېساپلىماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە چارىلار كۆرۈلۈپ، ئاخىرى رۇسىيەدىن ئېلىغا رۇخسەتسىز كىرگەن تۇڭگانلار قاچقۇن ھېسابىدا تۇتۇلۇپ، 300 ـ 400 چە كىشى رۇسىيەگە ھايدالغان. موشۇنداق چارە تەدبىرلەر ئارقىلىق 1883-يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شايكىلار يوقىتىلغان. بۇ قارا قوڭغوز ۋە توقماقلىق تۇڭگانلارغا بولۇس بولۇپ بارغان بەيىنفۇ باھادىر ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى خەلق بەرگەن ئەرىزلەر بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان (بەيىنفۇنىڭ ۋەزىپىدىسىن قالدۇرۇلۇشىدا بىرەر سىياسىي سەۋەب بولىشى ئېھتىمال) بەيىنفۇ 1882-يىلى ئۆلگەن.

شۇ چاغدا يۈرگۈزۈلگەن سايلامدا ئېلىنغان مەلۇمات بويىچە قارا قوڭغوز تۇڭگانلىرى 647 تۈتۈن 3003 جان ئېكەن. ئۇلارغا بېرىلگەن يەر 13 مىڭ 67 دېسات، 1883-يىلى تەرگەن ئاشلىغى 710 پۇت بۇغداي، 125 پۇت شال، ئالغان مەھسۇلى 5925 پۇت، بوغداي 466 پۇت شال.

قاراقول ئويېزدىكىلەرنىڭ سانى 205 تۈتۈن 1130 جان ئېدى. ئومۇمەن 1881-يىلدىن 1884-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كۆچۈرۈپ چىققانلار بىلەن ھېساپلىغاندا ئىلىدىن يەتتىسۇغا جەممىي 9752 تۈتۈن ئۇيغۇر كۆچۈپ چىقتى. ئۇلاردىن:

1) يەركەنتكە 2479 تۈتۈن، (5227 ئەر، 4262 ئايال)

2) ئاقسۇ -چارىنغا 1234 تۈتۈن، 5933 جان، (3226 ئەر، 2707 ئايال)

3) كەتمەنگە 764 تۈتۈن، 3787 جان (2137 ئەر، 1650 ئايال)



4) مالىبايغان 1442 تۈتۈن، 7862 جان (3931 ئەر، 3331 ئايال)

5) قاراسۇغا 1558 تۈتۈن 5598 جان (2953 ئەر، 2645 ئايال)

6) قورامغا 2285 تۈتۈن 12204 جان، (7154 ئەر، 6150 ئايال)

ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇلاردىن يەركەنت كۆچمەنلىرىگە قاسىم، ئاقسۇ-چارىنغا خۇدابەردىبەگ، مالىۋايغا ناسىر، قاراسۇغا جامالىددىن، قورامغا ئاباكرىلەر بەگ بولدى. شۇنداق قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىلىدىن يەتتىسۇغا جەمىي 45375 جان ئۇيغۇر (بۇنىڭ ئىچىدە 24628 ئەر، 20745 ئايال) كۆچۈرۈلدى.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنى ئىدارە قىلىش

مانجۇرلار خەلقنى باشقۇرۇشتا يۈزلەرگە بۆلۈپ، ھەر بىر يۈزگە ۋە بىر نەچچە يۈزنىڭ ئۈستىگە يۈزبېگى، مىڭ بېگى، مىڭ بەگلەر ئۈستىگە ھاكىمبەك تەيىنلەپ ئىدارە قىلىپ كەلگەندى. غۇلجىدا بىر چوڭ ئۆستەڭدىن بىر قانچە يېزا قىشلاقلار سۇ ئىچەتتى. شۇ يېزا -قىشلاقلارنىڭ سانىغا قاراپ ئۆز ئالدىغا بىر بەگلىك تەشكىل قىلىنغان. مانجۇرلار ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىگى ۋە سودا ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سۇلتانلىغى يوقۇلۇپ، رۇسلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن 1871-يىلدىن 1881-يىلغىچە رۇسىيەنىڭ خەلقى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بويىچە بەگلىك ئورنىغا بولۇس سايلانغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى 14 بولۇسقا بۆلۈنگەن. بۇ ئىدارە قىلىشنىڭ كەمچىلىگى. شۇڭا بولۇسلار بىر - بىرسىدىن ئۆستەڭ بىلەن ئايرىلغانلىغى ئۈچۈن بەزىلىرىنىڭ نوپۇسى كۆپ، بەزىلىرىنىڭ ئاز بولۇشى، نوپۇسى ئاز بولۇسلاردا ھاكىملەرنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشتە ئېغىرچىلىق بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن چوڭ-كىچىك بولۇسلار ئارىسىدا، يۇرتلار ئارا ئابرۇيلۇق ئادەملەر ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرۇسىدا

تېيىن، كەتمەن ـ گۈرجەك قاتارلىق قورال سايمانلار ئۈچۈن 1480 سوم، ئىشلەمچىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمىگى ئۈچۈن 865 سوم 55 تېيىن، ئابابەكرى بولۇس بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى نىكراسوۋقا 250 سوم، جەمئىي 2773 سوم 19 تېيىن خىراجەت قىلغان. پۈتۈن بىر بولۇسلۇق يەرگە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئۆستەڭنى مانجۇرلار قولىدا ئۆستەڭ چېپىپ پىشقان ئۇيغۇرلار پەقەت بىر ـ ئىككى مىڭ سوم چىقىم بىلەنلا قېزىپ پوتتۇرگەن.

## كۆچمەنلەرنىڭ قارا سۇ بولىسىغا كۆچۈشى

1881 ـ يىلى ئىيۇندا يەر كۆرگىلى چىققان توققۇزتارا بولۇسى بىلەن شەھەر ئاستى بولۇسلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن هازىرقى تورگۇن سۈيىنى ياقىلاپ ئورۇن تۇتقانىكەن. ئۇ ئىككى بولۇستىكى بىرمۇنچە كىشىلەر گورۇھۋازلىق تۈپەيلىدىن يەركەنتتە قېلىپ قالغانلىرى كۆچۈپ بارغانىكەن. بىراق ئۇلارغا تورگۇن سۈيىدىنلا پايدىلىنىشقا توغرا كەلگەن. هالبۇكى تورگۇن سۈيى بىلەن رۇسلارنىڭ هويلا ـ ئاراملىرى ۋە «ئاتامقول» ئاتالغىنىدىكى قازاقلارنىڭ يەرلىرىمۇ سۇغۇرلىدىغان بولغاچقا، ناۋادا ئۇيغۇرلارنىمۇ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرسا بۇ سۇ زادىلا يەتمەيتتىكەن. شۇڭا هۆكۈمەت كۆچمەنلەرنى «ئاتامقۇل» بىلەن «قاراتوروق» ئاتىلىقىدىكى بوش يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. هۆكۈمەت كۆچمەنلەردىن ئابابەكرى بولۇس چاپتۇرغان ئۆستەڭگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار ئۇياققا بېرىشقا ئۇنىماي، «قاراسۇ» بولۇسىنىڭ هازىرقى ئورنىنى سورىغان. ئۇ جاينىڭ يەر ـ سۈيى يېتىشمەيدىغانلىق سەۋەبىدىن هۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. بۇ كۆچمەنلەر شەھەر تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر بولغاچقا ئۆزلىرىگە ئازراقلا يەر ـ سۇ لازىملىقىنى ئېيتىپ ئاخىرى هازىرقى قاراسۇ بولۇسىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى ئورۇنلىشىۋالغان، هۆكۈمەت توقماقتىكىلەرنى «قارا قوڭغۇز» دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان.



«قارا قوڭغۇز» غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ كۆچمەن توڭگانلار يېيىنفو دېگەن باتۇرنىڭ دايىملىق ئەسكەرلىرى بولۇپ، هەمىشە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يۈرگەچكە، ئۆزلىرىدە ئارتۇقچە مال ـ ۋارلىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك يوقلىقىدىن هۆكۈمەت ئۇلارغا ياردەم هېسابىدا 23 مىڭ 701 سوم 32 تېيىن بەرگەن. بۇ «قاراقوڭغۇز» ۋە «ئىرىدىق» تىكى توڭگانلار 20 يىل داۋامىدا ئۇرۇش جەريانلىرىدا قان تۆكۈپ يۈرگەچكە ئەخلاقى ئۆزگەرگەن. ئۆز ـ ئارا ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن. شۇ سەۋەپتىن باشقا جايلارنىڭ توڭگانلىرى ئۇلارغا ئارىلىششنى زادىلا خالىمىغان. لېكىن بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇلار مۇهىت ئۆزگىرىپ تەسىر قىلىش ئارقىسىدا ئۇنداق ئىشلارنى تاشلىغان. بۇ «قاراقوڭغۇز» توڭگانلىرى بالا ـ چاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، مانجۇرلارنى بولاپ كىلىش ئۈچۈن شايكا تەشكىللەپ، غۇلجىغا بارغان. بۇ شايكا كۆچمەنلەر ئىچىدىن ياردەمچىلەرنى تېپىپ كۆپەيگەنلىكتىن غۇلجا ئەتراپىدىكى مانجۇر، سولۇن، شىۋە، خىتايلارغا كۆپ زەرەر يەتكۈزگەن. ئەهۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى مانجۇر هۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋى بىلەن رۇسىيە هۆكۈمىتى بۇ شايكىلارنى يوقىتىپ چارە كۆرۈشكە باشلىغان. بۇلاردىن باشقا كۆچمەنلەر ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شايكىلار چىقىشقا باشلىغان. مەسىلەن: قاينۇق ، خونخايلىقلار شايكا ئۇيۇشتۇرۇپ، شىۋەلەرنى تالىغان. هۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بۇلار قارا قوڭغۇزلۇقلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قارا قوڭغۇزلۇقلارنى خېلى قىيىن ـ قىستاققا ئالغان ۋە ئۇلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن 100 ئاتلىق كازاك ـ ئورۇسنى نازارەتچىلىككە قويغان. شۇنىڭدەك سىرتقا چىققان ـ كىرگەنلەرنى مەخسۇس يول خېتى بىلەن يۈرگۈزگەن. قارا قوڭغۇزلۇقلارنى يەركەنت تەرەپكە ماڭغۇزمىغان. بۇ هەقتە غۇلجىدىكى كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ئىززەتتوۋ گېنېرال كالپاكوۋسكىيغا يوللىغان تېلېگراممىسىنىڭ مەزمۇنىنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

«قارا قوڭغۇز توڭگانلىرى ئىلىغا كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇلاردىن مانجۇرلار كۆپ زارلىنىدۇ. شۇنىڭدەك خەلق ئىچىدە: قارا

چىقىش ئۈچۈن ئۈسەك بىلەن قورغاستىن 700 هارۋۇ ئەۋەتىلدى. كىرا ھەققى ئۈچۈن ۋەلىباي يولداشۇۋ 3500 سوملۇق مال ياردەم قىلغان. ھۆكۈمەت يول راسخوتىغا 4800 سوم پۇل بەرگەن. شەرتنامە بويىچە رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1882-يىلى 10-مارتتىن بۇرۇن غۇلجىنى تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولسىمۇ، لېكىن مانجۇرلار بىلەن ئوتتۇرىدا يەنە چاتاق چىقىپ قالمىسۇن دەپ (چۈنكى بۇ چاغدا كۆچمەنلەر ئارىسىدا بۇلاڭچىلار بولۇپ، مانجۇرلارغا نۇرغۇن زىيان يەتكۈزگەندى) 5-مايغىچە بوشۇتۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەردى.

رۇسىيەگە فېۋرال ئېيىدا غۇلجىدىن 500 ئۆيلۈك كۆچۈپ چىقتى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆچمەنلەر كۆپىيىپ كەتتى. 1882-يىلى تېرىلغۇ ياخشى ھوسۇل بەرمىگەنلىكتىن كۆچمەنلەر ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلىپ قالغاندا ھۆكۈمەت 2500 سوم ياردەم بەردى. يەنى قەرز ھېسابىدا 10 مىڭ 500 سوم ياردەم قىلدى. 1883- يىلغىچە يەركەنت ئويېزىدىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەرنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە: ئۈسەك، قورغاس ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيغۇرلار 2479 تۈتۈن، 9489 جان، تۇڭگانلار 333 تۈتۈن، 1347 جان، ئاقسۇ - چارىن بولۇسى: 1107 تۈتۈن، 5346 جان.

يەركەنت ئويېزىدىكى ئۇيغۇرلار 4346 تۈتۈن، 18 مىڭ 616 جان بولغان. ئۈسەك بىلەن قورغاس ئارىلىقىدىكى ياخشى يەرلەردىن ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا بەرگەنلىكتىن دېھقانچىلىقى ئوبدان ئوخشىغان. بىر يىل ئۆتمەيلا ھۆكۈمەت سېلىق ئېلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ سىرتىدا قازاق، رۇسلارغا ئايرىپ قويغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان سەۋەبىدىن كۆچمەنلەرگە كۆپرەك سۇسىز يەرلەرلا قالغان. شۇڭا ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋالغان 8100 دېسات يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلغان. يەركەنت ئويېزىدا يەر، سۈيى يوق دېھقانلار، چارۋىچىلار قىشلاقلارغا كۆچۈپ كەتكەندى.



# ئۇيغۇرلارنىڭ چېلەككە كۆچۈشى

غۇلجا كۆچمەنلىرىنىڭ تولىسى ئالمۇتا ئويېزىدىغا، خۇسۇسەن چېلەك دەرياسى ياقىسىغا (ھازىرقى قۇرلم، چېلەك، مالىۋاي بولۇسلىرى) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چېلەك دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىغا (ھازىرقى مالىۋاي بولۇسىغا) تۆرت بولۇستىن يىغىپ 1086 تۈتۈن جايلاشتۇرۇلغان. قۇرلم بولۇسىغا يوقىرىدىكى ئۈچ بولۇستىن چىققانلاردىن باشقا يەنە باشقا بولۇسلاردىن بىر مۇنچە تۈتۈنلەر، 2288 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مالىۋاينىڭ سۈيى مول بولغاچقا ھۆكۈمەتكە ھېچبىر قىيىنچىلىق كەلتۈرمىگەن. قۇرلم بولۇسىدا كۆپرەك ئىش قىلىشقا توغرا كەلگەن. چۈنكى بۇ بولۇستا ئەسلىدە ئاقسۇ، قارا تورۇق، ئۈينىكە، كىيىكباي ئوخشاش تاغ سۇلىرى بولسىمۇ بۇ سۇلار ئېھتىياجنى قامداپ كېتەلمىگەنلىكتىن چېلەك خىرىستىئانلىرى ۋە قازاقلار پايدىلىنىۋاتقان «تال ئېرىق» دېگەن ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ «قاراتورۇق» قا قاراپ چېپىشقا توغرا كېلەتتى.

كۆچمەنلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت «ئاتامقۇل» غىچە سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن 26 مىڭ دېسات يەرنى كۆكەرتىشكە 300 مىڭ كۆچمەنلەر سۇغا ئېھتىياج بولغانلىقتىن بىرمۇنچە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كۆچمەنلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆستەڭ چېپىش قارارىغا كەلگەندى. بۇ ئىشقا ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ شۆھرەت قازانغان ئىلىدىكى تاشئۆستەڭ بولۇسى ئابابەكرى بولۇسنى تەيىنلىگەندى ۋە ئۇنىڭغا بىر رۇس تېخنىكنى ياردەمچى قىلدى. نەتىجىدە ئابابەكرى بولۇس بۇرۇنقى رۇس تېخنىكى كۆرسەتكەندىن ئىككى ھەسسە كۆپرەك سۇ چىقىدىغان، يىلىغا 40 مىڭ دېساتتىن ئارتۇق يەرنى سۇغۇرىدىغان ھازىرقى قۇرلم بولۇسىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۆستەڭنى چاپتۇرۇپ «ئاتامقۇل» نىڭ يېنىغا يەتكۈزگەن. (بۇ ئۆستەڭنى مۇتەخەسسىلەر تەكشۈرگەندە ھېچقانداق يەردىن ئەيىپ تاپالمىغان. پەقەت ئۆستەڭ يان باغرىدىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن يار ئېلىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى ئېيتقان) ھۆكۈمەت ئىككى ئورۇندىكى تۆمۈر كۆرۈككە 177 سوم 64

ئارلىقى 70 ـ 80 چاقىرىم كېلىدىغان بولغاچقا شۇ يىلى قىشنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن. ئاشلىقلىرىنى چانا بىلەن ئېلىپ كېلىۋالغاچقا ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىلمىغان.*

غۇلجىدىكى خونخاي بولۇسى 839 تۈتۈن ئېدى. بۇنىڭدىن 675 تۈتۈن كۆچۈپ چىققان. بۇلارنىڭ ئۈستىگە ئىلى، خونخاي مازار بولۇسلىرىدىنمۇ بىر مۇنچە تۈتۈن قوشۇلۇپ، جەمئىي 1234 تۈتۈن 5933 جان ئادەم بولغان. شۇ چاغدا يوقارقى ئۈچ يۇرتنىڭ ئۈستىڭى (ئىككى ئاقسۇ بايانقازاق سۇلىرى) شۇنچە كۆپ جاننى تەمىنلەپ كېتەلمىگەنلىكتىن ھۆكۈمەت 40 مىڭ دېسات يەرگە سۇ يەتكۈزمەكچى بولۇپ، 1883 ـ يىلى ئەتىيازدا «سارتوقاي»نىڭ ئۇدۇلىدىن بۇرۇنقى «ئەسلى قالماق» ئېرىقىنىڭ ئېزى بىلەن ئۆستەڭ چېپىپ، 12 چاقىرىم يەرگە يەتكۈزگەن ۋە 11 مىڭ دېسات يەرنى كۆكلىتىشكە سۇ بېرەلەيدىغان ئېرىق ئۆستەڭنى رېمونت قىلغان.

مانجۇرلار قولىدا ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە ھاشارغا ئىشلەپ قىرچىلىپ كەتكەن خەلق بۇ زەيكەش، شور تاڭلىق يەردە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلەشكە كۆنمىگەن. شۇنىڭدەك بۇ يەرگە تېرىلغان ئاشلىق ئوبدان بولۇپ قالسا ئالۋاڭ ـ ياساقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەرمىكىن دېگەن خىيال بىلەن شۇ يىللىقى ھۆكۈمەت تەرەپىدىن يېڭى ئۆستەڭ چېپىلغان يەرلەرگە پەقەت 26 دېسات ئاشلىق تەرگەن. تېرىلىدىغان ئورۇقنى قورۇپ چاچقاچقا ئورۇق ئۈنمىگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھۆكۈمەتمۇ ئېتىۋار بەرمىگەن.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ ئۆسەك ۋە قورغاسقا كۆچۈشى

ئاقسۇ، چارىنلارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئۇيغۇرلار ئۆسەك بىلەن قورغاسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەسلىدە رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار بىلەن مانجۇرلارئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەرگە قازاق،



رۇسلاردىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بىراق 1881 ـ يىلى «ئىلىنى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇلغىدەك» دېگەن خەۋەردىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئۇيغۇرلاردىن خېلى نۇرغۇن كىشى ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارلىقىدىكى بوش يەرلەرگە دېھقانچىلىق قىلغان ۋە كۆچۈپ چىقىپ ئورۇنلىشىۋالغان ھەمدە غۇلجىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇراجىتى بىلەن گېنېرال گۇبېرناتور 1882 ـ يىلى 12 ـ يانۋاردا 1500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ۋە 500 ئۆيلۈك تۇڭگاننى ئورۇنلاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭدەك ئۆسەك يېنىدىكى بۇرۇنقى سولۇنلار شەھىرىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى يەركەنت شەھىرى سېلىنىپ، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن سىرت رۇسىيە پۇقراسى بولغان سودىگەرلەرنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. ھۆكۈمەتنىڭ بۇلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشىدىكى مەقسىت يەركەنت چېگرىغا يېقىن بولغاچقا چېگارىغا قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ئاسانلاشتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەرنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىغان.

بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققانلاردىن باشقا ئۆزى باشقا جايغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، كەمبەغەللىكى ۋە يولنىڭ يىراقلىقى سەۋەبىدىن بارار جايىغا يېتەلمەي قالغان باشقا يۇرتلۇق ئۇيغۇر، تۇڭگانلارمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

1882 ـ يىلى ئىيۇندا گېنېرال گوبېرناتور ئۆزى كېلىپ، كۆزدىن كۆچۈرۈپ، نەچچە مىڭ يىللار ئاق ياتقان ئاي دالانى كۆچمەنلەر ئىشلەپ ئاۋات قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چېگرىغا يېقىن قورغاس بويىدىن 500 ئۆيلۈك قازاق ئورۇسقا چۆپلىكى بىلەن 30 مىڭ دېسات يەر قالدۇرۇپ، قالغان يەرلەرنى ئۇيغۇر، تۇڭگانلارغا بىرىشكە ۋە بۇرۇن كەلگەن 12 مىڭ ئۆيلۈك ئۈستىگە يەنە 1500 ئۆيلۈك ئادەم قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

## بېرىلگەن ياردەملەر

بىرىنچى قېتىم غۇلجا ئەتراپىدىكى يۇرتلاردىن كەمبەغەللەر كۆچۈپ چىقالماي 700 ئۆيلۈك كىشى غۇلجىدا توپلىشىپ قالغانىدى. بۇلارنى كۆچۈرۈپ

ئۆبلاستىن مەخسۇس كىشى ئەۋەتىلىپ، 914 ھارۋىدا 486 ئۆيلۈك 2454 تۇڭگان كۆچۈرۈلۈپ چىققان. ئۇلارغا توقماق ئۇيېزىدىكى(رايوندىكى) ھازىرقى پىشپەكنىڭ سوقۇلۇق دېگەن يېرىدىن يەر - سۇ بېرىلگەن. بۇ كۆچمەن تۇڭگانلارنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەل ۋە سودا سېتىق، ھۈنەر -كاسىپ قىلىدىغان بولغاچقا 1308 ئۆيلۈك تۇڭگاندىن پەقەت 350 تۈتۈن توقماق رايونىغا كەلگەن. ئۇلاردىن 200 تۈتۈن سوقۇلۇققا كەلگەن. قالغان 150 تۈتۈنى پىشپەك شەھرىدە قېلىپ، شەھەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 115 تۈتۈنى ئالمۇتىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن يەر- جايلىق ئېلىپ ئالمۇتىغا ئورۇنلاشقان. 100 تۈتۈنى چېلەك بىلەن تۈرگەن ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ئورۇنلىشىپ قالغان. شۇ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە 600 تۈتۈن ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىلىقىغا ئورۇنلاشقان.

1884 -يىلى كۈزدە پۈتۈن سوقۇلۇققا 318 تۈتۈن 1565 جان كۆچۈپ كەلگەندى. ئۇلارغا بۇرۇنقى سۆيدۈڭدە بولۇس بولغان ماسىرلخۇن دېگەن كىشى بولۇس بولۇپ، 1883 يىلى تۇڭگانلار نامىدىن ئاق پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ «خارۇنچە» دېگەن ئۇنۋاننى ئېلىپ قايتقاندى.

تۇڭگانلاردىن پىشپەككە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جەمئىي 208 - تۈتۈن 644 جان، ئالمۇتىغا كەلگەنلىرى 146 تۈتۈن 694 جان، يەركەنت شەھرىگە كەلگەنلىرى 33 تۈتۈن 1347 جان بولۇپ، پىشپەك، ئالمۇتىدا تۇرۇپ قالغانلار كۆكتاتچىلىق، سودا - تىجارەت ۋە ھارۋىكەشلىك بىلەن شۇغۇللانغان. قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئالمۇتا رايونىدىكى تارانچىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 146 تۈتۈن 694 جان بولۇپ، ئۇلار پەقەت دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇلاردىن قۇرام بولۇسىدا بولغانلىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم «قىزىل جىگدە» قىشلىقىدا ياشاپ كەلمەكتە. لېكىن قاراسۇ بولۇسىدا تۇرغانلارنىڭ (پالتا بايدا 85 تۈتۈن، يېڭىشەھەردە 90 تۈتۈن) ھەممىسى دېگىدەك باشقا جايلارغا يەرلىشىپ كەتكەندى. ئومۇمەن غۇلجىدىن كۆچۈپ



چىققان تۇڭگانلارنىڭ سانى 1884 - يىلىدا 1147 تۈتۈن 4682 جانغا يەتكەن. بۇ ھېسابقا قەشقەردىن كۆچۈپ چىققان تۇڭگانلار كىرمەيدۇ.

بېرىلگەن ياردەمنىڭ ھېسابى: توقماق ئۇيېزدىكىلەرگە 8241 سوم 78 تىيىن، ئالمۇتا ئۇيېزدىكىلەرگە 668سوم 10 تىيىن، يەركەنت ئۇيېزدىكىلەرگە 500 سوم، جەمى ئۈچ ئۇيېزدىكىلەرگە 9409سوم 88 تىيىن بېرىلگەن.

## ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

1882 -يىلى 10 -مارتتا رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىنى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تاپشۇرۇپ بەردى. ئىككى خىيالدا قالغان خەلققە بۇ ۋەقە ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلدى. خۇسۇسەن «مانجۇر ھۆكۈمىتى ئەندى كەلمەيدۇ» دېيىشكە ئورۇن قالمىغانلىقىنى كۆرگەن خەلق قايتىدىنلا كۆچۈشكە ھازىرلاندى.

ئامما ئۇلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىق بولمىغاچقا ھۆكۈمەت 1882 -يىلى كۈزگىچە دېھقانچىلىق قىلدۇرۇپ، ھەر بىر قىشلاقتىن بىر قانچە ئۆيلۈك ئادەم قالدۇرماقچى بولغانىكەن. لېكىن قاتتىق غەم-قايغۇغا چۈشكەن خەلق بۇ مەسلىھەتكە كۆنمىگەن. ئاقىۋەت ھەر يۇرت بولۇسلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرى ئاشلىق يىغىلىپ بولغىچە خەلقنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بولغان ۋە شۇنداق قىلىپ خەلقنى توختاتقان. بىراق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە قالغانلىقتىن كۆچۈپ چىققانلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ئىناۋەتلىك، ئابرۇيى بولمىغاچقا خەلق ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلماي كۆپ ئاۋارىچىلىقلار بولغاندى.

كۆچمەنلەر بىرىنچى قېتىم شۇ يىلى مارتنىڭ ئوتتۇرلىرىدا خونخايدىن كۆچۈشكە باشلاپ، چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ ۋە بايانقازاق يەرلىرىگە 26 - مارتقىچە يېتىپ بېرىپ، يەر ھايداپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى تۈزەشكە كىرىشكەن. ئۆزلىرىنىڭ كونا يۇرتى بىلەن يېڭى كۆچۈپ چىققان ئاقسۇنىڭ

چىقىلغانلىقتىن ياخشى - يامان يەرلەر ئۆبدان ئايرىلمىغان. ئەل - يۇرت كۆچۈرۈشكە تەييارلىق قىلىپ تۇرغاندا ئىچكىرىدىن ئىلىنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان مانجۇر ئەمەلدارى 1881 - يىلى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە يېتىپ كېلىپ، ئىلىنى توختاۋسىز قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئەل - يۇرتقا جاكارلىغان. «مانجۇرلار ئۇيغۇرلارنى، تۇڭگانلارنى رۇسلارغا بەرمىگىدەك، ئۇنداق قىلغىدەك، مۇنداق قىلغىدەك...» دېگەن ئۆسەك پاراڭلار بىلەن ئەندىشىگە قالغان خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ كەلگەن مانجۇر ئەمەلدارى ئىلىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى ھەممە يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ، خەلقنى مانجۇرلاردىن قورقماسلىققا، ئىلاجى بار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قىلىشقا نەسىھەت قىلدى. ئەمما خەلق كۆچۈپ كېتىش ھەققىدە ئۇزۇل - كېسىل تىلەكلىرىنى بىلدۈرگەن. كۆچمەنچىلىكتە بولىدىغان مۇساپىرلىق، ۋەتەنگە مۇھەببەت، يەر - سۇ كامچىلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپمۇ خەلقنى توختىتالمىغان. خەلق كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن بۇ ئەمەلداردىن ئىككى يىللىق مۆھلەت سورىغان. ئەمەلدار خەلقنىڭ بىر يىل ئىچىدە يەنى 1882 - يىلغىچە كۆچۈپ چىقىپ بولۇشنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆچۈش باشلانغان ۋاقىتتا ئەھۋال قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن خەلقنىڭ تەلۋىدەك بولۇپ، كۆچۈش ۋاقتى 1883 - يىلى 10 - مارتقىچە سوزۇلغان. مانجۇر ئەمەلدارى كۆچمەنلەرنىڭ تىزىمىنى ئالغاندا ئۇيغۇرلاردىن 11 مىڭ 365 تۈتۈن، تۇڭگانلاردىن 1308 تۈتۈن، جەمئىي 12 مىڭ 673 تۈتۈن (تەخمىنەن 51 مىڭ جان) بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 2000 ئۆيلۈك كىشى ئۈچۈن ئۆسەك بىلەن قورغاس ئارىسىدىن يەر - سۇ بېرىلىپ، قالغان 10673 تۈتۈن ئۈچۈن باشقا يەردىن يەر - سۇ بەرمەك بولغان.

## تۇڭگانلارنىڭ كۆچۈشى

تۇڭگانلارنىڭ كۆچۈشى 1881 - يىلى كۈزدە باشلاندى. بىرىنچى قېتىمدا 14 ئۆيلۈك تۇڭگان كۆچۈپ، ئالمۇتىدا قىشلىدى. ئۇلار بىلەن بىللە 1001



ئۆيلۈك ئۇيغۇر كۆچۈپ ئارالن دېگەندە چېلەككە يەرلەشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋال چىققانلىرى پۈتۈنلەي كەمبەغەللەر ئىدى. شۇ يىلى قىش بالدۇر كېلىپ، ئۇلار قىشنى كىگىز ئۆيلەردە ئۆتكۈزۈپ، كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇققانلىقتىن كۆچۈش توختاپ قالغان. 1882 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ كۆچمەكچى بولغان. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ھېچقانداق ئوزۇق - تۈلۈگى ۋە تېرىيدىغان ئۇزۇقلىرى بولمىغانلىقتىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ مۇراجىتى بىلەن فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا گېنېرال گۇبېرناتور تەرىپىدىن چېلەك، تۇرگۇن ۋە پىشپەككە ئاشلىق توپلاش تاپشۇرۇلغان. بۇ راسخوتلارنى مانجۇر ھۆكۈمىتى ئالاھىدە شەرتنامە بويىچە تۆلەشكە كېلىشكەن. 9 مىليون سوم ئاخچىدىن 450 مىڭ سومنى غۇلجا كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىغا سەرىپ قىلماقچى بولۇپ، بۇ پۇلدىن 50 مىڭ سومنى كۆچمەنلەرگە ئوزۇقلۇق ۋە ئورۇقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن سەرىپ قىلغاندى. كۆچمەنلەرگە بېرىلگەن بۇ ئاخچا ئۇلارغا قەرىز ھېساۋىدا بولۇپ، ھەر يىلى سېلىق يىغقاندا قوشۇپ يىغىۋېلىنغان. شۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پىشپەك ئۆيېزدا 3235 سوم 18 تىيىنگە 9211 پۇت (بىر پۇت 16 كىلوگىرام) ئاشلىق، ئالمۇتا ئۆيېزدا 3636 سوم 60 تىيىنگە 12.202 پۇت ئاشلىق تەييارلانغان.

كۆچمەنلەر شۇ يىلى قىش بويىچە كۆچۈشكە ھازىرلانغان. چېگارىغا يېقىنراق بولۇسلاردىن خەلقلەر دەريادا مۇز قاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى دەريانىڭ جەنۇبىغا يەتكۈزۈۋالغان.

1882 - يىلى رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئەتىيازدا ئىلى دەرياسىغا 3 - 4 كېمە سالدۇرۇپ، كۆچمەنلەرنى كۆچۈپ چىقىشقا ماڭغۇزغان. ئالمۇتا بىلەن ئىلى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چارىن ۋە چېلەك سۇلىرىدىن ئۆتمەك قىيىن بولغانلىقتىن مەخسۇس كۆۋرۈكلەر ياسالغاندى. ھۆكۈمەت رۇسىيەگە ئالدى بىلەن تۇڭگانلارنى كۆچۈرۈشكە تىرىشقان. سەۋەۋى، كۆچۈش مەسىلىسى چىقىش بىلەن تەڭ مانجۇر - تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئېھتىمال ئىدى. ئۇلارنى بالدۇر كۆچۈرۈش مەقسىتىدە

بىلەن مۆھىرلىرىمىزنى باستۇق. بۇ ئەرىزنامىگە بولۇس، قازىلاردىن 24 كىشىنىڭ مۆھىرى بېسىلدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

يۇقۇرقى ئۆستەڭدىن: ئابابەكرى بولۇس، روزى بولۇس، سوفى نىياز، زىكرىيا بولۇس، توختى، مۇھەممەت بولۇسبەك، تۆۋەندىكى ئۆستەڭدىن: موللا ھۆسەيىن، مەغپىرەت ئىسھاق، ئابدۇماناپ قازى بىن ئابدۇرلزاق، غوجا ئەمرى قازى بىن توختى، تاھىر قازى، ناسىر قازى، ئىمىن قازى، سادىر قازى ۋە باشقىلار».

تۆڭگانلارنىڭ ئەرىزنامىسى مۇنداق يېزىلغاندى:

«ئۇلۇق، ئادالەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك گۇبېرناتورىمىزگە، چوڭ-كىچىك پۇخرا تۆڭگانلاردىن ئەرىز:

كەمىنە بىزلەر ئاڭلىساق نۇرغۇن خەلقلەر بىر-بىرىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئېيتادۇركى، غۇلجا شەھەرى يەنە مانجۇرلار ھۆكۈمىتىگە ياندۇرۇپ بېرىلىپتۇ. بۇنىڭدىن چوڭ - كىچىك بارچە خەلقىمىز، خاتۇن-باللىرىمىز تولا قورقادۇر. شۇل سەۋەپتىن ئۇلۇقتىن ئاڭلاپ كۆرسەك، كۆڭلىمىز بىر تەرەپ بولسا دەپ جاناپلىرىغا ئەرىزە يوللىدۇق. ئۇلۇق راست سۆزىنى ئېيتىپ، بىز پۇخرالارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلسا كېرەك». بېسىلغان مۇھىر-جەمى تۆرت، بىرسىنىڭ ئىسمى - بىن ئابوت، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى-ئىسھاق،قالغان ئىككىسىنى بىلەلمىدۇق.

بۇ ئىككى ئەرىزنامە مەخسۇس ئەلچى ئارقىلىق گۇبېرناتورغا يەتكۈزۈلدى. كالپاكوۋسكىي تۈركىستان گۇبېرناتورىنىڭ 20-ئىيۇندا بەرگەن يوليورۇغى بويىچە بۇلارغا كۆچۈشكە روخسەت قىلغان خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر، تۆڭگانلار بىرلىكتە رۇسىيەگە چىقىپ، يەر سۇ كۆرۈپ كېلىش ۋە ئۆي - تام سېلىشقا كېرەكلىك ياغاچ-تاشلارنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەكىللەر سايلاندى. كالپاكوۋسكىي ئۇلارغا چىلەك دەرياسى بويىدىكى يەرلەر بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىپ، ئەگەر بۇ يەرلەر يەتمىسە ياكى يارامسىز دەپ قارالسا چۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ھەتتا ئەۋلىيا ئاتاغىچە يەر ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇرت سايلاپ



بەرگەن ۋەكىللەر ئىلى رۇسلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئىلىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا ناچالنىك بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئىززەتوۋ دېگەن پولكوۋنىك باشچىلىغىدا 1881-يىلى 3-ئىيۇلدا يولغا چىقىپ، 27-ئىيۇلغىچە غالجاتتىن قارابالتاغىچە بىكار ياتقان يەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۆڭگانلار باشقا يەرلەرگە بارماستىنلا قايتقان. نەتىجىدە ھەر بىر بولۇس ۋەكىللىرى كۆرگەن يەرلەرنى ئۆز بولۇسلىرىغا تۆۋەندىكىچە بۆلىشىپ ئالغان.

1. چوڭ ئاقسۇ، كىچىك ئاقسۇ، بايانقازاق يەرلىرى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ سول قانتىدىكى (جەنۇبىدىكى) بىرمۇنچە يەرلەر 839 تۈتۈنگە يەنى خونخاي بولۇسىغا بۆلۈنگەن.

2. چارىن دەرياسىنىڭ تۆۋىنىگە ھەر قايسى بولۇسلاردىن يىغىپ-تىرىپ 500 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

3. چىلەكنىڭ شىمالىغا ئۈچ بولۇس (قاش، قاينۇق، بوربۇسۇن) دىن 2445 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

4. چىلەك دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا تۆرت بولۇس (قاش، ئارئۆستەڭ، بايتوقاي، ئاربوز) دىن 2694 تۆرتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

5. ئاتامقۇلنىڭ تۆۋىنىدىن (ۋەكىللەر ئاۋۋال تورگۇن سۇيىنى ياقىلاپ يەر تۇتقانىكەن، كېيىن نىمىشقىدۇر ئۇنداق بولماپتۇ) ھازىرقى قاراسۇ بولۇسقا 1656 تۈتۈن (نىلقا، توققۇزتارادىن چىققانلار ھەم بىر ئاز شەھەرلىكلەر) ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

6. چۇ دەرياسى بىلەن ئاقسۇ ئارلىغىدىن تۆڭگانلاردىن 1410 تۈتۈن ھەم شەھەر ئەتراپى ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، 3340 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، لېكىن تۆڭگانلاردىن بىر مۇنچىسى بىرىپ قارىسا ئۇ يەرگە بەلگۈلەنگەن ئۇيغۇرلار ھازىرقى يەركەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋالغان، بۇرۇن ۋەكىللەر پىلان بويىچە ئۇ يەرلەرنى كۆرۈپ كەلگەندى. دەرۋەقە بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يەتتىسۇنىڭ يەر - زېمىنى ئۆلچەنمىگەن ۋە ياخشى - يامان، سۇلۇق-سۇسىز يەرلەر ھىساپقا ئېلىنمىغانلىقتىن ۋە غالجاتتىن - قاراپالتاغىچە 1030 چاقىرىم يەر ئاتلىق 24 كۈن ئىچىدە كۆرۈپ

1871-يىلى كالپاكوۋسكىنىڭ بويرىغى بىلەن سۇلتان ئەلاخان ھەمراھلىرى بىلەن رۇسىيەگە يىلىغا 2000 سوم تەمىنات بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ رۇسىيەدە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىنى سېغىنىپ رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىپ، غۇلجا شەھەرگە قايتىپ كەلدى ۋە 1874-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنى غۇلجا شەھەردىكى «تىرەك مازار بوزوروكۋار»غا دەپنە قىلىپ، گومبەز قويۇلغاندى.

رۇسلار ئىلىنى ئىشغال قىلغان 2-يىلى يەنى 1873-يىلى چۆچەكتە تۇرغان مانجۇر جاڭجۈنى پويا ئىلىنى رۇسلاردىن ياندۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئاياگوز قەلئەسىگە بارغاندى. شۇ ۋاقىتتىكى رۇسلارنىڭ پايتەختى پېتىربورگىدىن مەخسۇس ئەلچى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. پويا جاڭجۈننىڭ ئىمتىيازى بولمىغانلىقتىن تەبىئىيكى بۇ قېتىم ھېچقانداق شەرتنامە ھازىرلانمىدى.

رۇسىيە ئەمەلدارلىرى: ئىلىنى مانجۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلى ئاھالىسىغا سالايلى ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلايلى دەپ بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارغا ئاڭلاتتى. ئۇيغۇرلار مانجۇرلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، رۇسىيەنىڭ ھېمايە قىلىشىنى ئۆتۈندى. رۇسلار شۇنداق بولغان تەقدىردە ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيەگە كۆچىشى لازىملىقىنى ۋە ئۇلارغا يەتتىسۇ ۋىلايىتىدىن يەر-سۇ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رۇسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىپ، يەتتە يىلدىن كېيىن يەنى 1879-يىلى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭخۇ ئىسىملىق ۋەكىلى بەزى بىر شەرتلەرگە كېلىشەلمەي قايتىپ كەتتى. 1880-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ زىڭ جىرى دېگەن ۋەكىلى پېتېربۇركقا بېرىپ، 9 مىليون سەر كۈمۈچ، بۇرۇن سىمەر دەپ ئاتالغان يەركەنت، بوزغۇچىدىن قورغاسقىچە، كەتمەن ئۇزۇنتامدىن غالجاتقىچە بولغان يەرلەرنى رۇسىيەگە بېرىش شەرتى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇپ ئېلىش توغرىسىدىكى «جوڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى.

1881-يىلى، 4-ئاينىڭ، 20-كۈنى ئىلىنىڭ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى گېنېرال شىشمارېۋ، نىكولاي پانتىسوۋلاردىن



ئىبارەت كومىسسىيە ئۇيغۇرلارغا ئېلان قىلدى ھەمدە خەلقنى يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچىشكە دەۋەت قىلدى.

## ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچىشى

1881-يىلى فېۋرال ئېيىدا تۈزۈلگەن شەرتنامە بويىچە ئىلى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە گېزىتكە بېسىلىپ، ئەلگە بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىلىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مانجۇر ئەمەلدارى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئىلى داۋاملىق رۇسلار قولىدا بولۇپ كەلدى. ئىلى خەلقى مانجۇرلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەندىشە ۋە قايغۇغا چۈشۈپ چوڭ - كىچىك ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ ئاخىرى رۇسىيەگە كۆچۈش قارارىغا كەلدى ۋە يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورىغا ئەرز سۇندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرزىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئېدى:

«يەتتىسۇ ئوبلۇسىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئۇلۇق گېنېرال گۇبېرناتور ھەزرەتلىرىگە، غۇلجا شەھەر-سەھرالىرىنىڭ پۇخرالارىنىڭ سۇنغان ئەرىزىنامىسى.

1881-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 11-كۈنى ئۆتۈنۈپ ئەرزى قىلىمىزكى بىز غۇلجا خەلقى سۇلتان ئەلاخان باشلىق چوڭ-كىچىك پۇخرالار چىن كۆڭلىمىز بىلەن 1871-يىلىنى باشلاپ ئۇلۇق ئەزىم ئاق پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە قاراپ ئۆز ئوقتىمىزنى قىلىپ تۇرغاندۇق. ئەندى شەھەرنى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە بەرگىدەك، بۇنىڭدىن ئىچىمىزگە ۋەھىمە چۈشۈپ ئەندىشىدە قالدۇق. مۇمكىن بولسا ئۇلۇق ئەزىم ئاق پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە قاراپ كەتسەك، قايتىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارلشقا رازىلىغىمىز يوق. ئۇلۇق مەرھەمىتىڭىزدىن ئۆتىنىپ ئەرىزنامە سۇندۇق. چوڭ كىچىكنىڭ ئىتتىپاقى

غالجات مەھەللىسىنىڭ شاڭبېگى) باشچىلىغىدا ئەسكەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار كەتمەن مەھەللىسىدە (ھازىرقى قازاقىستاندا) توقۇنۇشۇپ قالدى. رۇسلار چاپسان ئاتىدىغان توپ ـ زەمبىرەكلەر ياردىمى بىلەن ئۇيغۇرلارنى سۈرۈپ كەتمەن مەھەللىسىنى ئىشغال قىلدى. ئەمما ئۇيغۇرلار كېچىلەپ ھوجۇم قىلىپ، رۇسلارنى چېكىندۇردى. ئۇلار نۇرغۇن قورال ـ ياراقلىرىنى تاشلاپ قاچتى. شۇ كېچىسى ئۇقۇشماسلىقتىن غۇلجا شەھىرىدىن ياردەمگە چىققان ئەسكەرلەر بىلەن توقۇلەك قىسىملىرى توقۇنۇشۇپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ كەتتى. تۈن قاراڭغۇسى بولغاچقا غەرپ تەرەپتىن توقۇلەك ئەسكەرلىرى، شەرىقتىن شەھەر ئەسكەرلىرى (ئىچىدە ئەلخان سۇلتانمۇ چىققاندى) جەنۇبتىن قازبەگ قىسىملىرى كەتمەن مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلغاندى.

رۇسلار قۇراللىرىنى تاشلاپ دەرەخلەرگە چىقىۋالغانىكەن. تاڭ يورىغاندا دەرھال قۇراللىرىنى ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى يىققاندا قارىسا ئۇيغۇرلار ئۈچ تەرەپ بولۇپ، بىر ـ بىرىنى قىرىۋاتقانىكەن. ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئاۋال كەتمەن مەھەللىسىگە كىرگەندە رۇس ئەسكەرلىرى مىلتىقلىرىنى تىكلەپ قويۇپ، بىخەۋەر تۇرغانىكەن. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى ئالماي، باغلاقلىق تۆگىلەرگە ئېلىنغان قۇرۇللارنى غەنىيمەت ئېلىشقا ئۇرۇنغاندا تۆگىلەر ۋارقىراپ كېتىپ، رۇسلار ئويغىنىپ، ئاندىن دەرەخلەرگە قېچىپ چىقىۋالغانىكەن.

تاڭ يورىغاندا رۇسلار ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى يەنە قوغلاپ چىققان بولسىمۇ، ئاخىرى رۇسلار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چېگرادىن نېرىغا قوغلاۋەتتى.

كەتمەن ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان رۇس ئەسكەرلىرى ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇڭ ياقىسىنى (شىمال تەرىپىنى) بويلاپ غۇلجىغا قاراپ ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى قاراۋۇللار مەلۇم قىلدى. بۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققان شەھەردىكى ئەسكەرلەر تەرتىپسىز لاغايلاپ تۇرغان ۋە ئۇرۇش قىلماستىنلا رۇسلارغا ئەسىر بولغان. تۇنۇگۇنلا كەتمەن ئۇرۇشىدا رۇسلارنى قاچۇرغان باتۇر ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ھېچ قانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا



رۇسلارغا ئەسىر بولۇشىدا ئەلبەتتە بىر سىر بار ئىدى. سۇلتاندىن رەنجىگەن بېشىر بەگ جىلىل ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچى شىرىكلىرى ئىچكى جەھەتتىن زېمىن ھازىرلىغاندىن كېيىن رۇسلارنى چاقىرىپ كەلگەنىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا كەتمەن ئۇرۇشىدا دەككىسىنى يېگەن رۇسلار مۇنداق چاپسان يورۇش قىلىپ كەلمەس ئىدى، دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ گۇمانلارنى شەھەر ئەسكەرلىرىنىڭ تەسادىپى ھەركەتلىرى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ. بۇنى بېشىر بەگنىڭ جەڭچىلىرىدە كۆرۈنگەن تەسادىپي ئەھۋاللار ئىسپاتلىماقتا ئىدى.

بېشىر بەگ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن رۇسىيەدىن خارۇنچە (مەنسەپلىك) دەرىجە ئالارمىش دەپمۇ قەيت قىلىنىدۇ. مانا ئۇيغۇرلارنىڭ 7 ـ 8 يىل قان تۆكۈپ، مال ـ مۈلۈك ۋە خۇتۇن، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، جېنىنى پىدا قىلىپ ئېرىشكەن ئازاتلىغى بىر نەچچە يۈز سۇم مۇكاپات بەدىلىگە قۇربان قىلىندى.

دېمەك، ئاسىيلىق قىلىندى، نەتىجىدە سۇلتان رۇسىيە دۆلىتىگە تەسلىم بولدى. ئۇيغۇرلار يەنە ئاسارەت ئىلكىگە چۈشۈپ قالدى.

## ئىلى ئۇيغۇرلىرى رۇسلارنىڭ قولىدا

1871 ـ يىلى رۇسلار ئىلىنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى تۆرت ئۇيېزدىغا (رايونغا) بۆلۈپ، 1 ـ رايون غۇلجا شەھىرىدە، 2 ـ رايون ئارا ئۆستەڭدە، 3 ـ رايون سۈيدۈڭدە، 4 ـ رايون قاينۇقتا تۇرغاندى. بۇرۇنقى مىڭبېشى، يۈز بېشى ۋە بەگلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بولۇس قازىلاردىن بەلگۈلىدى. رۇسلار ئىلى ۋىلايىتىنى ئىسلاھ قىلىشتا بۇرۇنقى مانجۇرلارغا قارىغاندا بەك غەيرەت كۆرسەتتى. خۇسۇسەن يول ياساشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. دېمەك مانجۇرلار دەۋرىدىكى جەبىر ـ زۇلۇملاردىن خەلق بىر ئاز يېنىكلەندى.

تارىخىدىن بۇيان مىراس بۇلۇپ ساقلىنىپ قالغان تۇرلۇك جاھالەت ۋە خۇراپاتلىق ئادەتلىرى ئىچىگە پاتقان بولۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇتىدىغان مەلۇماتلىق زاتلار يوق ئىدى.

4) خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى (تۇرمۇشى) ناھايىتى زەيىپ بولۇپ، مۇنتىزىم ئەسكەر كۈچ ۋە مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

5) ئەڭ مۇھىمى شۇ چاغدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت خەلقچىلىق ئاساسىدا قۇرۇلماي، بەلكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ خاھىشى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت، ئادالەت، ھەققانىيەت، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات دېگەنگە ئوخشاش خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن يىراق ئىدى. خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېزىلىشى ئازايمىغانىدى. ئايرىم ھوقۇق ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى گۇرۇھلار مەركەزلەشكەن ھۆكۈمەت تەرتىۋى يولغا قويۇلمىغانلىقتىن پايدىلىنىپ، بۇرۇنقىدەكلا ھەر قايسى جايلاردا ئۆزى بىلگىنىچە ئۇمۇمىي خەلق مەنپەئەتىگە بوي سۇندۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارغانىدى.

6) خەلق ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارلىشالمىدى ۋە مەلۇم قانۇنى ئاساستا سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى. مائارىپ ئىشلىرى تەرتىپلىك يولغا قويۇلمىدى. ئالۋاڭ-ياساق، ئېلىق - سېلىق ئېشىپ كەتتى. يىغىلغان نەرسىلەر ۋە دۆلەت ھەم خەلقنىڭ بايلىغى ئايرىم شەخسلەرنىڭ شەخسى بايلىغىغا ئايلانغانىدى. ئۇ كەيپى - ساپاغا سەرىپ قىلىندى. خەلق قان كېچىپ ، ئىنقىلاپ قىلىش نەتىجىسىدە ئازات بولغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا يېڭىلىق كۆرەلمىگەنلىكتىن خەلق ئارىسىدا نارازىلىق كۆپرەك كۈچەيدى. شۇ ۋاقىتلاردا بەگلەرنىڭ دەردىگە چىدىيالماي خەلق دىت-پەريات چەككەندى. بۇ ۋەقە ۋە ھادىسىلەر بەگ-ھاكىملارنىڭ خەلقنى قانچىلىك ئەزگەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.



7) ھەربىر تەرتىپ - ئىنتىزىم، ئىستىھكام، چېگرا سودىسى دېگەندەك يولغا قويۇلمىغانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋە مۇستەقىل دۆلەتنىڭ نېگىزلىك ئاساسىي زەيىپلىشىپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىشكە ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئېلىنىڭ چېگاراسى: جەنۇبى مۇزداۋان، غەربى رۇسىيە، شەرقى يۇلتۇز، شىمالى بۆرتالاغىچە ئىدى. ئېلىنىڭ نوپۇسى رويخەتكە ئېلىنمىغانىدى.

1863-يىلى ئېلىدا ئىنقىلاپ باشلىنىپ 1864-يىلى ئېلى دۈشمەنلەردىن تازلىنىپ، ھۆكۈمەت ئۆز چولىسىنى تاپقىچە بىر ھادىسىگە دۇچ كەلدى. ئەسلى ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئازاتلىق ھەركىتى باشلانغان چاغدا يەتتە سۇ ۋىلايىتىدىكى قازاقلار توپ - توپى بىلەن قېچىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغانىدى. بۇ ياردەمنى ئۇيغۇر خەلقمۇ ئاياقسىز قويغىنى يوق. ئاق پادىشاھنىڭ زۇلۇمىغا قارشى باش كۆتۈرۈپ، ئارقىدىن نۇرغۇن سەربازلىرى بىلەن ئېلى ۋىلايىتىگە قېچىپ ئۆتكەن پالتا باي، قازبەگ باشچىلىغىدىكى قازاق پارتىزانلىرىنى سۇلتان ئەلاخان ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ساقلىغانىدى. يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورى كالپاكوۋسكىي سۇلتان ئەلاخاندىن مەزكۇر پالتاباي بىلەن قازبەگنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەندى. لېكىن ئەلاخان سۇلتان ئۆز ھىمايىسىگە سىغىنىپ كەلگەن قازاقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىدى. كالپاكوۋسكىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، جاۋاپ قايتۇردى.

كالپاكوۋسكىي تەلىۋى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئاچچىقلىنىپ ئالدىراش ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ ئۇيغۇرلار ئۈستىگە ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى بۇرۇن ئىلىغا ساياھەت قىلىپ كىرگەن رۇس تۆرىلىرىنىڭ ۋەسۋەسى (كۈشكۈرتىشى) ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولغانلىغى، شۇنداقلا سۇلتاندىن كۆڭلى قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەشۋىشلىرىدىن بولغانىدى. 1871-يىلى باھار پەسلىدە دوبۇن (يەر نامى) ئەتراپىدا رۇس ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالغانلىغىنى قاراۋۇللار خەۋەر قىلدى. بۇنىڭغا قارشى توقۇلەك شاڭ بېگى (ھازىرقى قازاقستان چېگراسى ئىچىدىكى

ئالماقچى بولۇشتى. بۇ خەۋەرنى سۇلتان ئەلاخان ئاڭلاپ، تۇڭگان ئۇلۇغلىرىغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتى. خېتىدە: «ئەي مۆمىنلەر! شەيتان كەينىگە كىرمەڭلار، بۇ ئىش ھەر ئىككى تەرەپكە قىپقىزىل زىياندۇر. ئۆتكەن ئىشلار بولسا بۇ بىر قازا، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىشلارغا تووۋا قىلىپ، نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، ئەمدى قەستلەشمەيلى، ئىككى تەرەپتىن كۆپ كىشىلەر شېھىت بولدى. بۇنىڭغا رازى بولۇشايلى. ئەگەر رازى بولماي قەسلەشسەڭلار مېنىڭ بۇرۇنقى ئەسكەرلىرىم ھازىرمۇ بار» دەپ يازغانتى. بۇ خەت تۇڭگانلارنىڭ قولىغا تەككەن ھامان، دەررۇ جاۋاپ يازدى. ئۇلار خېتىدە: «سوقۇشتىن باشقا ئىشىمىز يوق، ئەگەر سۇلتان ئەلاخان سوقۇشتىن قورققان بولسا، ئوردىنى تامغىسى بىلەن شەھەرنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن. ئۆتكەن ئىشلارغا ئىنتىقام ئالمىساق كۆڭلىمىز تىنمايدۇ» دەپتو. سۇلتان ئەلاخان بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، قاتتىق خاپا بولۇپ، قېنى يەنە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلايلى، ئەجەپ ئەمەس، ئەمنىلىكتىن ئىبرەت ئېلىپ، ياخشىلىققا يۈزلىنىپ قالسا دەپ قاسىمنى ئالدۇرۇپ، تۇڭگانلارغا ئاشلىق، گۆش، ماي ئېلىپ بارغىن، بۇلارنى يەپ تويۇپ سوقۇش قىلسۇن ياكى پەيلىدىن يانسۇن دەپ ئۇن، گۈرۈچ، ماي، قويلارنى ھارۋىلارغا باستۇرۇپ، مىرقاسىمغا بىرنى ھەمراھ قىلىپ تۇڭگانلارغا ئەۋەتىپ بەردى. تۇڭگان چوڭلىرى: «ئەمدى بىزگە قانچە يالۋۇرسىمۇ ھېچ نەرسە كار قىلمايدۇ»، «ئارىمىزدا قىلىچتىن باشقا ھېچ نەرسە قۇتۇلدۇرۇپ ئالالمايدو» دەپ ئاشلىق ئاپارغان ئىككىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ كېيىن بۇلارنى سولاپ قويدى. بۇلار كېچىچە خۇداغا زار-زار يىغلاپ چىققانلىقتىن باققۇچى تۇڭگانىنىڭ رەھمى كېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇلار قاچقان پېتى شەھەرگە بېرىپ سۇلتان ئەلاخانغا ئەھۋالنى بايان قىلغاندى. سۇلتان ئەلاخان غەزەپكە كېلىپ بارلىق ئەسكەر باشلىقلىرىنى يىغدۇرۇپ، مەسلىھەت قىلىپ، سوقۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن قارار قىلدى. قارار نەتىجىسىدىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئەسكەرلەر قوبۇل قىلىپ يولغا چىقتى. تۇڭگانلار ئاتلىق-پىيادە بولۇپ، قىقاس-چوقان بىلەن رەھىمسىز سوقۇش قىلدى. گاھىدا ئۇيغۇرلار، گاھىدا تۇڭگانلار چېكىنىپ،



ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىدىن ھېسابسىز چىقىملار بولدى. ئاخىرى قاتتىق ھوجۇمدىن كېيىن تۇڭگانلار كورە شەھەرگە يۈزلەندى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى كورە شەھىرىگە باستۇرۇپ بېرىپ، تۇڭگانلارغا كۆپ زىيان كەلتۈرگەندىن كېيىن تۇڭگانلار سۈيدۈڭگە قاراپ قاچتى. بەزىلىرى سۇلتان ئەلاخانغا يالۋۇرۇپ تەسلىم بولدى. سۇلتان ئەلاخان يول-يوللارغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ، گۇناھىدىن ئۆتۈپ، چوشىسىن دېگەننى باشلىق قىلىپ، لوچۇر دېگەننى مۇئاۋىن قىلىپ بېكىتتى. ئۇيغۇر جەڭچىلەر بولسا كۆپلىگەن ئولجىلارنى ئېلىپ غولجا شەھەرگە قايتتى.

## سۇلتان ئەلاخان دەۋرىدە بولغان ۋەقەلەر

ئىلى خەلقى مانجۇرلارنىڭ قاتتىق زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئازاتلىق - ھۆرلۈك تۇرمۇشقا مۇيەسسەر بولغاندى. لېكىن بۇ مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك ئۇزۇنغا بارمىدى. رۇسىيە جاھانگىرلىكى تۈرلۈك يوللار بىلەن يەنە ئىلى خەلقىنىڭ بويىنىغا قۇللۇق زەنجىرىنى سالماقچى بولدى. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

1) ئىلىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئەسكەرلەر بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە ئورنىتىپ، مەركەزلەشكەن تەرتىپتە ئىش ئېلىپ بارالمىغان ئىدى.

2) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دوستلىقى، ئۆز ئارا ئىشەنچى يېتەرسىز بولغان، مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي نىزالار ساقلىنىپ قالغان. ئايرىم مىللەتلەر ئىلى ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن مانجۇر ھۆكۈمىتىگە ياردەملەشكەن (مانجۇرلار ئىلىدىن قوغلانغاندىن كېيىن چۆچەككە بېرىپ، پويا ئىسىملىق كىشىنى جاڭجۈن قىلغان ۋە ئەسكەرلىرى بىلەنلا شۇ يەردە تۇرغاندى) .

3) خەلق نادان ۋە قالاڭغۇلۇقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆتمىش

بىز تەرەپكە ئۆتتى، ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز ئۈستىدىن كېلىشىلگەن بولدى» دەپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، سۈيدۇڭدىكى تۇڭگانلارغا خەت ئەۋەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى دائۇۋر خەلپىم دېگەن كىشى بۇ ۋەقەنى بىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، ئالى ئەلچى ھېساۋىدا كەلگەندى.

سۇلتان ئەلاخان بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولسىمۇ، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن سۈلھى ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، موللا شاۋكەت ئاخۇنغا خەت ئەۋەتتى. خەتنى موللا زۇليار بىلەن زەيناۋۇر ياساۋۇلغا يەنە ئىككى كىشىنى قوشۇپ، تۆرتىنى ئەلچى ھېساۋىدا ئەۋەتكەندى. موللا شاۋكەت ئاخۇن ئاچچىقلىنىپ، «سۇلتان ئەلا شەرىئەتنى بىلمەمدىكەن؟ مەن ئەلا بىلەن ياخشى بولالمايمەن، مېنىڭ سۇلتانلىقىمنى تارتىپ ئېلىپ، مېنى خورلىدى. بۇ يەردە بىز ئەتىۋارلىق كىشىلەردىن بولۇپ، ئەخمەتخان غوجىنى سۇلتان، مېنى ئەمىر قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولدى. سىلەر دەررۇ ئارقاڭلارغا قايتىڭلار» دەپ بۇيرىدى. موللا زۇليار ئېيتتىكى «ھەي ئاخۇنۇم ئەھلى ئىلىمنىڭ پەزىلىتى شۇمىتى، سۇلتان بىلەن سىزلەرنى ياراشتۇرماقچىمىز، بۇ سىزلەرگە ھاجىباد ئىماندۇر، بىز سىزنى ئېلىپ كەتمەكچى.ئۆز يېرىڭىزدە شاراپەت تاپارسىز، سۇلتان ئەلاخان قەسەم قىلىپ، بىزلەرنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى» دېدى. ئاخۇنۇم بولسا بۇلارنىڭ سۆزىگە ئۇنىماي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالدى. تۇڭگانلارنىڭ موللا ئاخۇنلىرىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇمغا «ئەي ئاخۇنكا، قايتقىنىڭىز ياخشىدۇر، غوجام مۇنداق تۇرسۇن، سىز قايتىپ بارسىڭىز يامان ئىشلارمۇ ياخشى ئىشلارغا ئايلىنىدۇ» دېيىشتى. بىراق بىر مۇنچە بەغەرەز تۇڭگانلار بىز ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، بۇ كەلگەن ئەلچىلەرنى ئاۋال ئۆلتۈرۈمىز دەپ چوقان سېلىشتى. ئەلچىلەر بىر بانالار بىلەن قېچىپ، سۇلتان ئەلاخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

ئەخمەتخان غوجا تۇڭگانلارغا باش بولۇپ، موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن نۇرغۇن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، سۇلتان ئەلاخانغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى. جەڭدە ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن قىرىلدى. شۇ ۋاقىتتا



ياكۇر سۇلتان غۇلجا شەھرىدە ئىدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئىش باشلانغان ھامان سىلەر سوقۇش باشلاڭلار دەپ ۋەزىرى كېنىز تازغا تاپشۇرۇپ كەتكەندى.

ياكۇر بولسا شەھەر خەلقى بىلەن سوقۇش قىلدى. ئالدىنقى جەڭدە تۇڭگانلار ئۈستۈن كېلىپ، ئاق تۆپىگىچە ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قەھرىمانلاردىن قۇۋاش بەگ، ئىسلام موللا، ھوشۇرلار غەيرەتكە كېلىپ، تۇڭگانلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، بىجاندىل بىلەن غەيرەت قىلغانلىقتىن، ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگىدە تۇڭگانلارنى ئارقىسىغا چېكىندۈرۈپ، چىلپەڭزىگىچە ئاپىرىپ سولاپ قويدى ۋە سېپىل ئىچىگە قورشاپ تۇرۇپ، سوقۇش قىلىپ دۈشمەنلەرنى يوقاتتى.

شەھەر ئەسكەرلىرى بىلەن خەلق بۇ سوقۇشتا ئۈستۈن كېلىپ، ياكۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ياكۇرنى ئۆلتۈردى.

ئەخمەتخان غوجا بىلەن موللا شاۋكەت ئاخۇننى چىلپەڭزىگە سولانغان تۇڭگانلار ئارىسىدىن شەھەرگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئەخمەتخان غوجىنى ساي بويىدا ئۆلتۈردى. موللا شاۋكەت ئاخۇننى زىندانغا سولاپ قويۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تاغارغا سېلىپ، دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈردى. ئەمىر توختى ئاخۇننىڭ تېنىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. قالغان تۇڭگانلار كۈرە شەھرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇيغۇر بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مانجۇر سوقۇشىدىن تۇڭگان سوقۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغان دېيىشىدۇ. ياكۇر بىلەن شەھەر ئىچىدىكى سوقۇش ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىدىنمۇ كۆپ چىقىمدار بولدى. بۇ سوقۇشلارغا سادىر پالۋاننىمۇ تەكلىپ قىلغان ئىدى. سادىر پالۋان: «مەن بولسام قېرىدىم، ئەمدى سوقۇشقا قاتناشمايمەن» دەپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇڭگانلار سوقۇشىغا قاتنىشالمىدى.

كۈرەدىكى تۇڭگانلار باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ، سۈيدۈڭ ۋە باشقا يەردىكى تۇڭگانلار بىلەن بىللە قاچقان، مۇككەن تۇڭگانلارنى يىغىپ، مەسلىھەتلىشىپ، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇچ

## ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدىكى چاتاق

ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئىلى ۋىلايىتىنى مانجۇرلاردىن ئازات قىلغۇچە ئىناق ۋە ئىتتىپاق ئۆتكۈزدى. ئۇرۇشلاردا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلارمۇ بەزى مەسىلىلەردە ئۇلارغا يول قويۇپ كەلدى. ئۇلارغا دەخلى تەرۇز قىلمىدى. تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى ياكۇر تۇڭگانلارغا سۇلتان بولۇپ كەلدى. قاچانكى دۈشمەننىڭ كۈچى تۈگەپ، ئىلى ئازات بولدى، تۇڭگانلارنىڭ ئىشلىرى باشقىچە ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى. ياكۇر ئازىراق تۇڭگانلارغا سۇلتان بولۇشنى ئويلىدى. ياكۇر تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەپلەر بىلەن يول تۇتۇپ، جىددىي ھەرىكەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئوردا ئىچىدىكى تۇڭگانلار باشلىقى داۋۇد خەلپىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى. داۋۇد خەلپە ئوردا ئىچىدىكى بارلىق ئۇيغۇر خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا ئۆز ئادەملىرىنى قويۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا ئاز كۈنگە قالماي ئىتتىپاقسىزلىق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يېڭىدىن تەسلىم بولغان قالماقلارنىڭ باشلىقلىرى كۆك شىن ئامبال، موكۇ تۆمۈر دېگەنلەر توققۇزتارا، نىلقا، ئۇلۇستاي ئارقىلىق تۇرغۇتتىن نەچچە مىڭ چېرىك ئېلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانتى. سۇلتان ئەلاخان بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئەمىر توختى ئاخۇننى چاقىرتىپ، مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن، شەھەر غەزنىچىگە بارلىق ئىشلارنى تاپشۇرۇپ، ئۇلۇستاي غولىغا بېرىپ، بارگاھ قۇردى. شۇ ئارىلىقتا قالماقلار تەرەپتىن سوقۇش قىلىش خەتلىرى كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى مەنسىتمىگەن ئاساستا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى غەزەپلەندۈردى. ئاندىن ئىككى تەرەپ جەڭ باشلىدى. بۇ جەڭ بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلدى. ئاخىرى دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىسىغا چېكىنىپ، تاراشقا باشلىدى. قالماقلار نۇرغۇن چىقىملارنى تارتىپ، يۇرتىغا قايتىشتى.

ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاقسىز بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمىر توختى ئاخۇن سۇلتان ئەلاخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەندە



سۇلتان ئەلاخان ئۇنىڭغا ئات گۆشىگە زەنجىۋىل سېلىپ، تاماق قىلدۇرۇپ مېھمان قىلغان ئىدى. ئەمىر تاماقتىن كۆپرەك يەپ قويۇپ، ئۆيىگە بارغاندا ئىچىنى ئاغرىتىپ، تەبىئىتى بۇزۇلۇپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن سۇلتان ماڭا زەھەر بەرىدىمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ، دەرھال ئەلى تۆرە ئارقىلىق ئاكىسى ئەخمەتخانغا خەت ئەۋەتىدۇ. ئەخمەتخان غوجا دەرھال ئارا ئۆستەڭ، قاشلاردىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن نادانلاردىن كېچىلەپ ئادەم يىغىپ، ئۇلارغا ئەلاخان سۇلتان ئەمىر توختى ئاخۇنغا زەھەر بېرىپتۇ دەپ بارلىغىنى ئەگەشتۇرۇپ، كېچىلەپ توختى ئاخۇننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. شۇ كېچىسى موللا شاۋكەت ئاخۇننى ئالدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تاڭ سەھەر ھەممە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئاتلىنىدۇ. شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئوردىنىڭ سوراقخانىسىنى بۇزۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىدۇ. ئوردىدىكى ھەممە قاشلىقلار پېتىراپ قېچىپ كېتىپ، سۇلتان ئەلاخان يالغۇز قالىدۇ. ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن جالالاتلىرى يىغىلىپ كەلگەندە بازار باشلىقى ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئەلاخان بىلەن بىرلىكتە ئەخمەتخان غوجىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا موللا سالىت ئىمام ئەلى تەرەپ قالغان خىزمەتچىلىرى بىلەن خەلق قوزغۇلۇپ سۇلتان ئەلاخان تەرەپتە بولۇپ، سۇلتان ياردەمچىلىرى غالىپ كېلىپ، موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجا قېچىپ، تۇڭگانلار مېچىتىگە كىرۋالىدۇ. بۇلارنى تۇڭگانلار ھىمايىسىگە ئېلىپ، چىقىرىپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنى يوشۇرۇنچە سۇيدۇڭدىكى تۇڭگانلار تەرەپكە قاچۇرىۋېتىدۇ.

سۇلتانلىقتىن مەھرۇم قالغان موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن مەنسەپ تەگمىگەن نامى قالغان دوستلىرىنىڭ ۋەدىسىدىن مەھرۇم قالغان پىتنە پاسات چاچقۇچى ئەخمەتخان غوجا تۇڭگانلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە ساقلىنىدىغان بولدى. ئەمىر توختى ئاخۇنمۇ قېچىپ بېرىپ ، شەمشىدىن خەلپەم قېشىغا بېرىپ يېغىلغانتى. خەلپەم ئۇنى ئارا ئۆستەڭدىكى بىر ئۆيگە قاماپ قويدى. تۇڭگانلارنىڭ سۇلتانى ياكۇر ۋەزىرى كىنزى تاز، ماينىزلار خۇشال بولۇپ، «موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجىلار

ئۆزلىرى بىلسىلە» دېدى. سۇلتان شاۋكەت ئاخۇن ئېيتتى: «ئەي ئاخۇن راست ئېيتتىڭىز، ئەمما ئەلى پالۋانغا مەنسەپ بەرمەيمەن». ئاخۇنۇم ۋە تونۇشقان ئاخۇنلار: «ئەلىدە نېمە گۇناھ بار؟ ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىپ، غەزەپىلەن قارايسىز؟» دەپ سورىغانتى. سۇلتان ئېيتتىكى «ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆزەم بىلىمەن». ئۇلار ئۇنداق غەزەپلەنسىڭىز ئۆزۈڭىزگە زىيان بولۇر، دەپ نائىلاج قايتىپ كەتتى.

پۈتۈن يۇرت چوڭلىرى ۋە كىچىكلىرى ھەممىسىنىڭ سۇلتاندىن كۆڭلى قالدى. موللا ھىلال ھەسەن ئىمام ئۆز يۇرتىغا قايتىپ چىقىپ، بولغان ۋەقەلەرنى خەلققە سۆزلەپ بەردى. بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، نورغۇنلىغان ئەسكەرلەر ۋە بارلىق كىشلەر قاش بويىغا بېرىپ، ئەمىر ئەلىگە بەيئەت قىلىپ، ئۇنى سۇلتان سايلاپ، شاۋكەت ئاخۇننى سۇلتانلىقتىن قالدۇردى. ئەلى پالۋان «بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىڭلار، تاكى ئاخۇننىڭ ئاچچىغى يېنىپ قالغىچە» دېۋىدى، خەلق ۋە ئەسكەرلەر ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئەمىر ئەلى پالۋاننى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدى.

## ئەلى پالۋاننىڭ سۇلتان بولۇشى

1867-يىلى قاش دەرياسى بويىدا خەلق ئەسكەرلىرى شاۋكەت سۇلتاننى سۇلتانلىقتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا «جاھان پالۋان سۇلتان باھادىر غازى ئابۇ ئەلاخان» نامى بىلەن ئەلى پالۋاننى خان سايلىدى. ئابۇ ئەلاخان ئىبراھىم ئوغلى ئېدى. ئەلى پالۋان خان بولغاندىن كېيىن تىرەپ-تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى توپ-توپ بولۇپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. پۇقرالار شاۋكەت ئاخۇندىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلاخانغا خىزمەت قىلىشقا تەييارلاندى. موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە بەگلىرى شەھەرنى تاشلاپ، سەھراغا چىقىپ كەتتى. بەگزادە بەگ غوجامنىياز ئەلى ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئىنىسى توختىئاخۇن ئەلى پالۋانغا بەيئەت قىلىپ، خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كەلدى. موللا روزى نەمىتى تاھىربەگ، ئابدۇللا ھېمىتبەگ، ئابدۇللا سەدەن بەگلەرنى،



غەزىنىچى مەخبىربەگنى، نەدەپ ئاخۇنبەگ، مىرالدىنبەگ، ئازىمبەگ، سېتىۋالدى بەگلەرنى شاڭ بېگى قىلدى. ئەخمەت غوجىنىڭ ئىنىسى توختى ئاخۇننى ئەمىر قىلىپ سايلىدى. جالالىدىن خەلپەمنى قازى كالام دەپ ئېلان قىلىپ، ھەر قايىسى مەنسەپدارلارنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇشىغا تەۋسىيە قىلدى. تەبىئىيكى مۇنداق سايلام ۋە سايلاشلار موللا شاۋكەت ئاخۇن ۋە ئەخمەتخان غوجىلارغا توغرا كەلمەيتتى. ئەلاخان سۇلتان ئەخمەتخان غوجىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، «غوجام ئەمدى سىز قېرىدىڭىز، خەلقنىڭ ئامانلىقىغا دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ بېرىپ، ئۆيۈڭىزدە تىنچ يېتىڭ» دەپ سەھرادىكى ئۆيگە ماڭغۇزدى. ئاندىن سۇلتان پۈتۈن ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شەھەر تەرەپكە يولغا چىقتى. بۇ خەۋەرنى خۇدىيار يۈزىكى موللا شاۋكەت ئاخۇنغا ھەسەت قىلغان ھىلال ھەسەن ئاخۇن ئاڭلاپ، تولەندى يۈز بېگى، موللا ھوشۇرەن، ئەخمەت ئەلىلەرنى باشلاپ، نورغۇن خەلق بىلەن سۇلتان ئەلاخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن تۆۋەندىكى نەسىھەتلىرىنى قىلدى. «ھەي شاھىم ئۆمرۈڭىز ئۇزۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھېچ بىر يامان ئىشلارنى قىلماڭ، شەھەر دېگەندە كۆپ ئەھلىلەر بار، ئۇلارغا زىيان زەخمەت قىلمىغايسىز، ئەسكەرلىرىڭىز بىر توخونىمۇ ئۆلتۈرمىگەي، بەزى ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلمىسۇن، شەرىئەتتە قان چىقارماسلىقتۇر، سىزلەرگە بىرسى ئوق چىقارسىمۇ ئاۋال ئوق چىقارماي سەۋر قىلىپ، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرگەيسىز، ھېچ ئىش يوق، ئاداۋەت قەستنى دەپ ئۆچ ئالمىغايسىز». ئەلاخان سۇلتان شەھەرگە كىرىپ، ئوردىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، موللا شاۋكەت ئاخۇننى ئۆيىدىن چىقمىسۇن، خاپا بولۇپ، تۆرىدىن چۈشمىسۇن دەپ كىشى كىرگۈزدى.

باشلىقلىرى قەھرىمان پالۋانلار سۆزىنى بىر قىلغاچقا ئاخىر ئەلى پالۋان ئەمىر سايلاندى. بۇ ئىشقا پۈتۈن چوڭ ـ كىچىك مۇبارەك ئېيتتى.

كۇرە شەھىرىنىڭ شىمال تەرەپتىكى ساندۇغ جاڭزا دېگەن يېرىدە مانجۇرلار ناھايىتى كۆپ،( قارلۇۋۇللىرى) مانجۇر مەنسەپدارلىرى ھەم مۇسۇلمان جەڭچىلەرمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمان جەڭچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، تەييار تۇراتتى. شاۋكەت سۇلتان باشلىق بارلىق ئەسكەرلەر ئوت قويۇپ، كۈلىنى كۆككە سورىدى. كۇرە شەھىرى مانجۇرلاردىن ئازات قىلىندى. كونا جاڭجۇن ئەسىرگە ئېلىندى. يېڭى جاڭجۇن ئۇرۇشتا يوقالدى. چەكسىز ئالتۇن ـ كۈمۈشكە باي جاڭجۇن ئوردىسى پۈتۈنلەي بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇرۇلدى. قەھرىمانلارنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىپ ئوينىشىغا قويۇپ بېرىلدى. كۇرە شەھەرنىڭ سۇقۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى باي بولۇپ ياندى. ئەسكەرلەر ۋە خەلق خۇشاللىققا چۆمدى.

## موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سولتانلىقتىن چەتلەشتۈرۈلىشى

مانجۇرلارنىڭ ئاخىرقى تىرىكى كۇرە شەھىرى ئېلىنغاندىن كېيىن ئەتراپىنى ئۇيغۇرلارغا يەنى بۇ قېتىمقى جەڭدە كۈچ كۆرسەتكەنلەرگە قورا جايلىق قىلىپ بۆلۈپ بەردى. سۇلتان بولسا ئۆز ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بارماي، ئىشنى بىراقلا تاشلاپ، ھۆكۈمەت ئورنىنى مەھكەم چىڭىتمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى بىلگەنچە ھۆكۈمەت ھوقۇقى يۈرگۈزۈپ، ئۆز ئورنىنىڭ مۇقىملىقىنى چىڭىتمىدى. خەلق بولسا توققۇزتارا پاجىئەسىنى سۇلتاننىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن بولغان دەپ قارايتتى. كۇرەنىڭ ئازات بولۇشىنى ئەلى پالۋاننىڭ توغرا قوماندانلىقىدىن دەپ بىلگەچكە ئۇنى خان بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن شاۋكەت سۇلتان بولسا ئەلى پالۋاننىڭ ئەمىرلىك ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن بىر پۇقرا قىلىپ قويغاندى. بۇ



توغرىلىق خەلق ۋە ئەسكەرلەر رەھىمسىزلىنىپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئەلى پالۋان ئەمىر بولسا ئىنتايىن ئىتائەت قىلاتتى، چۈنكى ئەلى پالۋان سۇقۇشتا تاكتىكىسى ئۈستۈن، ئىشنى پىلانلىق ئېلىپ باراتتى. ئۇ ھەم سۇقۇشقا كۆپ قاتناشقان ھەم ياش يىگىت ئىدى. بۇ جەھەتتە خەلق ۋە ئەسكەرلەر سولتاندىن «ئەمىر ئەلىنىڭ نېمە گۇناھى بولسا بىز تىلەيلى» دەپ سورىغان ئىدى. موللا شاۋكەت ئاخۇن ماقۇل كۆرمەي، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ھەتتا تۇڭگان چوڭلىرىدىن ياكىر سۇلتان، سۇسەن باي تېشى، جۇر بىتىشى، لايتىشلارمۇ كېلىپ، موللا شەۋكەت ئاخۇندىن ئەمىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈك دەپ سورىغان ئىدى. موللا شەۋكەت ئاخۇن بۇلارغىمۇ ئۇنىمىدى.

خۇدىيار يۈزىدىن ھىلال ھەسەن، ئىمام يۈز بېشى موللام، ھوشۇر ئىماملار كىرىپ، شاۋكەت سۇلتانغا يەنە نەسىھەت قىلدى. ھېلال ھەسەن ئۆز يېرىدە ناھايىتى مۆتىۋەرلىك باي كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى «ئەي ئاخۇنۇم، بۇ دۇنيا پانى، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئابرۇيلىرىمۇ پانىدۇر، ئاخىردا ئۇلۇغ دۆلەتمەنلەرمۇ يەر زىمىن ئاستىدا توپراق سۈپەت بولۇپ ياتىدۇ. جەمشىت، فىردەۋس ،موللاجۇر، خىماك، كىتاۋس، كەھىر، زالدۇر، روستەمى داستان، كۆزۈر ئەينى، كىشۋار ۋە نۇشۇرۋانلاردەك پادىشاھلارغا ھاكىمەتلىك كىشىلەر ۋە ئەقىللىق ۋەزىرلەر لازىمدۇر. چۈنكى سىلىگە ئوخشاش كىشىگە قابىل ۋە ئەقىللىق ۋەزىرلەر بولسىلا ئاسانلىق بولۇر، ئەلبەتتە ئەلى پالۋاندەك ئەمىرلەر تىخىمۇ لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى پالۋاننىڭ مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرسىلە، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىلا يۇرت قولدىن كىتەر، ئىشنىڭ ئاخىرى يامانلىققا ئايلىنىپ قالسا ئۇ ۋاقىتتا پۇشايمان قىلغان بىلەن پايدا قىلماس، دۆلەت قولدىن كەتسە يېنىپ كەلمەس. ھەر قانداق كىشى كېسەلنىڭ باشلىنىشىدىن بۇرۇن، دورا ئىچىپ ئالدىنى ئالسا، ئەلۋەتتە كېسەلدىن ئامان قالغىلى بولىدۇ. مۇبادا ئاغرىپ ياتقاندىن كېيىن دورا ھېچ كار قىلماس. مەسىلەن، تىرناق دورىسىنى زەھەر ئىچمەستىن بۇرۇن تەييارلاپ قويسا ياخشى بولۇر، مۇبادا زەھەر ئىچكەندىن كېيىن تىرناق دورىسىنى تەييارلاپ ئىچكىچە يۈرەك باغرى كۆيۈپ تۈگەر، ئەي ئاخۇنۇم بۇنىڭدىن باشقىسىنى

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن ئىلى ئۆلكىسىنى مانجۇرلاردىن تازىلاشقا موشۇ ئاداققى قورغاننى ئېلىشقا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇلار ئىككى يەردىن تۆشۈك ئېچىپ، مانجۇرلارنىڭ ئەسىنى بىرىشكە باشلىغان ئىدى. جاڭجۈن چىڭدا لويە دېگەن ئەمەلدارنى چىقىرىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلار تەرەپتىن جاپپاش مىراپ، خۇدا بەردى بەگ ۋە ئىرشات مىراپ بەگلەر چىڭدا لويەنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەسلىم بولۇشقا بۇيرىدى. چىڭدا لويەن بۇنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە بارلىق قورال - ياراق، - ئوق - دورىلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئەل بولۇشقا ۋەدە بەردى. لېكىن ئۇلار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن ئىنقىلابچى تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ، «جاڭجۈن ئومۇمىي يۈزلۈك تەسلىم بولسا، سېپىل ئىچىدىكى پۈتۈن خەلقى بىلەن ئامان قالىدۇ ھەمدە كۈرە شەھىرىنى جاڭجۈننىڭ ئىختىيارىغا بېرىمىز» دەپ بۇيرىدى. جاڭجۈن بۇنى ئاڭلاپ، «ئىككى خىزۇ مېنىڭ يېنىمغا كىرسۇن، ئۆزەم سۆزلىشىپ كۆرەي» دېگەن ئىدى. سولتان قۇۋۋا خەلپەم بىلەن ئابۇزەر مىراپبەگنى ئەۋەتتى. ئۇلار جاڭجۈن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، جاڭجۈن كونا مەنسەپدارلىرىنى چىقىرىپ بەرمەكچى بولدى. يېڭى جاڭجۈننىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئەتىسى كونا جاڭجۈن باشلىق تۇ دارىن، پە دارىن، كونا جاڭجۈن سا دارىن، خانىلادىي، جاغىلادىي، باغىلادىي، خوتۇن - بالا چاقىلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرى بىلەن شىمال دەرۋازىسىنىڭ غەربىي تەرىپىنى تېشىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئەلى پالۋان بۇلارنى غۇلجا شەھەرگە ئەۋەتتى. مانجۇرلار بولسا سېپىل دەرۋازىسىنى باشقىدىن ئېتىۋالدى. ئەلى پالۋان يەنە سەۋر قىلىپ، بىر نەچچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، جاپپاشبەگ، يۈسۈپ بەگ، ئەمىر شاجەبەگ، بەگزادەبەگ، سامساق تۇڭچىلارنى يەنە سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. چىڭدا لويە چىقىپ، يەنە بىر نەچچە كۈن سەۋرى قىلىشنى، سېپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ بەك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بەگلەر يانماقچى بولۇپ تۇرغاندا سېپىل ئۈستىدىن ئۇشتۇمتۇت مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سامساق تۇڭچى شېھىت بولدى. بەگلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، چىڭدا لويەنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى خەندەك



كۆۋرۈككە ئېسىپ قويدى. يەنە جەڭ باشلىنىپ خېلى كۆپ پالۋانلار ئۆلدى. ئاندىن سادىر پالۋان لەقىمە كولاپ، سېپىلنى پارتلاتقاندى، سېپىلدىن شورا ئېچىلىپ، جەڭچىلەر سېپىل ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئادەتتىن تاشقىرى جەڭ بولۇپ، قانلار ئېرىقتا ئاقتى. كەچ كىرىپ، كېچىچە سوقۇش بولغاندىن كېيىن، يېڭى جاڭجۈن ئەل بولماقچى ئىدى، مەسئۇل خادىملىرى بىر ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، قالغانلىرى سۇيدۇڭغا چېكىنىپ، بىر نەچچە ئاي مۇھاسىرىدە تىنىچ ياتتى.

ياز ئۆتۈپ قىش كىردى. باشلىقلارغا خەۋەر كەلدىكى، سۇيدۇڭدىكى مانجۇرلار قېچىپ، قورغاسقا بارغۇدەك، بۇلارنىڭ يېرىمى چېرىك بولۇپ، يېرىمى پۇقرا ئىكەن. سۇلتان ئۇلارنى يوقىتىش توغۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەندە ئەسكەر باشلىقلىرىدىن تارتىپ، جەڭچىلىرىگىچە قىزغىن بولمىدى. چۈنكى كۈن سوغۇق بولۇپ، ئۇلار ئۆتىنىڭ ئالدىدىن نېرى بارالمايتتى. ئاخىرى مازارلىق ئىسرائىل قەھرىمان، ئەزىز پالۋان، ئاقتۇپىلىك توقايلىقلار، خۇدا بەردى بەگ بىلەن خۇدىيار يۈزلۈك خۇدا بەردىلەر كېيىنچە ئەلى پالۋان بىرلىشىپ باردى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە دۈشمەنلەرنىڭ ئاساسىي كۈچىنى بىتچىت قىلدى. ئازراقى قېچىپ قۇتۇلدى. جەڭچىلەر ئولجىلارنى تويغىچە ئېلىپ، شەھەرگە خۇشال قايتتى.

قىش كېتىپ، ياز بولغاندا تۇققۇزتارا خەلقى بوكتورمە ئەسكەر تۇرغۇزدى دېگەن تەشۋىقاتنى قالماقلار ئىچىگە تارقاتقانلىقتىن، ئۇلار قورقۇپ، مانجۇرلارغا ياردەمگە كېلەلمىدى.

ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ قېتىمقى سوقۇشنى ناھايىتى پىلانلىق، ماھارەت ۋە جاسارەت بىلەن قىلغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ نەتىجىسى ئەلى پالۋانغا مەنسۇپ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەلى پالۋاننى ئەمىر قىلىشنى سولتاندىن تەلەپ قىلدى. سۇلتان ئەلى پالۋاننىڭ ئەمىر بولۇپ، ئەسكەر بېشىغا چىقىشىغا كۆڭلىدە قوشۇلمىسىمۇ، خەلقنىڭ تەلىۋى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئامالسىز ئەمىر قىلىپ بېكىتتى. ئەسكەر

قىلغىچە، مانجۇر ئەسكەرلىرى بارگاھقا يېقىنلىشىپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى بارگاھقا چۈشۈپ تۇردى. تۇڭگانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىقاس - چوقان بىلەن جەڭگە ئۆزلىرىنى ئاتتى. بۇ سوقۇش ئەتىسى كەچكىرىكچە داۋام قىلىپ، ئىنقىلابچىلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ تۇرغان پەيتتە تۇڭگان يىگىتلىرى باش بولۇپ، ئومۇمى يۈزلۈك قەھرىمانلارچە جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار مانجۇر چېرىكلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ قاچۇردى. مانجۇرلار 100 دىن ئوشۇق ئۆلۈكنى ئېلىپ كىتىشكە ئۈلگىرەلمەي، تاشلاپ كۈرەگە قاراپ قاچتى. بۇ چاغدا كۈرە شەھرى ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، مانجۇرلار ئىت - مۈشۈكلىرىنى يەپ تۈگىتىپ، ئاخىرى باللىرىنى چەك تاشلاپ يېيىش دەرىجىسىگە باردى. جاڭجۈن خەت يېزىپ، سۈيدۈڭدىكى مانجۇرلاردىن ئاشلىق ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۈيدۈڭدىكى مانجۇرلار 100 ھارۋا ئاق ئاشلىق، 100 ھارۋا قوناق ۋە ماي، گۈرۈچ تەييارلاپ، بىرنەچچە ئون چېرىك بىلەن كېچىسى كۈرەگە ماڭغۇزغانتى. بۇنىڭدىن غازاتچىلار خەۋەر تېپىپ قالدى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينىدىن توراپ، مانجۇرلارنىڭ ئۆلۈكىنى ساينىڭ تىنىشىدەك دوگىلاپ، ئاشلىق ۋە نۇرغۇن قورال - ياراقنى غەنىيمەت ئالدى. قاچقان چېرىك جاڭجۈنگە كىرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، «ئاچلىقتىن ھالىمىز قالمىدى، بۇنداق تىرىك بولغاندىن ئۆلگەنىمىز ياخشى، ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز، بۈگۈن كېچە سۈيدۈڭگە بارايلى» دېگەن ئىدى. جاڭجۈن ئامالسىز رۇخسەت قىلىپ، ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. بىر تەرەپتىن بىلىنگىزلىت، مۇراتبەگ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇدىيار يۈز بېگى، ئون بېشى، ئەللىك بېشىلار ئۇلارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. مانجۇر چېرىكلىرى چىققاندا سۇلتانغا خەۋەر بەرگەن ئىدى. ياقۇپ بەگنى مۇرلت بېگىگە قوشۇپ، بىرنەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن مانجۇر چېرىكلىرىگە تۇشقان سوققاندەك تېگىپ، سۈيدۈڭگە بارغىچە ناھايىتى كۆپ قىسمىنى يوقاتتى. بۇ جەڭدە لوسەن دېگەن ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلاردىن ئەلى پالۋان ئوق تەرەپتىن چىقىپ، ئاجايىپ مەرتلەرچە جەڭ قىلدى. روزاخۇنمۇ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ،



قەھرىمان دېگەن نام ئالدى. يوقارقى قەھرىمانلار ياكۇر باشلىق تۇڭگان ئەسكەرلىرى، ساندۇخۇزا قورغىنىغا ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دۈشمەنلەر سېپىل تاملىرىنى تېشىپ، زەمبىرەك ئېتىپ، ئۇيغۇر، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئىمىر ئاخۇن غوجا كىسەك تىزىپ، ئۇنىڭ دالدىسى بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، قايتارما زەربە بەردى. ھەسەن غىزىنچى بەگ، ئىمىن سوپى، ئوسمان يۈز بېشى ۋە رۇستەملەر بۇ جەڭدە شېھىت بولدى. بېشىر بەگنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ ياردار بولدى. 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غەيرەتكە كەلگەن ياش پىدائىيلار ئاتلىق ۋە بەزىلىرى پىيادە ساندۇخوزى قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرەپتىكى دەرۋازىسىغا ئوت قويىۋەتتى. تۇڭگانلار بىلەن شەھەرلىك ئۇيغۇر سېپىل ئەسكەرلىرى قىلۋى (غەرپ) دەرۋازىسىنى بۇزۇپ، سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، قوچاقلاشما جەڭ ئېلىپ باردى. مانجۇرلار تاڭ ئاتقانغا يېقىن نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، 100 دەك چېرىكى بىلەن ئارلن كۈرە شەھرىگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئىنقىلابچىلار نۇرغۇن غەنىيمەت ئالدى. ئەسكەرلىرىنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارلىغىغا قويۇپ بەردى. ئاندىن يېڭى ئەسكەرلىرىنى بۇ قورغاننى ساقلاشقا قويۇپ، بارلىق كونا ئەسكەرلىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.

## ئاداققى قورغان كۈرەنىڭ ئېلىنىشى

1866 - يىلى فېۋرال (2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى ئەلى پالۋاننى ئەمىر تەيىنلەپ، كۈرەنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئەلى يولدا سەندەك جاڭزىلىرىنى ئېلىپ، ئاندىن كۈرە قورغىنىنى قورشاۋغا ئالدى. تۆرت پالۋاننى تۆرت تەرەپكە بېكىتتى. بۇ چاغدا ئۇزۇن مۇددەت قورشاۋدا تۇرغان كۈرەدە ئاچارچىلىق دەھشەتلىك ھالغا كېلىپ، مانجۇرلار يەيدىغان نەرسە تاپالماي، ئاخىرى چەك تاشلاپ بىر - بىرىنى يېيىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئەسىر چۈشۈپ، خورلانغاندىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەندى.

## ئۇيغۇرلارنىڭ قېرى غوجىنى ئۆلتۈرۈشى

ئۇيغۇرلاردا غوجا پەرەستلىك شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ، غوجىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇيغۇرلارنى ئويغاتتى؛ بولۇپمۇ قېرى غوجىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قەتئىي كىرىشكەن كىشى ئارئۇستەڭلىك شەمشىدىن خەلپەم بولۇپ، ئۇ مىزەمخانىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ قۇتلۇق مىراپلار بىلەن يوشۇرۇن مەسلىھەتلىشىپ، قېرى غوجىنى ئۆلتۈرۈپ، سولاقتىكى ئەلى پالۋاننى سۇلتان سايلاشقا قارار قىلدى. بۇنىڭ ئىجرا بولۇشىغا تۇردى يۈز بېگى مەسئۇل قىلىندى. تۇردى يۈز بېگى ئارئۇستەڭلىك، غەيرەتلىك يىگىتلەرنى تاللاپ شەھەرگە كىردى ۋە سەھەردە قېرى غوجا ئۇخلاۋاتقاندا تاياق-توقماقلار بىلەن قازاق ئۆينىڭ ئوق-ياغاچلىرىنى سۇندۇرۇپ كىرىپ، تۇردى باقى يۈز بېگى قېرى غوجىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى. ئەخمەتخان غوجا تۆڭگانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. قېرى غوجىنىڭ سۇلتانلىقى ئارانلا 36 كۈن بولدى.

## موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتانلىقى

قېرى غوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارائۇستەڭلىكلەرنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئەلى پالۋاننى سۇلتان سايلاش لازىم ئىدى. لېكىن شارائىت بۇنىڭغا يار بەرمىدى. چۈنكى سۇلتان سايلاش ئۈچۈن خەلقنىڭ كۆپچىلىكى رازىلىق بېرىشى زۆرۈر ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا خانلىقنىڭ ئورنى مەھكەم بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى پالۋان توغرىسىدا خەلققە مۇراجىئەت قىلىنغانىدى. خەلقنىڭ تولىسى موللا شاۋكەت ئاخۇننى سايلاشنى لايىق كۆردى. بىراق سايلام تەبىئىي بولمىغانلىقتىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى تالاش-تارتىش يۈز بەردى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك موللا شاۋكەت ئاخۇننى سۇلتانلىققا رازى بولۇپ سايلىدى. موللا شاۋكەت ئاخۇن سۇلتان بولۇپ، تەختكە چىقىشى



بىلەن بۇرۇندىن قائىدە بولۇپ كېلىۋاتقان ئەمىر قازى كالان ۋە يىقىنلىرىنى يۆلەپ، خانلىقنى ئۆزى يالغۇز مۇستەقىل رەۋىشتە ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئالتە شەھەر غوجىلىرىغا بىر نەچچە كىشى ئەۋەتكەن بولسىمۇ جاۋابى كەلمىدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە ۋەكىللىرىنى ئەۋەتكەندى، ئۇلارنى تىكەستىكى قالماقلار تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ ۋەلەر بۇرۇنقى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، قارشى تۇرغانتى، ئۇلارنى باستۇرۇپ، ئالدىنى ئالدى. توققۇزتارانىڭ ئەلى بەگ، هوشۇر باقى مىڭبېشى دېگەن باشلىقلىرى ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەردە ئىدى. توققۇزتارادىن سۇلتانغا قالماقلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقانلىقى توغۇرلۇق خەۋەر كەلدى. شاۋكەت ئاخۇن يولسىزلىق قىلىپ ئەسكەرلەرنى ئەۋەتمەي، نەتىجىدە قالماقلار ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى. شۇ قېتىمقى قالماقلار چېپىشىدا يەتتە-سەككىز يۈز جان ئەرلەر ئۆلتۈرۈلدى. بالا - چاقا، خوتۇن - قىزلار قالماقلارنىڭ قولىدا ئۆلگىچە دەپ، ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپ غەرىق بولدى. ئامان قالغان بوۋايلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ قىرغىندا بىر تۈمەن جان قازا تاپقانمىش. مۇللا بىلال كىتابىدا 786 مىڭ جان دەپ قەيت قىلىنغانتى. موللا شاۋكەتخاننىڭ ئەسكەرلىرى كۆرەنىڭ «قىزىل دۆڭ» دېگەن يېرىدىن تارتىپ، «جۇسەدۆڭ» دېگەن يېرىغىچە بارگاھ قۇردى. كۆرەدىكى جاڭجۇن بارلىق ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، ئۇيغۇرلار باشسىز قالدى، پۇرسەت غەنىيمەت دەپ، سەنچىڭ لويە دېگەن ئەمەلدارنى باش قىلىپ، 7700 ئەسكەر بىلەن ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىپ، قىرىپ تاشلاشنى بۇيرىدى. بۇ خەۋەرنى تۇڭگانلار ئۇقۇپ، شاۋكەت سۇلتانغا خەۋەر قىلدى. شاۋكەت سۇلتان «دۈشمەنلەر ئالدىمىزغا كەلسە ئۇرۇش قىلىمىز، بولمىسا ئالدىغا بارمايمىز» دەپ مانجۇرلارنى كۆزگە ئىلمىدى ھەمدە جىددى تەييارلىقمۇ قىلمىدى. شۇ كېچىسى مانجۇر ئەسكەرلىرى بارگاھنى قوغداۋاتقان قاراۋۇللارنى باستۇرغاندا ئۇلار قېچىپ كەتتى. مانجۇرلار ئۇلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى مانجۇرلارغا قارشى ئاتلانغان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي، پىتىراپ قېچىپ كەتتى. شاۋكەت سۇلتان پۈتۈن ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەييارلىق

قاراپ تۇراتتى). ئەسكەرلەر ھېچنېمىنى ئۇقماي، بۇيرۇققا ئاساسەن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. سۇلتان مەزەمخان ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرۈپ، ئەلى پالۋان باشلىق ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئۇلارغا قارشى ئوق چىقاردى. قېرى غوجىمۇ ياغاچ توپلىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئوق چىقاردى. قېرى غوجىنىڭ ياغاچ توپلىرى ۋە ئادەم سانى كۆپ بولغانلىقتىن سۇلتاننىڭ چېدىرىنى ئورىۋالدى. سۇلتان قورقۇپ قېچىپ، تۇڭگانلار بارگاھىغا بېرىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن، ئوردىنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر، ئەمەلدارلار چېدىرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. قېرى غوجا سۇلتاننى قوغلاپ بېرىپ، تۇڭگانلار بارگاھىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى شەھەر تەرەپكە ئەۋەتتى. ئەلى پالۋان قېچىپ قۇتۇلدى.

## قېرى غوجىنىڭ سۇلتانلىغى

قېرى غوجا مەزەمخاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بالدۇرقى خانلارغا ئوخشاش خەلقتىن بەيئەت ۋە رەھمانلىق سوراپ ئولتۇرمىدى. ئۆزىنى غولجىنىڭ سۇلتانى دەپ جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرۈشلەرمۇ بولمىدى. قېرى غوجىغا خەلق قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بىلەن ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھاكىمىيىتىنى ۋە ھوقۇقىنى چىڭىتىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئۇنداق قىلماي ھە دەپلا بارلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈشنى خەلققە ئۇقتۇرۇپ، خەلقنى ئۆزى بەگ، ئۆزى خانلىققا قويۇۋەتتى. خەلق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلدى. بۇ زورلۇق، زومبۇلۇقلار ھەددىدىن ئاشتى. «يېغىلىقتا ياغ ئاقار، يامان كىشىگە كىم ياقار»، «ئەل بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ» دېگەندەك ماقالىلار شۇنىڭدىن قالغان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدۇر. قېرى غوجا، بەگ ۋە سۇلتاننىڭ ئوردىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ بولغاندىن كېيىن، مەزەمخاننىڭ ئوغلى خىزىر غوجىنى 17 يېشىدا ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى. ئەلى پالۋان



تاغ ئىچىگە قېچىپ كېتىپ، 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كەلگەندە قولغا ئالدى ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. لېكىن كېيىنكى قېتىمقى مەسلىھەتتە ئەلنىڭ پىكرىگە قاراپ، ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، قاماققا ئالدى. ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى غوجىلار قولغا كىرگەندىن بېرى ئۇيغۇر دىيارىدا ئامەت كۆتۈرۈلدى. سەۋەبى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ غوجاملارغا ئامراقلىغىدىن بۇ غوجىلارغا قارشى ھەركىم سۆزلەشتىن قورقاتتى. چۈنكى غوجىلارنىڭ سوقۇش ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى باتۇرلۇق، پالۋانلىق، ئەقىللىق ھېسابلاپ، يامان ئىشلىرىنى بولسا، غوجا ئەۋلاتلىرىدىن بولغاچقا دەپ ھېساپلايتتى. بۇ نۆۋەت غوجىلار ئۇيغۇر خەلقىگە نىمىلەرنى كۆرسەتمىدى دەيسىز، ئاپپاق غوجا مۇستەقىل ئالتىشەھەرنى قالماقلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە كىرگۈزۈپ، ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىكنى چىكىگە يەتكىچە يېمىرىپ كەلدى. غوجامنىڭ بۇ ئىشلىرىغا نارازىلىق كۆرسەتكىدەك ئۇيغۇر چىقمىدى. تېخى بۇنى تولاراقى تەغدىرگە تەن بېرىش دېدى.

بەگنىڭ چىرىقى چۆرۈلدى.
جاھاننى ئالدى قۇنتەيجى.
خۇدانىڭ تەغدىرى شۇنداق،
ئاتام قالماق بىلەن ناجى.

دەپ ئويلاشتى. ئاپپاق غوجىنىڭ باللىرى ئۇيغۇرلارنى «ئاقتوغ»، «قاراتوغ» دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئالتىشەھەردە قان دەرياسى ئاققۇزدى. بۇنىڭ ھەممىسىنى غوجىلارغا ئىشەنگەنلىكىدىن كۆرەتتى. ئەخمەتخان غوجا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايدى. قېرى غوجا بولسا خەلق ئارقىلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خەلق بىلەن بەگلەر ئوتتۇرىسىدا كۆيدۈرگىلىك ئۇرۇقنى چاچتى. بىچارە ساددا ئۇيغۇرلار قارغۇلارچە ئىتقات ئارقىسىدا ئەخمەتجان غوجىدەك پىتنە ـ پاسات تېرىپ يۈرگەن قاتىل غوجىلارنىڭ يامان كۆرۈشىدىن قورقۇپ، قارشى چىقالمىدى. شەخسەن ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئۇيغۇر باللىرىغا كۆرسەتكەن كۈنى ئاز بولمىدى.

سۇلتان مەزەمخان قىرى غوجىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى ئېشىپ ئەخمەتخان غوجىغا ئوخشاش نوپۇزلۇق ئادەملەر بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىرى غوجىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشى لازىم ئىدى. سۇلتان بىر قېتىملىق مەجلىسىدە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۇنى بىر ئالدامچى دېگەن ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىرى غوجىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى: «سىز كەلگۈسىدە بولىدىغان سۇلتان، مەزەمخان سۇلتان سىزنى كەمسىتىپ مەسخىرە سۆزلەرنى قىلىپ، خەلققە يامان كۆرسەتتى» دەپ چىقىشتۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىرى غوجىنىڭ كەلگۈسى سۇلتانلىقتا بولغان ئىشەنچى ئېشىپ، كۆڭلى يورۇپ كەتتى. قىرى غوجىنىڭ مەزەمخانغا قارشى ئەمەلىي ھەركەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ئەخمەتخان غوجا بىلەن پات-پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى.

بىر كۈنى قىرى غوجىغا بىرسى ئۆزۈندىن بېرى زىنداندا ياتقان بىر ئەۋلىيا زاتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ. قىرى غوجا بۇ ئىشنىڭ ھەسەت بىلەن بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، دەرھال سۇلتان مەزامخانغا موللا نەسىردىن ئاخۇننى سولاقتىن چىقارسۇن دەپ كىشى ئەۋەتىدۇ. مەزەمخان سۇلتان بۇ ئىشلارنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ نەسىردىن قازىنى چىقارمىدى. قىرى غوجا بولسا تۆرت چاقلىق ھارۋىنىڭ ئۈستىگە بەش پۈت دېگەڭ ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا بايراق ئېسىپ، ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، زىندانغا بېرىپ، نەسىردىن ئاخۇن بىلەن زىنداندىكى بارلىق مەھبۇسلارنى چىقىرىۋەتتى.

سۇلتان مەزەمخان قىرى غوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىقىنىمۇ، قارشىلىقىنىمۇ بىلدۈرمىدى. ئىچىدە بولسا غەزەپلىنەتتى. ئۇ بۇ قىرى غوجىنى يوقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھىيلە - مىكىرلەرنى ئويلاپ ئاخىرى ئۇنى باياندايى ئۆرۈشىغا ئەۋەتتى. قىرى غوجا كەتكەندىن كېيىن نەسىردىن ئاخۇننى بەزى گەپلەرگە قارىغاندا نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى دېيىشىدۇ.

موللا بىلالنىڭ يېزىشى بويىچە، كۆرە سوقۇشىغا قىرى غوجا سۇلتان بىلەن بىللە بارىدى. لېكىن سۇلتان ئۆزىنىڭ كۈزەتكۈچى ئەسكەرلىرىنى



ئەگەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتە قىرى غوجا، بىر تەرەپتە كېتىپ بارغاندا يولدا نەسىردىن ئەلەم يالغۇز كېتىۋاتاتتى. سۇلتان بۇنى كۆرۈپ: «سولاقتىن قېچىپتۇ» دەپ ۋارقىراپ، ئات چاپتۇرۇپ قوغلايدۇ. ئاخۇنۇم ۋارقىرىغان تەرەپكە قارشى غەزەپ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنى كۆرىدۇ-دە، قاچىدۇ. ئىتى گۇرۇچ تېرىغان ئېتىزغا كىرىپ، پۇتى پاتقاقتا پېتىپ يېقىلغانىدى. قوغلاپ كەلگۈچىلەر ئوق بىلەن يارلاندۇرغانىدى. ئەخمەتباقى دېگەن كىشى قىلىچ بىلەن . ئۆلتۈردى. ئاخۇنۇمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، قىرى غوجا ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەرگە يېنىپ، ئەخمەتخان غوجىغا بولغان ۋەقەلەرنى ئۇقتۇردى. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ تۇرغان يەردە سۇلتانمۇ ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن تىك-تىڭلاشتا ئىدى. ئەسكەرلەر بولسا سۇلتان مەزەمخاندىن كۆرە تولاراق پوچى تەرەپتە ئىدى. بۇ ئىختىلاپ ئۇرۇشقا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

ئەخمەتخان غوجا دەسلەپتە مەزەمزات بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئەخمەت بەگ غەزىنچى بىلەن ئوغلىنى، ئاندىن ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ بىلەن ئىسھاقبەگلەرنى ئۆلتۈردى. ئەندى بولسا پوچى ماخمۇتقا قوشۇلۇپ، مەزەمخاننى يوقۇتۇشنى مەسلىھەتلەشتى. مانا بۇ غوجامللارنىڭ ئەھۋالى.

## مەزەمخان سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

قىرى غوجا ئەخمەتخان غوجا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، باياندايغا قايتىپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن توپلىرىنى سۆرەپ، سۇلتاننىڭ بارگاھىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ مەقسىتى سۇلتاننى ئۆلتۈرۈش ئىدى. قىرى غوجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئويۇن-تاماشا قىلىپ، سۇلتان مەزەمخاننى جەلىپ قىلىپ، چېدىرى ئەتراپىدا ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. قىرى غوجا بولسا قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ، ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە تۇردى. بىر چاغدا ئۇ مەزەمخان سۇلتان تۇرغان چېدىرغا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇق قىلدى. (مەزەمخان سۇلتان بولسا بۇ نېمە ئىشتۇ، دەپ چېدىر ئىچىدە ئويۇن-تاماشىغا قىزىقىپ

يېيىپ ئايلاندۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ساقلاشقا قويدى. تۇڭگانلار بولسا چېدىر تىكىپ ئولتۇردى.

## پوچى ماخمۇد قېرى غوجىنىڭ كېلىشى

باياندىي ئېلىنغان يىلى قىشنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا ماخمۇت ئىسهاق (لەقىمى غوسازاتە) دېگەن غوجا كېلىدۇ. سولتان مەزەمخان بۇ زاتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خەلقنى ئۇنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى. خەلق ئۇنى«دەيدە زادىمىز» دەپ قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىر ئۆيگە چۈشۈرىدۇ. بۇ غوجا ئەتىسى سەھەردە يېشىل لۆڭگىنى بېشىغا يۆگەپ، ھىيلە -مىكىر بىلەن سۇلتاننىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈشكە كەلگەندە سۇلتان ئەھۋالىنى سورايدۇ. غوجا: «مەن غېرىپلارنىڭ ھالىغا يېتەرمەن، پەرىشتىلەردىن قۇۋۋىتىم بار، ئۆز يېرىمدە مەشھۇر كىشىلەردىن ئىدىم، دۇنيادا مال- پۇل يىغمايمەن، ئىلمىي كۈچۈمنى بىلىمەن. كاپىرلار قانچە رىت كەلسە ئۇرۇش مەيدانىدا مېنى كۆرەلمەيدۇ ۋە يەنە ھەر تەرەپتىن توسالايمەن. تۆمۈردىن چەمبەر قىلىپ، يوغان ئوق ياساۋاتىمەن. ئەگەر قارا چاشقان، قارا كىرپە، قارا قاغىلارنى سويۇپ مىجىپ، يەتتە-سەككىز ياڭزا دورىنى قوشۇپ، كاپىرلار تەرەپكە ئەزا يوم ئوقۇپ، دەم سالسام دۈشمەنلەرنىڭ كۆزى كۆرمەس بولىدۇ» دەيدۇ. قېرى غوجا ئۆزىنى غاۋسۇل ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەن، دەپ تونۇشتۇرغاچقا، غوجا پەرەستلەر ئەھلى ئىنقىلاپچى ئىكەن دەپ تونىدى. ئەسكەرلەر بۇنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بەك ئىشىنىپ، ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ سىرلىق ئىلىملىرىنى سىڭدۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، غوجا ئۇيغۇرلارنىڭ رەسىم، قايىدە، ئۆرۈپ-ئادەت ئەخلاقلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشقاندىن كېيىن، ھىيلە بىلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتى تەرەپكە ئاتلىنىشقا باشلىدى.



ئۇ ياغاچتىن بەش دانە ياغاچ زەمبىرەك ياساش ئۈچۈن، ياغاچچى، تۆمۈرچىلەردىن بولۇپ، قىرىقتەك ئۇستىنى تاللاۋېلىپ، ئۇلارنى بىر نەچچە ئاي ئىشلەتتى. ماتېرىيال ئۈچۈن مىرباقى باينىڭ بېغىدىكى دەرەخلەرنى كەستۇردى. شۇ ئارىلىقتا پوچى ماخمۇت، ئەخمەتخان غوجا، سەيدى ئەمىرخان غوجامالار بىلەن نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى باشلاپ، سويدۇڭ، كۈرەلەردىكى سوقۇشقا قاتناشقاندا مۇسۇلمان تۇڭگانلار بۇ پوچى غوجىنى «ئىنقىلاپچى، بىباھا كىشى ئىكەن» دەپ ماختاشتى.

سەيدى ئىمىرخان غوجا دېگەن زاد باياندىي ئازلىت بولۇشتىن ئىلگىرى ئۈچ غوجا بىلەن ئەنجان تەرەپتىن كەلگەندى. ئۇلارنىڭ باشلىقى سەيدى ئەمىرخان غوجا ئىدى. ئۇلارنى خەلق ناھايىتى ئىخلاس باغلاپ، ھۆرمەتلەپ، مېھمان قىلىپ تۇردى. ئۇلار باياندىي ئىچىگە ئوق ئېتىش ئۈچۈن پوتەي قۇرۇشنى ئۆگەتتى. ئۆزلىرىمۇ كۆپ ئۇرۇشلار ئۈستىدە بولغانىدى. دېمەك ئۇلار ھەشەمەتلىك ئىشلار بىلەن خۇشى يوق، مەقسىتى جەڭ قىلىپ، ئامال بار تېزىراق باياندىينى پەتھ قىلىش ئىدى. پوچى ماخمۇد غوجا بولسا تارانچىلاردىن 100 كىشىنى مۇنتېزىم ئەسكەر سۈپىتىدە تۇرغۇزدى. ئۇلارنى ياۋروپاچە ياساندۇرۇپ ياساۋۇل قىلدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە بۇ كونا تەدبىرچى ئۇيغۇر (دېھقانلار) ھۆكۈمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە تەھدىت سالماقچى. بەلكى موشۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى ئىدى. قېرى غوجىنىڭ نىيە مەخسەت بىلەن مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىلار بولسىمۇ، غوجا پەرەسلەرگە بۇ ئىشنىڭ تەھتىنى ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى. قېرى غوجا كۆرۈنۈشتە توپلارنى ياساپ، ئەسكەرلەرنى رەتلەش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقاندەك بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن يارىمى تېگىدىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دوست بولۇشقا باشلىدى. قېرى غوجىنىڭ دوستلىرى كۆپىيىپ، ھەتتا ئەخمەتخان غوجىدەك نوپۇزلۇق كىشىلەرنىمۇ ئۆز يېنىغا تارتىۋالغانىدى.

بولدى. دېمەك باشتا مەزەمزلت ھاكىم بىلەن ۋەدە شۇنداق ئىدى. ئاخىرى سۇلتان مەزەمخانىمۇ ئەخمەتخان غوجىدىن بىسوراق ھېچ ئىش قىلالماس بولدى. تەبىئىيكى مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇش ئىشلىرى سۇسلىشىپ، پالەچ ھالغا چۈشكەنلىكىنى سەزگەن دۈشمەنلەر بولۇپمۇ باياندايى، چىلپەنزىدىكى مانجۇرلار تويۇقسىز كورەدىكى مانجۇرلارنىڭ ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بولسا روھى چۈشۈپ ، بارغانسىرى پەسىيىپ كەتكەنىدى.

## باياندايىنىڭ ئېلىنىشى

ئىنقىلاپ باشلانغىنى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، باياندايى تېخىچە ئېلىنماي تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كورەدىن باياندايىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن داۋاملىق مانجۇر ئەسكەرلىرى كېلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇش ئىشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى. كۆپى تەخسىسلىقتا قالغاندى. بولۇپمۇ كۆپرەك چىققان (قورغان ئىچىدىن) مانجۇر ئەسكەرلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم تۇتۇشقان ئۇيغۇرلار دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمە كۈچلىرى تەرىپىدىن قاتتىق زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن ئەتراپىدىكى مانجۇرلارغا قاراشلىق قالماقلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈپ قويغانىدى. بۇلاردىن شىۋە، سولۇن، چاخال، تورغۇت، ئارغۇن، سۈمۈل، زورغا سۈمۈلدىكى قالماقلار ئۆز - ئارا ئىتتىپاقلىشىپ ئۈچ يىلدىن بېرى قامىلىپ تۇرغان باياندايى قورغىنىنى قۇتقۇزۇشقا بىرلىككە كەلگەنىدى. بۇ ئىشتىن سۇلتان خەۋەر تېپىپ، قورۇلتاي چاقىردى. قورۇلتايدا ئۇيدان پىلانلار قارارلىنىپ، باياندايىنى پەتھ قىلماي تۇرۇپ، ئايماقلارغا قارشى تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارار ماقۇللاندى. شۇ سەۋەبلىك باياندايى سېپىلىنى 2-قېتىم پارتىلىتىشقا توغرا كەلدى. بۇ ۋەزىپە يەنە سادىر پالۋانغا يۈكلەندى. سادىر پالۋان بۇ قېتىم سېپىلنىڭ تۈۋىگىچە بېرىپ خەندەك كولىدى. بۇ قېتىمقى كولانغان ئورەك بالدۇرقىسىغا قارىغاندا ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر ھەم تېز بولدى، باياندايى قورغىنى پارتىلىتىلدى. ئوت كۈچى ئاسمانغا چىقىپ، خىش-كېسەك پارچىلىرىنى سېپىلنىڭ ئىچىگىچە قار-يامغۇردەك تۆكۈۋەتتى. مانجۇر ئەسكەرلىرى ھېچ ئىلاج قىلالماي، تاش، خىش - كېسەك پارچىلىرىنى ئاتاتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بولسا سېپىلنىڭ بۇزۇلغان شورىسىغا بارغاندى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈك توپ -زەمبىرەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

رامزان ئېيىنىڭ 11-كۈنى ئىنقىلابچىلار سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. ئازادلىق روھى بىلەن روھلانغان غەيرەتلىك جەڭچىلەر ھەر ئىككى شوردىن دۈغۈرۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئالدىنقىلار قىرىلسا كەينىدىكىلەر ئۇلارنى دەسسەپ كىرمەي قاراپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە كىرىش ناھايىتى تەس بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ جەسىدى دالدا بولغىدەك بولغاندىن كېيىن شۇ جەسەتلەرنى دالدا قىلىپ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئەتىسى رامزاننىڭ 12-كۈنى سېپىل ئىچىگە كىردى. سېپىل ئىچىدە ئۈچ كۈن قوچاقلاشما جەڭ بولدى. (موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ شۇ ۋاقىتتىكى پالۋان ۋە قەھرىمانلارنىڭ نامىنى بىر - بىرلەپ يازغاندى) مانجۇرلارنىڭ گارنىزون، لەيندۈي باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، دورا بىلەن ئۆزلىرىنى ھاۋاغا ئۇچاردى. ئەتىسى باياندايى قورغىنى پەتھ قىلىندى.

1865-يىلى رامزاننىڭ 14-كۈنى ئۇيغۇر جەڭچىلىرى باياندايى قورغىنىنى پەتھ قىلغاندا ناھايىتى نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بولدى. غەلبە قىلغان جەڭچىلەر شېھىتلارنىڭ جەسەتلىرىنى تامام يىغىپ، مازارغا دەپنە قىلدۇردى. شەھەر ئىچىدىكى بۇ مازارغا «شېھىتكارلىق مازىرى» دەپ نام بېرىلدى.

ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرىنى شەھەرلەرگە قايتۇرماستىن يۈز بېگىنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ، مەخسۇس كورە يولىنى توسۇپ قويدى. كۆكلەم كىرگەندىن كېيىن چوڭلار مەسلىھەتلىشىپ، باياندايىدىكى بارگاھنى «قىزىل دەڭ» دېگەن يەرگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلدى. سۇلتان، خەلپە، قازى كالان ۋە شەۋكەت ئاخۇن باشلىق تامام سىپاھلارغا ئالاھىدە خىزمەتلەر ئىشلەپ، ئۇلارغا بارگاھ قۇرۇپ، چۆرىسىگە خەندەك قېزىپ، ئۈستىنى ياغاچلار بىلەن

دورا، مىلتىق، قىلىچ ۋە شائىلارنىڭ سانى ھېساپسىز غەنىيمەت ئېلىنغانىدى. مانجۇرلارنىڭ بارگاھىدىن ئۇن، گۇرۇچ تاغار ـ تاغارلاپ ئولجا ئېلىندى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە پۈتۈن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر، باشلىقلار ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى «باتۇر» دەپ مەدھىيىلىدى. بۇ ئەھۋالنى سۇلتان ئاڭلاپ كۆرەلمەسلىكتىن ئابدۇرۇسۇلبەگنى يوقىتىش پېيىغا چۈشتى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ دۈشمەنگە ساقايماس (قاقشاتقۇچ) قاتتىق زەربە بېرىپ زەخملەندۈرگەنىدى.

## ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى جەڭچىلەرنى رەتلەپ، باياندىي قورغانىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىنىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق كۆڭۈلسىز خەۋەر تارقالدى. ئۇ بولسىمۇ سۇلتان مەزەمزلت ئەخمەتخان غوجىنى چاقىرتىپ ئۇنى مال دۇنياغا، مەنسەپكە غەرىق قىلىپ، ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ ۋە ئىسھاقبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مەسئۇللىقى مەندە بولسۇن دېگەن سۆزنى قىلغان ئىدى.

ئەخمەتخان غوجا: «مەن ئەمىرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورقىمەن» دېگەندە سۇلتان مەزەمزلت دانىيالبەگنى ئالدۇرۇپ، مانجۇرچە تۆھمەت خەتتىن بىرنى يازدۇرايلى، ئەمىر ئۆلگەندىن كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا يانچۇقتىكى خەتنى دانىيالبەگكە ئوقۇتايلى، تامامى خەلقنىڭ ئەمىرنى يامان دېمەي ئىلاجى قالمايدۇ. بۇ ئۆلتۈرۈشتىكى گەپلەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يېتىپ، شەھەردىن كۆتۈۋالدى ياساۋۇل، جالال دورىغا ئەتشاخ ياساۋۇلبەگ، ئىسلام دۆلەت، سىدىق ياقۇپ مىراپلار غازاتچىلار بارگاھىغا بېرىپ ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگكە يەتكۈزدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ: «مەزەمزلت، ئەخمەتخان غوجا ئۈچىمىز ئاللاھنىڭ كالامىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشقانىدۇق، ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرسە ئاللاھنىڭ كالامى گۇۋاھدۇر. سىزلەر خاتىرجەم يېنىڭلار، خۇدانىڭ قازاسى كەلسە رازى مەن» دەپ ئۇلارنى قايتۇردى. ئىنقىلاپنىڭ 4 ـ يىلى بارات ئېيىنىڭ



بىرىنچى كۈنى جۈمە ئىدى. ئەخمەتخان غوجام ئەمىرنىڭ پېيىدا بولۇپ قارىسا ئەمىر ياتقان بارگاھنىڭ ئەتراپى خالى ئىكەن. ئەخمەتخان غوجا ئەمىرنىڭ چېدىر ـ بارگاھىغا سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېچىلەپ تۇيۇقسىز كىرگەنلىكتىن ئەمىر ئەيمەندى. ئەخمەتخان غوجا ھايال قىلماي ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى توختى ئاخۇن ۋە خىلىل يۈز بېگىنى ئۆلتۈردى.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئۆلۈشىدىن قازى نەسىرىدىن ئاخۇنغا خەۋەر يەتكۈزگەندە ئۇ : «ئۇلار ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ كاپىر بوپتۇ» دېدى. ئەسكەرلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، بىز غوجىنى ئۆلتۈرىمىز، دېيىشكەندە نەسىرىدىن قازى كالان «ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كۆپ، سىزلەرگە يول بەرمەيدۇ ۋە كۆپ قان تۆكۈلىدۇ» دەپ يولنى توسۇپ قويدى ۋە تاڭ ئاتقىچە قورقۇپ دەرۋازىلىرىنى ئېتىپ ياتتى.

ئەتىسى سەھەردە سۇلتان مەزەمخان ئوردىسىدىكى خاس كىشلىرى بىلەن قوماندانلىق بارگاھىغا كېلىپ، نەسىرىدىن قازىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى. لېكىن بىر مۇنچە كىشلەر ئۆلۈم ھۆكۈمىنى كۈچتىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئۇنىڭ قازىلىق مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ تۈرمىگە تاشلىدى. سۇلتاننىڭ بۇ قىلمىشى غەۋغانى باسماق ئۈچۈن ئىدى.

مۇئەللىپتىن: ئابدۇرۇسۇلبەگ مانجۇرلارغا يوشۇرۇن خەۋەر بېرىسەن دەپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئېھتىمال تۆھمەتتۇر. چۈنكى مۇنداق چاغدا بۇزۇق ئادەملەرنىڭ چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، زېمىن راسلاپ قويۇشى چوقۇم ئىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەمىرنىڭ تۇتقان يولىغا قارىغاندا ئۇ ئۆز شەخسىيتى ئۈچۈن ياكى مەنسەپ، دۇنيا ئۈچۈن بولماي، پەقەت مىللەتنى ساتىدىغان ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسلىكى ئەلۋەتتە كۆرۈنىپ تۇرىدۇ.

مەزەمخان سۇلتان ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ بىلەن نەسىرىدىن قازى كالاننىڭ تامام مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ ئالدى. ئەخمەتخان غوجىنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلدى ھەمدە بەگلەر غوجىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىمۇ غوجىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ ماڭىدىغان

قوۋاش پالۋان، قاسىم ئاخۇن، ئىسلام ھوشۇر پالۋانلارغا دەرھال 300 دىن ئەسكەر قىتىپ يولغا سالدى. ئۇلار بى دىشاڭدىكى مانجۇرلارغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن غەنىيمەت ئېلىپ چوڭلارنىڭ كۆڭلىنى راسا خوشال قىلدى. بۇنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان دۈشمەن تەرەپتە تۇرغان قالماق، چاخار ۋە جوڭغارلار دەرھال ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئالدىرىدى. تۇرغۇت قالماقلىرى بولسا، بۇلاردىن بۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ بىتەرەپلىكىنى بىلدۈرگەن. جاڭجۇن ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئۇرۇشنى توختىتالمىغانلىقتىن ئەمدى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، ئۇلارغا زور كۆلەمدە زەربە بېرىشكە تاييارلاندى. ئۇ 3- قېتىم ئەۋەتكەن چېرىكلىرىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. چۈنكى بۇ قوشۇن شۇنچىلىك ئىشەنچلىك ئىدىكى ئۇ تۇڭگانلار بىلەن ھەر قېتىملىق جەڭدە غەلبە قازانغانىدى ۋە تۇڭگانلارغا داۋاملىق ئارلىم بەرمەي كەلگەنىدى.

كۆرەدىكى تۇڭگانلار بىلەن چىڭخىسخوزا، سۈيدۈڭ ۋە تائاجى يېزىلىرىدىكى تۇڭگانلار بىرلىشىپ 1600 چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ، 2000 چېرىكنى يارىدار قىلغانىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە مانجۇرلار 10 مىڭغا يېقىن مانجۇر ئەسكەرلىرى بىلەن جىددى تەييارلىق قىلىپ چىققان. ئۇلار تۇڭگانلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، باتۇرلىرىنى ئۆلتۈرگەنىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تۇڭگان چوڭلىرى دەرھال ئەخمەتخان غوجىغا خەت يېزىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەخمەتخان غوجا بىر نەچچە يۈز ئەسكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. مانجۇرلارنىڭ باشلىقى باغلادۇي، تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى ئەخمەتخان غوجام بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىرىدا ئەخمەتخان غوجاملار مەغلۇب بولۇپ، شەھەر تۇڭگانلىرى غۇلجىغا، كۆرە تۇڭگانلىرى تاغقا، ئەخمەتخان غوجام ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە قاچتى. بۇ جەڭدە نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى شېھىت بولدى. تاجى تۇڭگانلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، نومۇس قىلغانلىقتىن باشقىدىن غەيرەتكە كېلىپ دۈشمەنلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلار قاچقاندىن كېيىن غۇلجىغا ياندى. مانجۇر ئەسكەرلىرى تۇڭگانلار كەتكەندىن كېيىن كۆرەگە



كىرىپ كەتتى. ئەتراپنى قوغداش ئۈچۈن سولۇن، قازاقلار ۋە چىڭپەنلەرنى قويۇپ، ئۆزلىرى يەنە ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىددىي تەييارلىقلىرىدىن شىۋەلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانىدى. شىۋەلەر بولسا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ سادىق دوستى بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئالغان خەۋەرنى خونخايىدىكى ئاقنوزا بەگكە، غالجاتتىكى توقۇلەق بەگلەرگە يەتكۈزگەنىدى. ئۇلار دەرھال غۇلجىدىكى سۇلتانغا خەۋەر يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، تۇڭگانلار جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان مانجۇرلاردىن 17000، قازاقلاردىن 300 چېرىك رەجەپ ئېيىنىڭ ئون يەتتىسى (شەنبە) كۈنى يولغا چىققانلىق خەۋىرى ئالدىنقى سەپتىكى تۇڭگانلار ئارقىلىق سۇلتانغا خەۋەر قىلىندى. بۇ قېتىم مانجۇر چېرىكلىرى ناھايىتى پۇختا تەييارلىق قىلىپ چىققانىدى. ئۇلار تۆمۈر كىيىملەرنى كىيگەن، قىزىل، يېشىل، ئاق بايراقلارنى كۆتەرگەن، دەريا بويىدىكى تاغقىچە تارىلىپ، قارا بۇراندەك كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش دۈيۈپۇ (دالىپو) دېگەن يەردە باشلىنىپ كەتتى. سۇلتان ۋە ئەمىرلەر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، قوشۇن تارتىپ ئاجايىپ زور جەڭلەرنى قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا بەزىدە ئۇيغۇرلار، بەزىدە مانجۇرلار يېڭىپ تۇردى. بۇ قېتىم ئۇيغۇرلار قورشاۋدا قالغاندا ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ يالاكور، خەلپە، ئاخۇنلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، (ئۇلار بىر جايدا تۇرۇپ قالغانىكەن، بەگ بۇ تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنىدى) ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. تۇڭگانلار يىغا-زارە بىلەن جەڭگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، ئۇيغۇرلار بىر ياقتىن قىستاپ، مانجۇر ئەسكەرلىرىنى تۆكۈۋەتتى.

مانجۇرلار چېرىكلىرىنى سەپلىگەندە ئارقىغا چېكىندۈرمەسلىك ئۈچۈن كۆك، سۆزۈك جۇڭخىزلىق باشقۇرغۇچى بىر ئادەم قويغانىكەن. ئۇ ھېچ بىر مانجۇر چېرىكنى ئارقىغا قېچىشقا يول قويمايتتى. سالى غوجىنىڭ ئوغلى ئەزىز باتۇر شۇ باشلىقنى يېقىتقاندىن كېيىن، مانجۇر چېرىكلىرى ئارقىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار كۆرەگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئارقىسىغا ياندى. مانجۇرلارنىڭ 96 دانە زەمبىرەك، 60 ھارۋا ئوق-

2 ـ قېتىم يەنە نۇرغۇن چېرىكلەر كېلىپ ئۇرۇش يوقۇرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۇرۇشتا مانجۇرلار يېڭىلىپ 700 نەپەر ئۆلۈك ئەسكىرىنى تاشلاپ قاچتى.

مانجۇرلارنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى كونا جاڭجۇننىڭ تەدبىرسىزلىكىدىن كۆرگەن مانجۇر ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئورنىغا مىڭ دېگەن ئەمەلدارنى جاڭجۇن قىلىپ بېكىتتى. بۇ يېڭى جاڭجۇننىڭ مۇسۇلمانلارغا ھېچ يامانلىقى تەككەن كىشى ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىگە مۇسۇلمانلارنىڭ يامان قارىماسلىقىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى بېرىپ چىقىشماقچى بولدى. جاڭجۇننىڭ تارانچىلارغا ئەۋەتكەن تەكلىپلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى.

1) قوزغالغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرمەسلىك؛

2) ئۇيغۇرلاردىن ئىلگىرى ئالغان ئۇستۇرمە سېلىقلارنى ياندۇرۇپ بېرىش، ئۈچ يىلغىچە سېلىق ئالماسلىق؛

3) ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى مانجۇرلارغا باغلىق بولماي، ھەممە ئىشلىرى ئۆز ئالدىغا بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ چېگراسىنى چىلپىڭزىغىچە بۆلۈش؛

4) سۇلتانغا مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ مەنسەپدارلىقىغا بېرىلىدىغان «جوڭخزى»لىق دەرىجىسىنى بېرىش، بۇنىڭ بەدىلىگە بۇزۇلغان تۇڭگانلارنى تۇتۇپ بېرىش.

جاڭجۇننىڭ تۆرت كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى دوۋچى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇلارنى يېڭى سۇلتان «چېگرا» دەپ سوقۇلغان تامنىڭ تۈۋىدە كۈتۈۋالدى ۋە مانجۇر ھۆكۈمىتىگە مۇنداق جاۋاپ يازدى:

«مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭجۇنى مىڭغە

مەنكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ يېڭى سۇلتانى مەزەمخاندىن جاۋاپ:

بىزلەرنىڭ بۇيرۇقىمىزنى ئاڭلاپ ھېچ شەرتسىز ئەل بولسىڭلار كېرەك. بولمىسا قاتتىق جەڭ ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلىسلەر، مۇشۇ خەت بارغان زامان قولۇڭدىكى 200 مۇسۇلماننى قايتۇرۇپ بەرگىن!».

ئەلچىلەر: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ تۈمەندىن ئۇشۇق ئەسكىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر-بىرى شىر، ئەجدىھاردەك كۈچلۈك ئىكەن دەپ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندى. يېڭى جاڭجۇن قورقۇپ كەتتى. ئۇ غەم-قايغۇغا پېتىپ، بىر ئاز ھوشىنى يىققاندىن كېيىن: «مۇسۇلمانلارنىڭ 200 ئەسكىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگىن» دەپ بۇيرۇدى. دوچىي 200 مۇسۇلمان ئەسكىرىنى ئېلىپ سۇلتاننىڭ ئەمىرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ياندى. بۇ ئەھۋال ئىنقىلاپچىلارنىڭ روھىنى خېلى كۆتەردى. بۇ ئەھۋال مانجۇرلارنىڭ قانچىلىك كۈچسىز بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسۈتۈپ بەرگەندى. شۇنداق بولسىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر باشلىقلىرى يەنىلا روھسىز، چۈشۈنۈكسىز بىر سېزىمدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر يەرنى پەتھ قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى ئۇلۇغلار جەم بولۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەردىن سۆزلەپ ئولتۇرغاندا ئابدۇرۇسۇلبەگ مۇنداق دېدى: «بايانداي قەلئەسىنى قورشاپ، ئۈچ تۈمەن ئەسكەر بىلەن تىنىچ ياتقىنىمىز ياخشى ئەمەستۇر، ئەسكەرلىرىمىزگە ئۇرۇش قائىدىسى بويىچە جەڭ قىلىش شارائىتى بار، ئۇنى ئۆگەتسەك كېيىن پايدىسى بولىدۇ. قەلئە كۇپارلىرى قەلئەنىڭ تېشىغا چىقالمايدۇ. بىز بۇزۇپ كىرەلمىسەك ئۇلار ئون يىلغىچە شۇنداق ياتىۋېرىدۇ. ئىشنىڭ ئوڭ تەرىپى بىز ئەسكەرلەرنى يىغىۋەرمەي ھەرىكەتلىنىشىمىز كېرەكتۇر. بى دىشاڭ دېگەن نەتىجە غولىدۇر (سايدۇ)، گاڭگۇل، بىيانگۇل، شوپان كورە، شاڭياگۇن دېگەن جايلاردا ناھايىتى كۆپ مانجۇرلار باردۇر. بۇلار داۋاملىق دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلاردا چارۋىمۇ كۆپ، بىر نەچچە پالۋان ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەجەللىك زەربە بەرسىلا كورە-بايانداي ۋە ئەتراپىدىكى بۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنىڭ ئابرويىغا زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بىزنىڭ ئابرويىمىزنىمۇ ئاشۇرغۇسى. يېراق-يېقىندىكى بارلىق دۈشمەنلەر ئاڭلىسىمۇ كۆڭلىگە زور قورقۇنۇچ چۈشۈپ، قورغاندىكىلەر بىلەن سىرتتىكىلەرمۇ بىزگە ئەل بولۇشى ئەجەپ ئەمەس ئىدى».

ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ بۇ سۆزى بارلىق چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارغا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئەزىز پالۋان، ئىمىن شاھ ياساۋۇل،

ئۇرۇش مەيدانى بىلەن شەھەرگە يېتكەندە خەلق ئىنتايىن غەزەپكە كېلىپ، غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ قىناتىسى ئەخمەت غەزىنىچى بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئابدۇرۇسۇلبەگكە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئەخمەت غەزىنىچى ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ قېيىناتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قانداق ئىشتا ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ياخشى مەسلىھەتچىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ غەزەپلىنىپ: «ئەخمەتخان غوجىنى ئۆلتۈرىمەن!» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما غوجىغا قارشى ھېچنېمە قىلالمىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ سۆزىنى ئەخمەتخان غوجىنىڭ يېقىنلىرى يەتكۈزگەندى. ئۇ قورقانلىقتىن چىرايلىرى ساماندەك سارغىيىپ مەزەمزاتنىڭ يېنىغا باردى. مەزەمزات: «ھەي يۈرەكلىك غوجا، سىزگە نېمە بولدى. چىرايىڭىز ئەسكىغۇ» دېگەندى. غوجا: «ئەمىر مېنى ئۆلتۈرگىدەك» دېدى. مەزەمزات ئېيتتىكى: «ھەي غوجا، ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ بىلەن ئىسھاقبەگنى ئۆلتۈرسىڭىز قالغان نەسىردىننى سولاققا ئالساق بۇ ئۈچى يوقالسا ھېچ كىم بىزدىن خۇن تەلەپ قىلمايدۇ». شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى غوجا مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالدى. بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ئارا مۇشۇنداق شەخسى دۈشمەنلىشىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ، ماجىرالار سەۋەبىدىن ئىنقىلاپ ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرمەي، ئالدىغا باسالماس بولۇپ قالدى. يۇقارقى ئىشلار ۋەجىدىن باياندايىنى قورشاپ ياتقان جەڭچىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچى تەۋرەنگەنلىكتىن شەھەر ئەسكەرلىرىنى يارەمگە چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى.

## ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تەشكىللىنىشى

بۇ ئۇرۇش ئىشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلمەيۋاتقانلىقىنى، ئىتتىپاقسىزلىقتىن كۆرۈپ، ئىنقىلاپ ئىشىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت باشلىقىنى سايلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قازى نەسىردىن ئەلەمنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە چوڭ كېڭەش ئېچىلدى. ئەلەمنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېچىلغان بۇ كېڭەشتە مەزەمزاتنى «سۇلتان



مەزەمخان» ئۇنۋانى بىلەن خان قىلىپ سايلىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەمىر، نەسىردىن ئەلەمنى كالان، شاۋكەت ئاخۇننى قازى ئاسىبى، موللا روزىنى مۇپتى ئۇمۇمەن سۇلتاندىن تارتىپ يۈز بېشىغىچە ھەممە ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقتى. يېڭى سۇلتان ئەسكەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى دەپتەرگە ئالدۇردى. دەسلەپتە ئەسكەرلەر سانى ئىنىق ئەمەس ئىدى. جەڭچىلەرنى بالدۇرقىغا قارىغاندا تەرتىپ ئىنتىزامغا سالدى. شۇ چاغدا باياندايغا كۈرەدىن بىر باتاليون مانجۇر چېرىكلىرى يارەمگە كېلىپ قاتتىق ئۇرۇشقانلىقتىن ئىنقىلاپچىلار چېكىنىپ قالدى. قامالدا تۇرغان باياندايي تېخىچە ئېلىنمىغاندى. ئىنقىلاپچىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك مانجۇرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەھرىمانلىق قايتۇرما ئۇرۇش قىلىپ تۇرغانلىقتىن مانجۇرلارنىڭ ئۇرۇشۇشقا چامى يەتمەسلىكى سېزىلىپ قالغاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى بىر يەرگە توپلاپ، پىلان تەقسىملەپ، ئۇرۇش قىلىشقا سۇلتاندىن بۇيرۇق چۈشتى. كۈرە ياقىسىدىكىلەرنى ۋە يەنى چەتتە قالغان تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىدىكى شەيخلەرگە كىشى ئەۋەتكەندى. ئۇلارنىڭ سولۇنلار تەرىپىدىن بالا چاقىللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر بولغاندىن كېيىن كۈرە بىلەن باياندايي يولىنى توسۇپ سېپىل ئوخشاش كاتتا تام ۋە بارگاھ قۇردى. باياندايىنى پەتھ قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم باشلاندى. لېكىن قورغانىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن سېپىلنى دورا كۈچى بىلەن بۇزماق ئۈچۈن مەشھۇر سادىر خاڭرۇققا مۇراجىئەت قىلىپ پارتىلىتىش ئىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى. (سادىر موللا توقتى يۈزلۈك كىشى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا بۇرنىغا قۇرۇت چۈشۈپ خاڭرۇق بولۇپ قالغان. ئۇ تەخمىنەن 1796-يىلى تۇغۇلۇپ، 1872-يىلى 76 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئاتىسي خوشئەخمەت ئىسىملىق دېھقان ئىدى.

سادىر ئىستېھكامنى دورا كۈچى بىلەن بۇزغان بولسىمۇ، مانجۇرلارنىڭ قار-يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقىغا قارشى ھېچ كىم ئىلگىرىيەلمەي، جەڭچىلەر سېپىل ئىچىگە كىرەلمەي قالدى. سادىر ئەتىسى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر كولاپ دورا پارتىلاتقاندى. ئۇ چاغدا مانجۇرغا ياردەم ئۈچۈن كۈرەدىن

سەل چاغلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ بۇ قوزغىلىشنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جاڭجۇن چوڭ ـ كىچىك ھەممە مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ، جىددىي يىغىن ئاچتى. بۇ كېڭەشتە چىڭدا لوبە دېگەن ئەمەلدارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەزەمزلت ھاكىمنىڭ مەنسىپىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا ئۇرۇش قىلماسلىق ئۈچۈن پەند ـ نەسىھەت قىلىپ كۆندۈرۈش قارار قىلىندى.

جاڭجۇن مەزەمزاتنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋاللارنى ئوقتۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا چوڭ ئۇتۇقلىرىنى ۋەدە قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە ئەۋەتتى.

مەزەمزلت شۇەلەر تۇرغان يەرلەرنى ئارىلاپ، قوغۇنچى يېزىسىغا كەلدى. ئۇ يەردىن ئارا ئۆستەڭ، بۇلاقبېشى يېزىلىرىغا ئۆتۈپ، شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇرۇش ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى. ئاندىن ئەخمەتخان غوجىنى دەرھال شۇ يەرگە ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شۇۋىرلاپ، ئاخىرى يالۋۇرۇشقا باشلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ دېدىكى: «ئەمىرنىڭ قېيىنئاتىسى ئەخمەت غەزنىچى بوپتۇ، ئۇ بولسا مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ بەرسىڭىز، قاچانكى خان بولسام، سىزنى شېرىك قىلىمەن».

ئەخمەتخان غوجا بۇ سۆزگە ئەگىشىپ، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچماقچى بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئەخمەتخان ئەخمەت غەزنىچىنىڭ پېيىغا چۈشتى. مەزەمزلت بولسا ھېچ نېمە كۆرمىگەندەك بولۇۋېلىپ ئەتراپتىكى كەنتلەردىن ئاز ـ ئازدىن ئەسكەر ئېلىپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى.

مەزەمزلت شەھەرگە كەلگەندە ئابدۇرۇسۇلبەگ باشلىق ھەممە بەگلەر قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. مەزەمزلت ھاكىم كوڭرەدىكى مانجۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئىنقىلاپچىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا ھەر يەر ـ يەرلەردىن غەيرەتلىك پىدائىيلار يىغىلىپ، ئىنقىلاپچىلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشقانىدى. ئەخمەتخان غوجىمۇ ئۆز



ئەسكەرلىرى بىلەن توپقا قوشۇلغانىدى. بۇنىڭغا ئۇششاق پۇقرالار ئىنتايىن خوشال بولدى. لېكىن چوڭلار توغرا كۆرمەي ئىچ ـ ئىچىدىن قورۇندى. چۈنكى نادان خەلق ئۆز كۈچىدىن تولاراق غوجىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى.

ئەخمەتخان غوجا خەلق ئارىسىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن رىياسەت (تۆزۈم) مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ رەئىسلىكنى غوجىلارنىڭ ئىشلىشى ھەققىدە پىلان تۈزگەنىدى. ئامما باشقىلار رەئىس مەسىلىسىنى چىقىرىش ھازىرچە ۋاقتى ئەمەس، ئۇنىڭغا ئالدىرىمىساقمۇ بولىدۇ دەپ قارىدى. ئەخمەتخان غوجا پۈتۈن ئوي ـ پىكرىنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق ئارىسىدا ئۆزىنى كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنەرلىك بىر ئىش قىلىپ ئىسىق كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتخان غوجا ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ئالدىنقى سەپ باياندايغا بارغانىدى. لېكىن ئىش ئۇ ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى.

باياندايغا قورغىنىنىڭ ئەتراپىدا ئازاتلىق ئۈچۈن خوشاللىق بىلەن جان بېرىشكە تەييار تۇرغان جاسارەتلىك پىدائىيلارنى كۆرۈپ، قورقانچاق، ئاقسۆيەك ئەخمەتخان غوجا چۆچىدى. ئۇ ئاخىرى ئۇرۇش مەيدانىغا بارالماي ئارقىسىغا يانغانىدى. مەزەمزلت بولسا يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان ئەخمەتخان غوجىنىڭ قۇلىقىغا شۇۋىرلىغانىدى. ئەخمەتخان غوجا دەرھال شەھەرگە قايتتى . ئەمىر بولسا، مەزەمزلت بىلەن بىللە چىدىر ـ بارىگاھقا كېلىپ چۈشتى. دەل شۇ مەزگىلدە چىڭدايي دېگەن مانجۇر ئەمەلدارىنىڭ قالماقلارنىڭ توپلىغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ياماتۇغا كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ئەمىر ئابدۇرۇسۇلبەگ ئەخمەتخان غوجىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ توساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەخمەتخان غوجا مەزكۇر بۇيرۇقنى ئېلىپ ماڭغان كىشىنى يولدا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئۇ بۇ بۇيرۇقنى تىڭشىماي ئۆز يولىغا يۈرۈۋەردى. خەت ئاپارغۇچى بۇ ئەھۋالدىن شەھەرگە خەۋەر بەرگەندە ئەخمەت غەزنىچى بەگ بىلەن ئوغلى ئاخۇن بەگ قالماق چېرىكلىرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا چىققانىدى. دەل شۇ مەزگىلدە ئەخمەتخان غوجا ئەخمەت غەزنىچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئاخۇن بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يەنە يولىغا راۋان بولدى. بۇ ئەھۋاللار

ئىستىھكاملىرىدىن ئىدى. بۇ يەردە قورال - ياراق، ئوق-دورا قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ، باي ئورۇن ئىدى. بۇ قورغاندىكى مانجۇرلار ئۇرۇش قىلمايلا ئىنقىلابچىلارغا تەسلىم بولدى. ئىنقىلابچىلار بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى.

چىلپەڭزە جىڭىدىكى قالايمىقانچىلىقلار تازلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىنقىلابچىلار باياندايغا يۈزلەندى. ئەمىر، بەگلەر شەھىرىنىڭ ياش يىگىتلىرىدىن: ماخمۇت، سىدىق، شىربەگ ھاجى تاھىر، خالىدبەگ (500 ئەسكەر باشلىغى) سىتىۋالدى شانبېگى، خوتەن باتۇر، ھوشۇر پالۋان، بايراق كۆتۈرگۈچى ئابدۇللا ھېيىت، پەخىردىن، ئابدۇللا ناسىر، ياخشى پالۋان، ئابدۇۋارىس، شائىر ئابدۇلھەت، جالالىدىن، شىرىدۇ ئاخۇنلارنى ئېلىپ باياندايغا يېرىپ چۈشتى. ئاقتۆپىدىن قوۋاش باتۇر، ئابلىز پالۋان، ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ تۇققىنى ئايۇپ باتۇرلار نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن سېپىلنى قورشاپ چۈشتى. شۇ ۋاقىتتا غۇلجا ئۇنيارىيۇزدى خەلقىنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ھېساپسىز كۆپ بولۇپ، شاڭ بېگىلەر چىدىر-بارگاھلىرىنى تىكىپ باياندايىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قوماندانلىق شتاب قۇرۇپ چىقتى.

ئىسھاق غەزىنىچىبەگ توققۇزتارانىڭ ياش يىگىتلىرىدىن مىڭنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارمۇ بارگاھ قۇرۇپ چىقتى. بايانداي سېپىلى ئەتراپىدا كەچكىچە قاتتىق سوقۇشلار بولدى. مانجۇرلارنىڭ بىرسىمۇ سېپىل دەرۋازىسىدىن بېشىنى چىقىرالمىدى.

ئابدۇرۇسۇلبەگە بىلەن نەسىردىن ئاخۇن شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

جاڭجۇننىڭ بۇيرۇغى بىلەن يۈلتۇزدىكى تورغاۋۇت قالماق خانىدىن 1200 ئات ئېلىپ كۈرەگە ماڭغان سى غالداي بىلەن ئۇ دارىن چېرىكلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئابدۇرۇسۇلبەگ ئارئۆستەڭدىكى شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ئەخمەتخان غوجاملارغا بۇيرۇق چۈشەردى. ئۇلار ياماتۇدا مانجۇر ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ئاتلارنى ئولجا ئالدى. ئاندىن توققۇزتارا شارغوجا تۆپىسىدە تۇرۇشلۇق مانجۇر قاراۋۇللىرىغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن



ئولجىلارنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتى. ئۇلار ھەرەمباغقا چۈشكەندە ئابدۇرۇسۇلبەگ بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۇ دارىننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى. «ئۇ ناھايىتى يامان ئەبلەخ ئىدى» دېدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ شەمشىدىن خەلپەم بىلەن ئەخمەتخان غوجاملارغا كاتتا زىياپەت بەردى. يېزا-يېزىدىن كەلگەن ئەسكەرلىرى تامام يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك تەقسىم قىلىندى. قاش، ئارا ئۆستەڭ، بوربۇسۇن، ئۇۋلاستاي يېزىلىرىدىن كەلگەنلەرنى تۇڭگانلارغا قوشۇپ، باياندايىنى ئېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. باياندايدا مانجۇرلارنىڭ 2000 دىن ئوشۇق ياراقلىق ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى.

ئىلىنىڭ جەنۇبىي يېزىلىرى: دادامتۇ، كەتمەن، غالجات، خونخاي، بۇغرا بولۇپ، 12 يۈزدىن توپلانغان پىدائىيلارنى شۇۋەلەرنىڭ كۈرە، بايانداي ئۈچۈن ياردەمگە بارىدىغان ئەسكەرلىرىنىڭ يولىنى توساشقا: يالغۇز ياغاچ، شارغوجا، توققۇزتارالاردىن كەلگەنلەرنى تېكەس، كۆنەستىن كېلىدىغان قالماقلارنىڭ يولىنى توساشقا: ھەمدە قاشان، غالجات غوللىرىدىن كەلگەن پىدائىيلارنى مۇڭغۇلكۈرە قالماقلىرىنىڭ يولىنى توساش ئۈچۈن قاراۋۇللۇققا قويدى. بايانداي سېپىلى ئەتراپى سان-ساناقسىز ئەسكەرلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، پارتلىغان دورا تۈتۈنلىرى، زەمبىرەك، مىلتىق ۋە كاناي- سۇنەي، ناغراپ ئاۋازلىرى بىلەن چوڭ بىر قايىنامغا ئايلانغان ئىدى. ئىسلام پىدائىيلىرى ئۆزلىرىنى قارا بورانەك سېپىلغا ئۇرۇپ يامىشىپ چىقىپ جەڭ قىلدى. مانجۇر چېرىكلىرى كېگىزلەرنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئەچىقىپ ئۆزلىرىگە دالدا قىلىپ، ماي يۆگەلگەن مايلىق كالتەكلەرگە ئوت يېقىپ، مۇجاھىتلەرگە ئاتاتتى. ياش پالۋان يىگىتلەر بۇ ئوتلارغا پەرۋا قىلماي سېپىلغا چاقماق تېزلىكىدە چىقىپ، كىگىزلەرنى يەرگە تاشلاپ، سېپىلنى شور قىلىپ جەڭ قىلاتتى.

كۈرەدىكى جاڭجۇن تويۇقسىز پارتلىغان بۇ ئىنقىلاپ ئوتىنى يالغۇز تۇڭگانلارنىڭ ئىشى دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇ بۇ ئىشنى

نىيىتىڭىزگە يەتكۈزسۇن ھەمدە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، پۈتۈن تۇڭگانلارغا ياردەم قىلىپ ئىسلام ئىچىدىكى، ئىسلام ئىچىپ خەلىپىلىكنى ئىبلىك، ساۋاپنىڭ ئەڭ ئاخىرى جىھات قىلىشتا، بۇنىڭغا پەتىۋا باردۇر» دەپ دۇئا بېرىپ يەنە ئېيتتىكى: «مانجۇرلارنىڭ زالىملىقى چېكىگە يەتتى. ئەمدى جىھات قىلىش ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ پەرىزىدۇر».

ئەتىسى كۈن چىققاندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇلبەگ جىمى بەگلەرنى ۋە تۇڭگانلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرتىپ، مۇستەبىت زالىم مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنتىپاقلىشىپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە جىھات قىلىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەپ، پۈتۈن ھەممىنى قايىل قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرىمۇ ئۇرۇشۇشنى مۇۋاپىق دەپ ۋەدە قىلىشتى. ئاندىن ئابدۇرۇسۇلبەگ سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەي تۇڭگان قېرىنداشلار ئۆزۈم باش بولۇپ، تۇمەندىن كۆپرەك ئەسكەرلىرىم بىلەن سىزلەرگە يولداش بولاي، بىراق سىزلەرنىڭ تىلىڭلار تاتلىق ۋە دىنىي بۇزۇشقا دىلىڭلار ئالا، موشۇ پەيلىڭلاردىن بەك قورقىمەن. ئەي، تۇڭگان چوڭلىرى ۋە ئاخۇنۇملار سىزلەرنى بىلىمەن، ۋاپا يوق ۋە بەلكى ۋاپانىڭ ئورنىغا جاپا سالارسىلەرمۇ؟». شۇندىن كېيىن تۇڭگانلار مۇنداق دېدى: «بىزلەر سۆز بېرىمىز. سۆزىمىزگە تۇرىمىز. قەسەم ئالللاھقا بولسۇنكى مانجۇرلارنى يېڭىپ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى دەۋرىدىن سىزنى ھىمايەتچىمىز دەپ تونۇپ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلدۇق. ئەگەر بۇ توغرىدا سىزلەرگە گۇمان سالىدىغان ياكى ناشايەن ئىشلارنى قىلساق خۇدائىم بۇ جاھاندا بىزلەرنى تامام يوق قىلسۇن!»

ئاخىرى ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئۇيغۇرلاردا بولماق شەرتى بىلەن ئۇيغۇرلار تۇڭگانلار ئىتتىپاقلىشىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇشۇشقا كېلىشتى.

300 مىڭغا يېقىن تولۇق قوراللانغان مانجۇر چېرىكىگە قارشى تۇرۇشتا سانى ئاز ۋە قورال - ياراقسىز ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ يېڭىشى ئۈچۈن نۇرغۇن چىقىملارنى بېرىشى تۇرغان گەپ ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، سانى ئاز ۋە تەييارلىقسىز ئۇيغۇر - تۇڭگانلار باش كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەپ



پەقەتلا زۇلۇمدۇر. سىياسىي ئاسارەت، ئىقتىسادىي قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

## ئۇيغۇر - تۇڭگان ئىنقىلابى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى

ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنىڭ باش قوماندانى ھەم ئەمىرى بولدى. ئەمىرنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ھەر ئىككى تەرەپ ئەمەل قىلىدىغان بولدى. قايسى تەرەپتىن خاتالىق ئۆتسە كىم بولىشىغا قارىماي، گۇناھىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئۆلۈم جازاسىغا قەدەر ئابدۇرۇسۇلبەگ ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى. ئەمدى ئەمىرنىڭ ئۈستىدىكى يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپە 82 بەگلىكتىكى ئۇيغۇرلاردىن پىدائىي ئەسكەر ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراشلىق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈش بولدى.

1863 - يىلى (تۇنچىجاننىڭ 4 - يىلى جامادىل ئىيىنىڭ 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۈمەنىڭ كىرىشى پەيشەنبە كۈنى كېچىسى) ئۆكتەبىرنىڭ 1 - كۈنى ئىلى خەلقى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ بەلگىلەنگەن كۈنگىچە بولغان 82 بەگلىكتىكى ئۇيغۇرلارغا خەۋەر بېرىپ ئۈلگەرگەن، ئەسكەرلەر ئوردا ئەتراپىغا يوشۇرۇنچە توپلاندى. ۋاقتىنى قىسقا قىلىشنىڭ سەۋەبى مانجۇرلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلمىسا مانجۇر ئەسكەرلىرى كۆپ، تۇيۇپ قالسا چاتاق بولاتتى. ئىككىنچىدىن ئۇ دىلىن دېگەن خىتاي ئەمەلدارى تۇرغۇت خانى تەرەپكە 2000 ئات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەندى. ئۇنى توسۇپ زەربە بەرمىسە بولمايتتى.

بەلگۈلەنگەن ۋاقىت يېتىپ كېلىشى بىلەن ئابدۇرۇسۇلبەگ غۇلجا شەھىرىنىڭ خىتاي بازار ( چوڭ كۆرۈك) مەھەللىسىدىكى جىن پاڭغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشەردى. ئۇيغۇر، تۇڭگان ئەسكەرلىرى جىڭ باڭغا قارا بۇراندەك تېگىپ بىر كېچىدە تامام مال - مۈلۈك، نۇرغۇن قورال - ياراغلىرىنى قولغا چۈشەردى. ئەتىسى چىلپەڭزە قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىمۇ تىزلىكتە ئالدى. چىلپەڭزە قورغىنى مانجۇرلارنىڭ خېلى مۇھىم

ئۇلارنىڭ (موقىم) ھاكىمى قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن ھوكۇمەت ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇرۇسۇلبەگ تۇرلۇك باھانىلار بىلەن بارمىدى. ئاخىرى پالۋانلارنىمۇ ئەۋەتمىدى.

ئىلىدىكى مانجۇر ھۆوكۇمەت باشلىقلىرى ئىچكىرىدىكى ۋەقەلەرنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرمەي سىر تۇتقان بولسىمۇ، بىراق مۇسۇلمانلار ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن تەپسىلى قارار قىلغانلىقلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى.

1864-يىلى گەنسۇ تۇڭگانلىرى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى بولۇۋاتقان ئىنقىلاپ ۋە قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ شىن سۇنۇڭ غەربىدىكى تۇڭگانلار بىلەن مەخپىي بىرلىشىپ قوزغالدى. ئۇلارنىڭ سىياسى، ئەمەلى غايىلىرىدا ھېچ قانداق توقۇنۇش يوق ئىدى. گەنسۇدىكى سالا تۇڭگانلىرى (ئەسلى تۈرۈك) ئىچكىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ھوقۇقتا بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. ئۇلارمۇ شۇنىڭغا قارىماي بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانىدى. ھۆكۈمەت زوزۇڭتاڭ دېگەن گېنېرالنى ئەۋەتىپ ئاخىرى بۇ قوزغىلاڭنى باستۇردى.

بەي يەنخۇ بىلەن يۇشاۋخو قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ماۋېنلونى ئۆلتۈرۈپ ۋە قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا قېچىپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىكى مايىخۇا، گۇچۇڭدىكى مايىيە دېگەن تۇڭگان باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ يەنە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن مانجۇر ھۆكۈمىتى يەنە زوزۇڭتاڭنى ئەۋەتتى. نەتىجىدە مايىخۇا بىر نەچچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن تەسلىم بولدى. بەي يەنخۇ تۇرپانغا قېچىپ چىقىپ، ئالتە شەھەر ئارقىلىق ئەسكەرلىرى بىلەن رۇسىيەگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىزىلگەن خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىغا تۈتروق بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلجا دائىرىسى ئەتراپىدىكى تۇڭگانلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ھۆكۈمەتتىن بۇرۇنىراق قوزغىلىشقا قارار قىلدى. بۇ قارارغا بىنائەن بەلگىلەنگەن ۋاقىت كېلىشى بىلەن تاجى، ئەرەشپو، ساندىخوزا تۇڭگانلىرى قوزغالدى، لېكىن بۇ قوزغىلاڭغا باشقا تۇڭگانلارنىڭ تەييارلىقى



بولمىغانلىقىنىمۇ ياكى قورققانلىقىنىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقىتىن مانجۇر ئەسكەرلىرى تەرەپتىن باستۇرۇلۇپ، ھەممىسى قاماققا ئېلىندى. خەلققە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن باش كېسىش مەيدانىدا ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چاپتى، ئۇلارنىڭ باشلىقى پەنسىيە ۋە بىتەئەملەرنى جاسىدا توغرىدى. بۇ قانلىق پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرغان مۇسۇلمانلار-ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلار مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانلىق قىلىچىنىڭ ئەتە-ئۆگۈن ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى كېسىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇرۇن بىر-بىرىگە سىرلىق قاراشقان بولسا ئەندى ئىتتىپاقلىشىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇشماقتىن باشقا يولنىڭ قالمىغانلىقىنى تونىغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە غۇلجا شەھرىدىكى ئاشۇ زاتىپ ئاخۇن، ئىسمائىل ۋە ئايۇپ دېگەن تۇڭگانلارنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئابدۇرۇسۇلبەگنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىكى: «بىزلەرنىڭ ئەر-ئايال ئەۋلادلىرىمىزنى مانجۇر ھۆكۈمىتى قىرىپ قويمىغىدەكمىش، بىزلەر سىزلەر بىلەن دىن قېرىنداش، موشۇ مانجۇر ھۆكۈمىتى بولسىلا بىزنى قىرغىن قىلماي قالمايدۇ. سىزلەر موشۇ قىرغىنچىلىق قىلىشقا قارشى بىرلىكتە تۇرۇپ بىزگە ياردەم بەرسەڭلار، ئاللا تائالا سىزلەرنى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەنلەردىن قىلار ئىدى. مۇبادا بىزگە ياردەم بەرمىسەڭلار بۇ ئىش سىزلەرگىمۇ كەلمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە كېلىدۇ. بۇ مۇستەبىت زالىم مانجۇرلارنىڭ قانلىق قىلىچى سىزلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كېلىدۇ» دەپ يىغلاپ يالۋۇرىدۇ.

ئابدۇرۇسۇلبەگ «مەن ئاخۇنلىرىمىزدىن سوراپ باقاي، ئۇلار نېمە قىل دېسە شۇنى قىلاي، سىزلەر بۈگۈن قايتىپ ئەتە كېلىڭلار» دەيدۇ. تۇڭگانلار شۇ كېچىسى ئۇخلىماي جەڭ تەييارلىقىنى قىلىپ «ئاللاھقا ئامانەت!» دەپ ياتىدۇ.

ئابدۇرۇسۇلبەگ ھاكىم شۇ كېچىسى قازى نەسىرىدىننى چاقىرتىپ، تۇڭگانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىدۇ. ئاخۇنۇم جىھات قىلىشنى ئاڭلاپ، بول-بولدەك سايراپ: «ئەي، ئابدۇرۇسۇلبەگ ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئاللاھ

# ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىرى

1 . ئىمىن ۋاڭ 2. مۇسا گۇڭ 3. ئورانزىپ 4. خالزىت ھاكىم 5. مەزەمزىت 6. غىياز ھاكىم 7. باباخان غوجا قاتارلىقلار ھاكىم بولغان. مەزەمزىت 1864-يىلى ھاكىملىككە ئولتۇرۇپ، 1889- يىلى ۋاپات بولدى. باباخان ھاكىم 1912-يىلى ۋاپات بولدى.

# تۇڭگان ئىنقىلابى

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغانلار يالغۇز خىتايلار بولۇپ قالماستىن باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئىسلام دىنىدىكى تۇڭگان مىللىتىمۇ قوزغالغان ئىدى. مانجۇر ھۆكۈمىتى بىر نەچچە قېتىملىق قوزغىلىڭنى قانلىق باستۇرغان بولۇپ، «تەيپىن تىيەنگو» قوزغىلىڭى ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارغا بىر ئاز كەڭچىلىك بىرىلگەنىدى، بىراق يۇننەن ئۆلكىسىدىكى تۇڭگانلارنىڭ يەرلىرىنى مانجۇر بايلىرىغا تارتىپ ئېلىپ بېرىشتى. شۇ سەۋەپتىن يەنە قوزغىلاڭ پەيدا بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭغا گۇيجو مۇسۇلمانلىرىمۇ قوشۇلغان ئىدى. دەسلىۋىدە پومىشكىلارغا قارشى قوزغالغان بۇ ئىنقىلاپ كېڭىيىپ پۈتۈن جەنۇبى خىتاينى قاپلىدى. 1855-يىلى دۇيىنشو دېگەن كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغالغان تۇڭگانلار قوزغىلىڭى كېڭىيىپ 1874-يىلغىچە 19 يىل داۋام قىلدى. ئەڭ ئاخىرى مانجۇر ھۆكۈمىتى 200 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، دۇيىنشونى ئۆلتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان بولسىمۇ ئىچكىرىدىكى يەرلىك خىتايلار قوللىمىغانلىقتىن مەغلۇپ بولغانىدى.

غەربىي-شىمال(شەنشى-گەنسۇ) ئۆلكىسىدىكى تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلىڭى پات-پات پەيدا بولۇپ تۇردى. 1862-يىلى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ



خىنەن گۇبېرناتورى گېنېرال يىنشوچىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ «تەيپىن تىيەنگو»غا قارشى تەييارلىق قىلدى. تەيپىن تىيەنگونىڭ ئەسكەرلىرى شىمالغا كەلگەندە تۇڭگان ئەسكەرلىرى قېچىپ كەتتى. ئۇلار شەنشىگە بېرىپ ئەسكەر توپلاپ زەينۇ دېگەن كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەنە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭ داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا بېسىقتۇرۇلدى.

# ئۇيغۇرلار ئىنقىلاب ئالدىدا

ئىچكىرىدىكى تۇڭگانلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېڭىلىپ قالغانىدى. كېيىن ئىلى جاڭجۇنى مۇسۇلمانلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ خەلقنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر قىيناشقا باشلىدى. 1860-يىلى قارقىرا تەرەپتىن رۇسىيە ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرىشكە باشلىغاندا ئابدۇرۇسۇل ئىشىك ئاغا بېگى قول ئاستىدىكى مىڭ پالۋان بىلەن ياندۇرغانىدى. ئىلى تەرەپكە رۇسىيە تەرەپتىن دائىم ۋاھىم بار ئىدى. شۇڭا مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەر تۈرلۈك ئالامەتلەردىن مەلۇم ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاڭجۇن مەزەمزىت ھاكىمنى كۆرەگە چاقىرتىپ. تارانچىلاردىن بەشيۈز پالۋان تەييارلاپ بېرىشنى تاپشۇردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر تۈرلۈك تۆشۈك نانلارنى پىشۇرۇپ بېرىشنى ئۇقتۇرغان ئىدى. سىياسى ئىشلاردىن بىخەۋەر مەزەمزىت ھاكىم جاڭجۇننى بۇرۇنقى ھالىغا كەلتۈرۈشكە ئالدىردى. ئالدىرماسلىقمۇ ئىلاجى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزەمزىت ھاكىم پالۋانلارنى تەييارلاپ، خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كۆرەگە ماڭدى. (جاڭجۇن مەزەمزىت ھاكىمنىڭ مۇنداق چوڭ خىزمىتىگە قايىل بولغان بولسىمۇ، ئاما ئۇنى «سېلىقنى ئۆستەرمىدىڭ» دەپ كۆرە زىندانىغا سولاپ قويغان ئىدى) .

جاڭجۇن مەرگەنلارنى (پالۋانلارنى) ئېلىپ كېلىشكە مەزەمزىت ھاكىمنىڭ ئىشىك ئاغىسى ئابدۇرۇسۇلبەككە بۇيرۇق يازدى. ھەممە ئۇنى

غۇلجىدا رۇس كونسۇلى تۇرىدىغان بولدى ۋە 1853 - يىلى رۇسىيە بىلەن بولغان چېگرالىرى ئايرىلدى.

يۇقارقى ماجرالار سەۋەبىدىن مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىدىن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ پارتىلىغاچقا بۇ ئەھۋاللار ھۆكۈمەتنىڭ ھالىنى قويماي دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، غەزىنە تۈگەپ ناھايىتى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ جۈملىدىن مانجۇر ھۆكۈمىتى ئىلىدىكى چېرىكلەرگە تېگىشلىك مۇئاشلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكتىن ئىلى جاڭجۈنى بۇ ئېغىر سېلىقنى دېھقانلار ئۈستىگە سالدى. قانۇن بويىچە ئۆي بېشىغا ئالىدىغان 12 خو سېلىقنى 32 خوغا كۆپەيتتى. (بىر خو: 4 پۇت - 64 كىلوگىرام) ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىكلەرگە ئوتۇن - ياغاچ، يوتقان - كۆرپە، چاي - تۇز، گۆش - ماي قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشمۇ دېھقانلارنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

خالزات ھاكىم زامانىسىدىن قالغان ئۆستۈرمە سېلىقلارنى تۆلەش ئاجىز دېھقانلارغا تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھىجرىيەنىڭ 70 - يىلىدىن كېيىن ئىلىدا ناھايىتى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، خەلق بىر نەچچە يىل سېلىقلارنى تۆلىيەلمىگەنىدى. بۇ تولەنمىگەن سېلىقلار قانۇن بويىچە بىرگە - بىر ئۆسۈپ تۇراتتى. ھىجرىيەنىڭ 75 - يىلىدا خالزات ھاكىم دېھقانلاردىن چىققان خانلىق ئاشلىقنى مىليون پۇتقا يېقىن ئۆزى ئىشلىتىپ قويغانىدى. بۇ ۋەجىدىن خالزات ھاكىم ئەيىپلىنىپ ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا چورۇك ھاكىم بولغانىدى. چورۇك ھاكىم زامانىسىدا چېكەتكە ئاپىتى بولۇپ، خەلق تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانىدى.

چورىق ھاكىمدىن كېيىن مەزەمزات ھاكىم بولدى. چورىق ھاكىمنىڭ ئوغلى ئىشەك ئاغا بېگى بولدى. مانا مۇشۇ دەۋىردە يۇقارقى ئۆستۈرمە سېلىقلارنىڭ سىرتىدا 12 خو سېلىققا يەنە 20 خو قوشۇلۇپ 32 خو بولغانىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئائىلە راھىتى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ پۇخرالار ئەتراپتىكى ناھىيەلەردە تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بىرەر پارچە كىگىزى بولسىمۇ سېلىق يىغقۇچىلار بالا - چاقىسىنىڭ زار



يىغلىغىنىغا قارىماي تارتىپ ئالاتتى. دېھقانلار كەمبەغەللىكتىن قوشنىڭ بىر يېنىغا ئىشەك بىر يېنىغا ئۆزىنى قوشۇپ يەر تېرەتتى. بىر ئاز ئۇلاققا يېتىشىپ قالسا، قوشۇلغان 20 خونى 40 خوغا كۆپەيتىپ ئالاتتى. بۇ سېلىقلارنى تۆلىمەسلىككە ھېچ ئىلاجى يوق ئىدى. بۇ سېلىقلارنى تۆلىمىگەن بىچارە دېھقانلارنىڭ جانلىق - جانسىز ماللىرىنى ئېلىشتىن سىرت بالا - چاقىسىنى سېتىپ ئۆزىنى يامۇلغا سولايدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى.

مۇستەبىت مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ئالدىدا ھاكىملەر بولسا خەلقنىڭ ھالىغا يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن: «خانغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ، تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك» دەپ خەلقنى باساتتى. ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرى بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ تاغ - دەشتىلەرگە يوشۇرۇنۇپ قاچقانىدى. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپ يولىنى باغلار.
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىپكە غېرىپ يىغلار.

مۇستەبىت زالىملار بۇ قىچىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۇتۇپ كېلىپ شەھەرگە ئەكىلىپ، باشلىرىنى كېسىپ، دارغا ئېسىپ قويۇپ، پۇخرالارنى قورقۇتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ۋەھشىيانە ھەركەتلەرنىڭ ھېچ قايسى زالىملارغا قىلچىمۇ پايدا بەرمىدى. يەنى زالىملارنىڭ قولىدا ئۆلۈشنى نومۇس بىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، مانجۇر ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاپ ئۇچقۇنلىرى ھەر يەردە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئامما ئىنقىلاپ باشلانغىچە بۇ ئىنقىلاپچىلارنىڭ كۆرگەن كۈنى ناھايىتى تەس بولۇپ، سوغ تاغلاردا، ئىسسىق چۆللەردە ئاچلىقتىن كىيىم - كېچەكتىن قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ كوپ بولدى. زالىملارنىڭ قولىغا چۈشكەنلەر بولسا سولاقتا كۆپ يېتىپ، چىرىپ ياكى دارغا ئېسىلىپ، چېپىلىپ تۈگەشتى. ئۇلارنى تەشكىللەپ مۇقىم ئۇيۇشتۇرۇدىغان كىشى يوق ئىدى.

خانلىرىنىڭ ئەجنەبىلەرنى كىرگۈزمەسلىك سىياسىتى توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەپيۇن ئۇرۇشى كېلىپ چىقتى. بۇ ئۇرۇش مانجۇرلارنىڭ كۈچىنى ۋە چىرىك ھوكۇمەت ئىبكەنلىكىنى كورستىپ قالماستىن بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئەجنەبىلەرنىڭ مانجۇرلارنى سىقىشىغا چوڭ يول ئېچىپ بەردى. فېئودالىزىم ئاستىدىكى دېھقانچىلىق خوجىلىقى ئەمدى كاپىتالىزىمنىڭ قول ئاستىغا چۈشتى. پۈتۈن خىتاي ئىختىسادى كۈندىن-كۈنگە مۇستەملىكە ئىختىساتقا مىڭىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خىتاي يېڭى بىر تارىخى دەۋرگە كىردى. شۇڭا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى تارىخ «كونا تارىخ»، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلانغان تارىخ «يېڭى تارىخ» دەپ ئاتىلىدۇ.

خىتايغا ئەپيۇننىڭ كىرىشى تاڭ سۇلالىسىدىن باشلانغان بولۇپ (ئۇ ۋاقىتلاردا خىتايلار ئەپيۇن چېكەتتى) مانجۇر ھۆكۈمىتى چىيەنلۇڭخان دەۋرىگە كەلگەندە ئىنگلىسلار ھىندىستان ئارقىلىق خىتايغا كۆپلەپ ئەپيۇن كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە يامانلىشىدۇ. ئىنگلىزلار خىتايغا 1829-يىلى 200 ساندۇق، 1730- يىلى 400 ساندوق، 1831-يىلى 18760 ساندۇق، 1832-يىلى 27000 ساندۇق ئەپيۇن كىرگۈزگەندى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن مانجۇر ئەمەلدارى لىن زەيشۈي ھۆكۈمەتكە: «ئەگەر بىز ئەپيۇن كىرگۈزۈشنى توسمىساق 40 يىلدىن كېيىن بىرمۇ ئەسكەر ھازىرلىيالمايمىز»، دېگەن تەكلىپنى سۇنۇپ ئەپيۇننى چەكلەشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ تەكلىپكە ئاساسەن خان لىن زەيشۈينى گۇۋاڭدوڭغا ئەپيۇن يوقۇتۇشقا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

لىن زەيشۈي گۇۋاڭدوڭغا بىرىپ قوشۇننى باشلاپ ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىن 20283 ساندۇق ئەپيۇننى تارتىپ ئېلىپ چىقىپ خۇيمېن دېگەن جايدا كۆيدۈرىۋېتىدۇ. بۇ 1839-يىلى بولۇپ ئەپيۇن 4-ئاينىڭ 22-كۈندىن 5-ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە جەمى 23-كۈن ئىچىدە تامام كۆيدۈرۈلۈپ بولىدۇ. لىن زەيشۈي پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئەپيۇننى ئۈچ كۈن ئىچىدە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش توغۇرلۇق بۇيرۇق



چۈشۈرىدۇ، شۇنداقلا ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭمۇ خىتايغا ئەپيۇن ئەكىرىشىنى مەنئى قىلىدۇ.

1840- يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ خىتايغا ئۇرۇش باشلايدۇ. 1842-يىلى ئۇرۇش توختاپ «نەنجىن توختامى» تۈزىلىدۇ. بۇ تۈزۈلگەن توختام بويىچە خىتاي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 21 مىليون كۈمۈش پۇلى تۆلەيدىغان بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش خىتاي ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر زىيان سالىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىدۇ. بۇ توختامنىڭ 4 -ماددىسىدىكى شەرتلەرگە بىنائەن خىتاي چەتتىن كىرگەن ماللاردىن باج ئېلىش ھوقوقىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئىككىنچى قىتىم يەنە ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە دۆلەتلىرى بىرلىشىپ مانجۇر ھۆكۈمىتىگە ئۇرۇش باشلايدۇ. مانجۇر ھۆكۈمىتى بۇ قىتىممۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچۇرايدۇ. 1856-1858 ۋە 1860-يىللىرىمۇ ئامېرىكا ۋە فىرانسىيە ھۆكۈمىتى مانجۇر ھۆكۈمىتىگە زىيانلىق «تىيەنجىن شەرتنامىسىنى» تۈزىدۇ. تەبىئىيكى ئەجنەبى دۆلەتلەر بۇ شەرتنامىلار ئارقىلىق مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ پۇت-قولىنى قىمىرلىغۇسىز قىلىپ باغلاپ قويغانىدى.

مانجۇر ھۆكۈمىتى ئەجنەبىلەرگە سۆز ئاچقۇسىز بولۇپ قالغاندا خەلق ئىچىدە يوقارقى كىلىشىملەرگە كۈچلۈك نارازىلىق كۆتۈرۈلدى ۋە ئاخىرى ئەجنەبىلەرنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوزغالدى. (خەلقنىڭ قوزغىلىشى يالغۇز ئەجنەبىلەرگىلا قارشى بولماي، بەلكى چىرىك ھۆكۈمەتنى يوقۇتۇپ ئادىل خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش مەقسىتىدە باشلانغانىدى) شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق بۇ قوزغىلاڭغا «تەيپىن تىيەنگو» نامىنى بەرگەنىدى.

1850-يىلدىن 1860-يىلىغىچە مۇشۇنداق ئىنقىلاپلار تۆپەيلىدىن ئەنگلىيە يەنە ئۇرۇش باشلاپ بېيجىڭنى بىسىۋالدى. خان شەھەرنى تاشلاپ قىچىپ چىقىپ ئامالسىز قالغانلىقتىن ئاخىرى ئېغىر شەرتلەرگە رازى بولۇپ كېلىشىم تۈزىلدى. بۇنىڭ بىلەن مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ پۇت-قولى تېخىمۇ مەھكەم باغلاندى. شۇ ۋاقىتلاردا يەنە رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن

دەپ خەلقلەر ئالۋاڭ سەيسلەرنىڭ دەستىدىن زارلىنىشتى. باشقا چارە تاپالماي قوشاق قوشۇپ بولىسمۇ زالىملارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

دۆلەت ۋە مەنسەپ ئورۇنلىرى مانجۇرلارنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاتتىق ئېزەتتى. مانجۇر مەنسەپدارلىرى ناھايىتى پارىخور بولۇپ ھەرقانداق ئىش پارىسىز ۋۇجۇدقا چىقمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى غوجىلار، ئاق سۆڭەكلەر ھېسابلاپ باشقىلارنى ھايۋان قاتارىدا كۆرەتتى. ئەگەر يولدا بىرەر مەنسەپدار مانجۇر ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭغا باش ئېگىپ تازىم قىلىش پۇخرانىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى .

مانجۇرلار چىرايلىق قىز-چوكانلارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، قەستەن زورلۇق بىلەن ئىش چىقىراتتى. پۇقرالارنىڭ قارشى چىقىشى مۇمكىن بولمايلا قالماي بەلكى خالىس سۆزلىگەنلەرمو تاياقتا ئۆلەتتى. مانجۇرلار خەلقنىڭ ئۆرپە-ئادەتلىرىنى ۋە دىنى ئىشلىرىنى ھېچبىر ئېتىبارغا ئالمايتتى. يېقىنقى ۋاقىتلارغا قەدەر يەنى جۇڭخۇۋا مىنگوغىچە ئۇيغۇر، قازاق مىخباشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ھەر يىلى چاغاندا جاڭجۇن باشلىق پۈتۈن مەمۇرى خىزمەتچىلەر بىللە سەھەردە تۇرۇپ بۇتخانىغا بېرىپ بۇتلارغا باش قوياتتىكەن. بارلىق مۇسۇلمان مەنسەپدارلارنىڭ بۇتخانىغا بېرىشتىن ئايرىلىپ قېلىشى زور جىنايەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلار پەقەت دېھقانچىلىقتا مەسئۇل، ئەگەر بىرەر كىشى شەھەردىن چىقىپ تىرىكچىلىك قىلسا ھۆكۈمەتكە تۈتۈن بېشىغا 12 خو يەنى 48 پۇت بوغداي تۆلەيتتى. مانجۇر ھۆكۈمىتى دېھقانلار مەيلى ھوسۇل ئالسۇن- ئالمىسۇن ئوخشاشلا بەلگىلەنگەن بۇ سېلىقنى ئالىۋېرەتتى. دېھقانلار بىرەر يىل سېلىقنى بېرەلمەي قالسا بىرگە-بىر قوشۇپ تولەيتتى. بۇ مانجۇرلار قانۇنى ئىدى. دېمەك ئىلى ئۇيغۇرلىرى مانجۇرلار دەۋرىدە بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت پۈتمەس- تۈگىمەس ئازاب -ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ توغرىلىق خەلقنىڭ تۆۋەندىكى قوشاقلىرى دەلىل بولالايدۇ:

يەپ تويماي ئۇيغۇرنى دالوي بىلەن جاڭجۇن،



جانلارنى قىينىۋەتتى توڭچىلارنىڭ زەردىسى.
تارتىپ ئالدى ئۇيغۇردىن مانجۇر ئات ھەم كالىنى.
ئاشلىق ئالغىلى كىشى يوق. خوتۇنلار ئالدى خامانىنى.
ھاۋادىكى بوزلاچىن كۆرمەي تورغا چۈشەرمۇ
ئادەم ئوغلى باشىغا مۇنداق جاپالار چۈشەمدۇ؟
ئاتامنىڭ ھالىنى دەيمۇ ئۆزۈمنىڭ دەردىنى دەيمۇ؟
ئىچىمدە دەردىم تولا دەردنى ئېتىپ يىغلايمۇ؟ دەيدۇ
جاڭجۇن ئۇيغۇرنىڭ غەزىنىسىنىڭ مىلىنى ئالساق.
ياكى بايدىن جانلىق مال، نامرىتتىدىن ئاشلىق ئالساق.
بۇ جاڭجۇن بولدى ئەجدىھا ئۇيغۇرلارغا ئوت ئاچتى،
سىلىق تېپىپ بېرەلمەي خەلق پەرزەنتىنى ساتتى.
ئۇيغۇر باللىرىنى تاشلاپ بېشى قايغان ياققا قاچتى.
ھىچ پادىشاھ بۇ قىسمەت پۇقراغا زۇلۇم قىلماس،
ئادالەتنىڭ پۇرۇغى يوق يىتىملار ئىلىغنى ئاچتى.
ئېيتقىن زامان ئاخىر بولغاندا زۇلۇم ئىنھايىغا يەتكەندۇر.
قازان قايناپ تاشقاندەك جاڭجۇن ئۆزى يېمەي يول ئاچتى.

دەپ بىچارىلەر كۆز ياشلىرىنى توختىماي تۆكەتتى .

## خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالى

مانجۇرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن بىر ئاز سۆزلەپ ئۆتسەك كېيىنكى سوزلىرىمىز چۈشۈنۈشلۈك بولار. خىتاي بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئېگە دەپ سوزلىنىدۇ، ئەمما بۇ تارىخ ئىككىگە بۆلىنىدو. خىتاينىڭ 1840 -يىلىدىن تارتىپ يېڭى تارىخى باشلاندى. ئەپيون ئۇرۇشى دۇنيا كاپىتالىزىمنىڭ ھەربى كۈچى بىلەن خىتاينى بۆلۋېلىشقا ئورۇنغان بىرىنچى قەدىمى XIX -ئەسىردىن باشلاندى. ئەجنەبى دەۋلەتلەرنىڭ خىتايغا كىرىشنى مانجۇر

بۇ ئۆستەڭ بىر بالا بولدى كەچ كۆز بولدى قويمايدۇ،
ئوقەت قىلىش نەدىكىنى باللار بىزگە تويمايدۇ.

ۋاڭ خولۇ، ئۆستەڭ چېپىشتەك ئېغىر ئالۋان - سېلىقلاردىن باشقا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان ئالۋانلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن: كۆرە سېپىلى دۈشمەندىن قورقۇپ، ئىلى دەرياسى بويىغا سىلىنغاچقا كەلكۈن كەلگەن ۋاقىتلاردا دەريا سۈيى يارنى بۇزۇپ قورغاننى ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئېدى. شۇڭا سېپىلنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن ياز بويى نەچچە مىڭ ئىشلەمچى دەرياغا توسما ياساش ئۈچۈن ئالۋاڭغا ئىشلەيتتى. بىراق دەريانىڭ دولقۇنلىرى بۇ توسمىلارنى بۇزۇپ كىتەتتى ۋە نۇرغۇن كىشى بۇ ئالۋاڭ ۋاقتىدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلەتتى. قاچان سۇ دولقۇنى پەسىيىپ كەتكىچە ياكى بەزى ۋاقىتلاردا كۆزگىچە ئىشلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقتى زايە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق تىرىكچىلىكىدىن مەھرۇم بولاتتى. بۇ يەردە شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى خەلقىنىڭ ۋاڭ خولۇنىڭ دەرد ئەلىمىگە چىدىماي ۋىجدانلىرى قايناپ ئېيتقان قوشاقلىرىدىن يىققانلىرىمىزنى بايان قىلىمىز:

ۋاڭ خولۇ بالا بولدى، مانجۇرلار ئەجدىھا بولدى،
سېپىلنى بۇزمىسۇن سورە دەرياغا چوشىڭلار دەپ.
كېچە كۈندۈز يىگىتلەرنى مۇشۇ دەرياغا ئىشلەتتى.
قېچىپ كەتكەن خالايىقنىڭ كەينىدىن بىر تىۋە خەت.
قېچىپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ قول - پۇتىنى باغلاتتى.
رەھىم قىلمىدى جاڭجۇن پۇخرالارنىڭ جېنىغا،
ساماندەك سارغىيىپ كەتتى پىشماي تۇرۇپ ئۈز ۋاقتىغا،
ئۇيغۇر ئىشلىدى دائىم ۋاڭ خولۇنىڭ يولىدا
چىدىيالماي ئازابقا خۇدلغا زار يىغلاشتى.
شىخىل - تاش پاخال - شاخنى دەرياغا كۆتۈرۈپ باستى،
ئۆينى ياد ئېتىپ باللار كېچىلەپ يۇرتىغا قاچتى.
قېچىپ كەتكەن كىشى كىم كىمدىبان يۇرتنى ئاڭلاشتى.
ئۇلارنى لويىغا بېرىپ ئۇردۇرۇپ ئەقلىدىن ئازدۇردى،



قۇتۇلارمىزمۇ بۇنىڭدىن دېگەن ئاۋازلار ياڭراتتى.
پۈتۈن ياز بويى ۋاڭخولۇ دېگەن ئالۋان چىرماشتى،
مانجۇرلار زۇلمىنى ئېشتىپ ئۇيغۇر زار قاخشاشتى.

بۇنىڭدىن باشقا مەشھۇر ئالۋاڭلارنىڭ بىرى - ئاق ئۆستەڭدۇر. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى كۆرەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆستەڭ ئاق ئۆستەڭنى چېپىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ناھايىتى نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن ئېدى. بۇ ئۆستەڭلەردىن باشقا مىس كانى، كۆمۈر كانى ۋە تۆمۈر كانلىرىغا نەچچە يۈز كىشى ئالۋاڭغا ئىشلەيتتى. بۇ تۇغۇرلۇق چىققان ھەسرەتلىك قوشاقلاردا مۇنداق ئېيتىلغان ئېدى:

مىس كان دېگەن يەردە كۈندە ئۈچ تام سوقىمىز،
قېچىپ كېتەيلى دېسەك قورقىمىز.
ئاخشىمى ياتار چاغدا سالىدىغان كىگىز قېنى،
بۇ جانغا ئۆتۈپ كەتتى مانجۇرلارنىڭ مىسكانى.
بۇنىڭدىن باشقا مانجۇرلار ئۇيغۇرلارنى ياز بويى،
باغ ئاراملىرىغا ئالۋان ئورنىدا ئىشلىتەتتى.
مانجۇرلار باققا ئىشلەتتى نەچچە يۈز مۇسۇلماننى،
ئۇرۇپ ئىشلەتسە سوراق يوق بۇ پارلغۇلمانى.
مانجۇرلارنىڭ ئالۋىنى ئۆزلىرىنى راسا ياشارتتى،
خارلىنىپ بىلمەن رىچەك خەلقنى ئۇردى - قاخشاتتى.
چىدىيالماي كاپىرلار زۇلمىغا ھوكۇرەپ،
تاشلاپ قاچتى باللىرنى ئالدىغا دۈكرەپ.
مانجۇرلارنىڭ زۇلمىنى ئېيتاي مىڭدىن بىرىنى خىللاپ .
ناخشىغا قوشۇپ ئىتاي راسا قاملاشتۇرۇپ تىللاپ.

ئىشلەنمىگەن ـ ئېچىلمىغان بىر خەزىنە بولغاچقا مۇشۇ خام تەبىئەتنى ئىشلەپ ھۆكۈمەت سېلىقلىرىنى تاپشۇرماق ئۇيغۇر كەمبەغەللىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر بالا ئىدى. ئامما بۇنىڭغا ئەمگەك كۈچى ئازلىق قىلغانلىقتىن ھۆكۈمەت توققۇزتاراسكى تاشتۆپە ئۆستىڭىنى چېپىش ئۈچۈن ئالتىشەھەردىن يەنە 1000 ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ كەلدى. داۋان ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن 500 ئۆيلۈك، ئارىبۇز ئۆستىڭىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن 500 ئۆيلۈك بولۇپ، جەمئىيسى ئۈچ قېتىمدا 2000 ئۆيلۈكنى كۆچۈرۈپ كەلدى. ئاۋۋالقى كۆچۈپ چىققان 6000 ئۆيلۈكنى قوشقاندا ئالتىشەھەردىن ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ چىققانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 8000 ئائىلە بولۇپ قالدى. «ئىلى سەككىزمىڭ» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك. شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى ۋىلايىتىدىكى خىتاي ئاھالىسىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ 1862 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران 1000 نەپەرگە يەتكەنىدى. ئىلىغا ئۇيغۇرلار كەلگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق راۋاجلىنىپ، خېلى مەمۇرچىلىق باشلانغانىدى. بۇ يەردە 122 يىل ھاكىمىيەت تۇتۇپ دەۋران سۈرگەن جۇڭغارىيە ھۆكۈمىتى مۇنقەرىز بولۇپ تۈگەشكەنىدى. مانجۇر ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا بولسا بۇ ئۆلكىدە ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىپ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگۈچى بولمىغانلىقتىن (جۇڭغارىيە باشقا مىللەتلەر بولۇپ، بىر يېرىم مىليون ئادەمدىن ئايرىلغان) ئىلىنى كۆكەرتىپ 300 ـ 400 مىڭدىن ئوشۇق خەلقنى بېقىپ ئالۋان ـ ياساقلارنى تۆلەش ئاشۇ 8000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئۇستىگە يۈكلەنگەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىنىمىزنى مانجۇر ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن بۇيان بىر ئەسىر تىنچ ياشىغان بولسىمۇ ئامما بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ تارتمىغان ئازابى، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغانىدى. ئۇيغۇرلار ئىلىغا كەلگەندە ناھايىتى كەمبەغەل ئىدى. ئاز ۋاقىتلاردىن كېيىن بۇ ئەمگەكچان تىرىشچان خەلق تېزدىن كۆتۈرۈلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن مانجۇرلار قانۇنلۇق ئالىدىغان ھوسۇللارنىڭ سېلىقىنى تۈرلۈك باھانە سەۋەبلەر بىلەن ئۆستۈرىۋەردى. ئاخىرى بۇ ئالۋان ـ سېلىقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېيىدىغانغا ئوزۇقلۇق ئاشلىقلىرىمۇ قالماي،



ھالىدىن كەتتى. سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن تۇرمۇشى يەنىلا ئازراقلا ياخشىلىنىپ قالسا مۇستەبىت مانجۇر ھۆكۈمىتى سېلىقنى كۆپەيتىپ، يەنە ئىلگىرىكى ھالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى، چۈنكى بۇ ئەمگەكچى خەلقنى باي تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. بۇ بوزەك قۇللار دۇنياسى يالغۇز ئالۋان ـ ياساقنى تۆلەش بىلەنلا تىنچ بولمىدى. پۈتۈن ئىلى ئەتراپىدا ئەڭ ياخشى ئۆستەڭلەرنى چېپىش، سېپىل سوقۇش ئالۋاڭلىرى تا جۇڭخۇا مىنگوغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ دەلىلى شۇ ۋاقىتلاردا خەلق توقۇغان قوشاقلاردا ئىزھار قىلىنغانىدى.

## قوشاقلار

ئاق ئۆستەڭنى چاپسۇن دەپ جاڭجۇندىن چىقىپتۇ خەت،
بويرۇقنى ئېلىپ كەلدى توڭچى بەگ دېگەن ئەھمەد.
مىڭ بېشى يۈز ئۇيغۇرنى ئاق ئۆستەڭگە ئىشلەتتى،
بۇ ماكان زالىملارغا تاقەت قىلالماي زار يىغلاشتى.
ئۆستەڭ بېشىغا بېرىپ يەرنى چەم بۆلۈپ بەردى،
جانلارنى چىرىتىۋەتتى ئالۋان ـ سېلىقلارنىڭ دەردى.
ئۇقەت قىلالماي خەلق كېچە ـ كۈندۈز چاپتى ئۆستەڭنى،
خوتۇنلار ئەرلەرنى كۆرمەي بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭداشتى.
بىردەم چاپمىسا كەتمەن ئۇرۇپ ھېچ تۇرغىلى قويماس،
تومۇزدا چىدىماي ياخشىلار يارا باشنى تاتلاشتى.
ئۇرار خەلقنى ئىلدىم بول، ئىلدىم چاپ بىكار تۇرما،
دېمىنى ئالغىلى قويماس ئۇرۇپ خەلقنى قوغلاشتى.
ئۆستەڭ چاپمىغان خەقنى دالىيە ئۇرۇپ يانچار،
قامچىغا چىدىماي خەلق ئۆستەڭنى ياقىلاشتى.
شۇنچە ئىشلىسەك بىزگە بېرىدىغىنى دەشنەم،
قولىمىزدىن نىمە كەلسۇن كۆزدىن كەتمەيدۇ ياش ـ نەم.

ئالاتتى. ھەممە پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى بۇلارنىڭ ئىختىيارىدا بولغاچقا خەلقتىن خالىغانچە نەپقە ئالاتتى.

ھاكىمبەگنى نەسىپ گېنېرال قىلىش خاننىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئىلىدا ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت غۇلجا، قاش، نىلقا، بايتوقاي، تاشئۆستەڭ، بوربۇسۇن، قاينۇق، خونخاي، دادامتۇ، توققۇزتارا، ئاربۇز، سىن داۋان قاتارلىق 13 ئۆستەڭگە بۆلۈپ، ھەر ئۆستەڭنى بىر نەچچە يۈزگە، ھەر يۈزنى ئەللىككە، ئەللىكنى ئونغا بۆلگەنىدى.

مانجۇر ھۆكۈمىتى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرغانىدى:

قاينۇققا 600، قاشقا 500، بوربۇسۇنغا 1100، جىرغىلاڭغا 900، تاش داۋان، توققۇزتارلغا 400، بايتوقايغا 600، خونخايغا 800، دادامتۇغا 500، ئارئۆستەڭگە 600 ئائىلە بولۇپ، جەمئىي 6000 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ ئۆستەڭلەرنى ئىدارە قىلىشقا ھاكىمبەگدىن كېيىن ئىشىك ئاغابەگ ۋە باشقا ئۇششاق بەگلەر بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر نەپەر ھاكىمبەگ بىر نەپەر ئىشىك ئاغابەگ، ئىككى نەپەر خەزىنىچى بەگ، بىر نەپەر پاششاپ بەگ، 10 نەپەر مىڭبېگى، 80 نەپەر يۈز بېگى قاتارلىق بەگلىرى بولۇپ 115 نەپەرگە يېتەتتى. كونا بەگ باللىرىغا 5 ـ جۇڭزى دېگەن ئاتاق بېرىلگەنىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى بەگلىرىدىن باشقا ئەللىك بېشى، ئون بېشى، كۆك بېشى دېگەن تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلىرىمۇ بار ئىدى.

ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا دائىم خىزمەت قىلىپ تۇرغان 2 نەپەر ياساۋۇل، 8 پۈتۈكچى، 8 دورغا، 2 نەپەر ئوردا بېگى، 20 نەپەر نۆكەر بار ئىدى. ئىشىك ئاغابەگنىڭ خىزمەتچىلىرى يۇقىرىقىلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى ھەممە ئوردىدا يەنە 20 نەپەر ناغرىچى پىرقىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئالۋان ـ ياساق تۆلىمەيتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرى پۈتۈنلەي خەلقتىن قوشۇپ ئېلىناتتى. ھاكىمبەگنىڭ يالغۇز ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن غولىنىڭ سۈيىگە ۋە تېرىلغۇ يېرىگە ئېلىق ـ سېلىق تۆلىمەيتتى. ھاكىمبەگنىڭ دېھقانچىلىق ۋە



باشقا لازىمەتلىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان يۈز يانچىسى (مالىيى)، ئىشىك ئاغابەگنىڭ يۈز يانچىسى، خەزىنىچى بەگ ھەم شاڭ بېگلىرىنىڭمۇ ھەر بىرىنىڭ 25تىن مالاي ـ يانچىلىرى، يۈز بەگلەرنىڭ ئۈچتىن يانچىسى بار ئىدى. بۇ يانچىلار قۇتۇلماس قۇللار ئىدى. خەزىنىچى ھەم شاڭ بەگلەرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق يەر ـ سۇلىرى بار ئىدى.

بۇ ئىشلار يۈز يىلدىن ئۇشۇق داۋلم قىلىپ كەلدى. مانجۇرلار بېكىتىپ قويغان بۇ ئادەت كېيىنكى يىللاردا خەنزۇ، مانجۇرلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا بۇرۇنراق يوقالدى. موڭغۇللاردا بولسا بۇ ئادەت «مۇشقا» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى جۇڭخۇا مىنگودىمۇ يوقالماي، ئاخىرى 1933 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىنلا تامام يوقالدى.

ھەر ئۈچ يىلدا بېيجىڭغا بېرىپ، خانغا كۆرۈنۈش قىلىدىغان قانۇن بويىچە مۇساگۇڭ بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنگەندە خان ئۇنىڭدىن نېمە تەلىپىڭ بار دەپ سورىغان ئىكەن، مۇساگۇڭ خانغا ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ:

1. ئىلى ئۆلكىسىنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئۇيغۇرلارغا بەرسە؛

2. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ جامائەسى (مەدرىسى) يوق؛

3. ئۇيغۇرلاردا دىننى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان چوڭ ئاخۇن يوق.

خان ئۇنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ ، قوبۇل قىلغانىكەن. ئاخىرى ئىلىدىكى كونا يامۇل ئورنىنى ھاكىمبەگكە، شەنگەن يامۇل ئورنىنى ئىشىك ئاغابەگكە بېرىپ تەلىپىنى ئورۇنلىدى. ئاخۇنۇم ئۈچۈن تۇرپانغا كىشى يېزىپ، شاھ ھەسەن، ئەلەم ئاخۇن، نامزات كېرىمنى ئەلەم ئاخۇنلۇققا ئەكەلدۈرۈپ بەردى. مەدرىس ئۈچۈن خان كۆپ مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ ياساپ بەرگەن مەدرىسە ھازىرقى شەھەر ئىچىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدۇر. ئىلىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى كۆرۈپ ئوڭاي پۇل تاپقان خىتاي سودىگەرلىرى ئىلى ئۆلكىسىگە كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى. تەبىئىي بۇ يېڭى مېھمانلارنى تەمىنلەش ۋە ئۆتكەنكى ئۇرۇشلاردا خاراب بولغان ۋىلايەتنى قايتىدىن تۈزەش، يېڭى شەھەرلەرنى سېلىش مۇشكۇل ئىش ئىدى. ئىلى ھېسابسىز باي.ۋە

ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق ئىدى. مەزكۇر مانجۇر، سولون، چاخار، شىۋە ۋە موڭغۇل تائىپىلىرى پەقەت چېرىكلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەچكە باشقا ئىشلارغا پايدىسى يوق ئىدى. ئۇلارنى بېقىش ئىشىمۇ ھۆكۈمەت زىممىسىدا بولغاچقا بۇ ئېغىرچىلىقلارنى يېشىپ، ئىلىنى بىر ۋىلايەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەمچى ئۇيغۇرلار مۇتلەق زۆرۈر بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىيەنلۇڭ خان ئىمىنبەگ نامىغا ئالتىشەھەردىن دېھقانلارنى ئىلىغا كۆچۈپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

ئىمىنبەگ ئوغلى مۇساگۇڭنى 1779 ـ يىلى ئالتىشەھەرگە ئەۋەتىپ قەشقەر، يەكەن ، دولان، ئاقسۇ، خوتەن، كۇچا، تۇرپان ۋە كىرىيەلەردىن 6000 ئۆيلۈك (ئائىلىسى بار، بويتاق ئەمەس) دېھقاننى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى . بۇلارغا مەركىزى شەھەر قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئورنى بېرىلىپ غۇلجا شەھىرى بىنا قىلىنغانىدى.

ھۆكۈمەت ئىلىغا كۆچۈپ چىققانلارغا ئۆي، تۇتۇن بېشىغا بىر يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈك، بىر قوش كالىسى، 12 سىر كۈمۈش قاتارلىقلارنى قەرز ھېسابىغا بەردى.

كۆچمەنلەر ئىلىغا چىققاندا 40 مىڭدىن ئارتۇق مانجۇر تائىپىلىرى ۋە تاغ ئەتراپلىرىدا يۈرگەن ئۇيغۇرلار، قىزاي ئاتلىق قازاقلار ھەم بىر ئاز موڭغۇللار بار ئىدى. مەزكۇر مانجۇر تائىپىلىرى يەنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشى ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ چىققان ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي يۈكلەندى. بۇ 6000 ئائىلە ئۇيغۇرلار مانجۇرلارنىڭ دېھقان ھەم قۇلى ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئالۋاڭچىسى بولۇپ قالدى. بۇلارغىمۇ قورغاسقا تۇغلۇق تۆمۈر ۋاقتىدا ئالتىشەھەردىن ئېلىپ چىققان 100 ئۆيلۈك دېھقاننى ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىنى ئاتىماي، مالاي يەنى قۇللۇق مەنىسىنى بېرىدىغان «تارانچى» نامى قويۇلدى.

خىتايلارغا كەلسەك ئۇيغۇرىستان دېگەن تەييار نامىنى ئىشلەتمەي، «شىنجاڭ» (يېڭى يەر) دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى دۇنياغا مەشھۇر «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنى ئاتىماي «چەنتۇ» دەپ



ئىسىم قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا يۆگىگەنلىكىنى كەمسىندۇرۇپ ئاتىدى. خەنزۇلارنىڭ «خىتاي» دېگەن نامىغا كەلسەك بۇ ئەزەلدىن دۇنيا خەلقى ئاتايدىغان ئورتاق نامدۇر. ئەينى زامانلاردا خەنزۇلارغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيىش ئادەت بولغانلىقتىن ئۇلارنى «خىيدايى» (ئۇزۇن قارا چاپانلىقلار) دېگەن مەنىدە نەچچە مىڭلىغان يىللار بويان شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن نام ئىدى. مانجۇر ھۆكۈمىتى ئىلىغا چىققان ئۇيغۇرلارغا ھاكىمبەگ بىلەن مۇساگۇڭنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. مۇسا ئەسلى تۇرپانلىق بولۇپ، مەنسەپ تەگكەندىن كېيىن ئىنىسى ئورانزىپ باشلىق 20 ئائىلىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ، چۇلۇقاي يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى ۋە ئۇلارنى «ئۇششاق» ئۆزى شاخ (ئەركىبىن) دەپ ئاتىغانىدى.

ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىدارچىلىق ئىشى ھاكىمبەگ بىلەن زۇڭدۇدىن ئىبارەت ئاتاقلىق ئىككى ھۆكۈمەت مەمۇرىيىتىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى. ھاكىمبەگ سىلىق يىغىش، ئالۋان ـ ياساق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مۇتالىئە (شەرىئەت) ئىجراسىغا بېقىنىش، مۇپتى، قازى، ئەلەمگە ئوخشاش دىنىي باشلىقلارنى تەيىنلەش، قىسقىسى مۇسۇلمانلارغا ئائىت ئىشلارنىڭ ئىجراسىغا مەسئۇل ئىدى. زۇڭدۇ دىرىنلار ئىلىنىڭ باسقاق جاڭجۇنى چۈشۈرگەن ھۆكۈم ـ پەرمانلارنى ھاكىمبەگكە يەتكۈزۈپ، بۇ پەرمانلارنىڭ ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى ئۆزى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى.

ھاكىمبەگلەر خىزمەت ھەققىگە چيەنلۇڭ خاندىن ئاغچىسى بىلەن بىرلىكتە يىللىق ھەققى ئۈچۈن 1578 سىر ئاق كۈمۈش ئالاتتى. مەزكۇر كۈمۈشنى ھەر ئايغا بۆلگەندە ھاكىمبەگ 144.5سىر، ئاغچا 17سىر كۈمۈش ئالاتتى. بۇنىڭ سىرتىدا 12 ئون يەر (بىر ئون يەر 12 كىشىلىك بولۇپ، بىر كىشىلىك يەر 10 موغا تەڭ ئىدى) يەنى جەمئىي 8640 مو يەر ئالاتتى.

ئىشىك ئاغابەگ مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاغچىسى بىلەن يىلىغا 448 سىر ئاق كۈمۈش مائاش ئۈچۈن بېرىلىپ، ھەر ئايغا بۆلگەندە 23.5سەرلا ئاغچىسى ئۈچۈن 4 سەردىن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا 7 ئون يەر

ئىلىغا ئەسكەر بولۇپ چىققان سولون، دالغۇر، شىۋەلەر دەۋر سۈرۈۋاتقان مانجۇر سۇلالىسىنىڭ چىڭ يۈلىگى ھەم ئۇنىڭ تەختىگە سادىقەتمەن خەلقلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا سولونلار تاشكۆۋرۈك غولىنىڭ غەربىدىكى تۇرگۇن، بۇرجوجىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىۋەلەردىن 4045 جاننى يىغىۋېلىپ، كۆتەك ھارۋىلار بىلەن 1756 ـ يىلى ئۈچ يىلغىچە ھۆكۈمەت تەمىنلىشى بىلەن ئىلىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇلارغا ئىلىنىڭ سول ياقىسىدىكى مۇنبەت ھوسۇللۇق يەرلەرگە سەككىز سۇمۇل سالدۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى.

موڭغۇللار بولسا بۇرۇندىن ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئارۇن سۇمۇل (ئون سۇمۇل) دا بار ئىدى. دۆربىن سۇمۇل (تۆرت سۇمۇل) يەنى «شىبىر»لار بولسا، موڭغۇللارنىڭ تارىخىدا مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ: «بىر موڭغۇل موللىسى ئىلى ئەتراپىنى ئايلىنىپ شاگىرت يىغىدۇ. ئۇ توققۇزتارانىڭ شارغۇجا تەرىپىگە ئۆتكەندە ئۆلگەنلىكتىن «شىبىر» (شاگىرت، ئوقۇغۇچى)» دەپ ئاتالغان. زۇرغان سۇمۇل (يەتتە سۇمۇل) موڭغۇللىرى بولسا، رۇسىيە ، ئالمۇتا تەرەپلەردىن كەلگەنلەر ئىدى.

سولون، شىۋە، چاخار ۋە ئۆلۈت موڭغۇللىرىدىن تەركىب تاپقان مىللەتكە لەندىي (سى ئامبات ۋە يەنە كامىسكا) مەنسەپلىرى بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى. مانجۇرلارنى قوشقاندا بۇ بەش مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىنرەك ئۈستى ـ ئۈستىگە كېلىپ 57 مىڭ جانغا يەتكەنىدى. يۇقىرىقى تائىپىلارنىڭ ھەممىسى چېرىك ھېسابىدا كەلگەنلىكتىن دۆلەتنىڭ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساقلىرىدىن خالىي بولۇپ، بۇلارنى تويدۇرۇش، كىيىندۈرۈشمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مانجۇرلار دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرى ھېسابلىنىپ، سولون، چاخار، شىۋە، موڭغۇللاردىن دائىم قوشۇمچە چېرىك ئېلىنىپ تۇراتتى. چېرىكلەرنىڭ باشلىقلىرى تامامەن مانجۇرلاردىن قويۇلاتتى. سولون، شىۋە، چاخار ۋە موڭغۇللاردىن چېرىك ئېلىشنىڭ سەۋەبى رۇسىيە چېگراسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىدى. قورۇل (قاراۋۇل)لارنى ساقلاش ئىشى چېرىكلەرگە يۈكلەنگەن ئىدى. پۈتۈن ئىلى



ۋىلايىتىدىن تارتىپ، نارىنقول، سۇمبە ۋە چۆچەك چېگراسىغىچە 42 يەردە قورۇل بولۇپ، 33 دانە چېگرا بەلگە تېشى بار ئىدى. ھەربىر تائىپەنىڭ قاراۋۇلغا بىردىن زالىڭ ۋە ھەربىر قاراۋۇلغا بىردىن غالداي، بىردىن مۇئاۋىن غالداي ۋە سەككىز نەپەردىن چېرىك قويۇلغانىدى. ھەربىر تائىپەنىڭ قاراۋۇل باشلىقلىرىنى چارلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىر تەكشۈرگۈچى تەيىنلەنگەن بولۇپ، تەكشۈرگۈچىلەرگە سى ئامبال مەسئۇل ئىدى. شۇ مەزگىللەردە قۇرۇلغان قورۇل (قاراۋۇل) ۋە رۇسىيە بىلەن 1883 ـ يىلى بۆلۈنگەن چېگرالار تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

موڭغۇللارغا ساقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن چېگرا نارىنقولدىن سۇمبە ۋە چاپچال خونخاي مازىرىغىچە بولۇپ، بۇ يەردە 12 قاراۋۇل 17 تاش بەلگە بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىسىملىرى موڭغۇلچە بولۇپ، 1 ـ نارىنقول،2 ـ قاراسۇن، 3 ـ ماخاتولغا، 4 ـ ئىلىكسۇن، 5 ـ جىغان ئۇسۇن، 6 ـ دابان، 7 ـ قاپىيىڭ، 8 ـ جىغان ئىلىك، 9 ـ بورۇچكا، 10 ـ ماكچى، 11 ـ ئەنگىرتى، 12 ـ خونخاي مازار دەپ ئاتىلاتتى.

شىۋەلەرگە خونخاي مازاردىن ئىلى دەرياسىغىچە يەتتە قورۇل، سەككىز بەلگە تاش تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇلار: 1 ـ خونخاي مازار، 2 ـ تىكىلىخان، 3 ـ دولانۇ، 4 ـ ياغاچ قورۇل، 5 ـ تاشلانغان قورۇل، 6 ـ جىيەك، 7 ـ توخۇ قوراللاردىن ئىبارەت ئىدى.

سولونلارغا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىن قورغاس غولىنىڭ بېشىغىچە توققۇز قورۇل تەقسىم قىلىنغانىدى. چاخارلار قورغاس غولىنىڭ بېشىدىن چۆچەك چېگراسىغىچە بولغان 15 قورۇل ۋە سەككىز بەلگە تاشنى باقاتتى.

چېگرا بەلگە تاشلىرىغا نومۇر قويۇلغان بولۇپ، بەلگە تاشلارنىڭ ئارىلىقى غۇلاچ ئۆلچىمى بىلەن ھېسابلىناتتى. موڭغۇلكۈرە سومىدىن مازارغىچە 12 قورۇل بولۇپ خونخاي مازاردىن تىكىلىخان قورۇلۇغىچە چېگرا بەلگە تېشى بولمىغاچقا ئۇزۇنلۇقى ئۆلچەنمىگەن.

چىن مەمۇرلىرى ئىلىدا سېپىللارنى سوقتۇرۇپ، ئىچىگە شەھەر قۇرۇپ، ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، سۇ چىقىرىپ زىرائەت ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مىڭلىغان

نامىدىن مانجۇر ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ ئەسكەر ئەكىرىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

مانجۇر ھۆكۈمىتى تۇرپان ئەلچىلىكىگە ئالاھىدە زىياپەتلەرنى بېرىپ كۈتىۋالدى. ھەمدە چىڭنىڭ ئىلىغا ماڭغان چېرىكلىرىگە ئىمىنبەگنى مۇئاۋىن گېنىرال قىلىپ بېكىتىپ، ئەلچىلەرنى ياندۇرغانىدى. ئىمىنبەگ چىن چېرىكلىرىگە (مانجۇرلارغا) قوشۇمچە چېرىك قوشۇپ، تاغقا قاچقان جۇڭغار خانىنى تۇتۇۋېلىپ مانجۇر لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى جاۋ جاڭجۈنگە تاپشۇرۇپ بەردى.

1757 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ قوماندانى ئامۇرسىنا مانجۇرلارغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، چىڭنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ، تەشكىلى ۋە قورال جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي بىر نەچچە قېتىملىق جەڭدىلا تارمار بولدى. ئامۇرسىنا ئاخىرى رۇس يېرىگە قېچىپ بېرىپ، توبىبولسكى شەھىرىدە ۋاپات بولدى. چىن گېنېرالى جاۋ خۈي جۇڭغارلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. چىن ھۆكۈمرانلىرى شۇ زاماندا جۇڭغارىيەنىڭ تىنچ ئاھالىسىدىن بىر يېرىم مىليون ئادەمنى ۋەھشىيلەرچە قىرىۋەتتى. جۇڭغارلار قىرىلغاندىن كېيىن بوش قالغان يەرلەر كۆپەيدى. بۇ زېمىننىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى مانجۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كۆچۈرۈپ چىققان ئادەملىرىگە بەردى. جۇڭغارلارنىڭ يايلاقلىرىنى چىن مەمۇرلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قازاقلار ئىگەللىدى. ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن ئەڭ ياخشى يەرلەرگە ئىچكىرىدىن كۆچۈپ چىققانلار ئولتۇراقلاشتى. جۇڭغارلارنىڭ مەركىزى بولغان ئىلى تەۋەسى بىر ۋىلايەت بولۇپ قالدى.

ئىمىنبەگنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇكاپات تەرىقىسىدە «ۋاڭ» لىق ئۇنۋانى ئاتا قىلىندى. خەلقلەر ئىمىن بەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ مەنسەپ بالىدىن ـ بالىغا قېلىش شەرتى بىلەن ئىمىنبەگ چىن چېرىكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەرگىچە ھەممە شەھەرلەرنى پەتھ قىلىپ، مانجۇرلارغا ئېلىپ بەردى. بۇ 1757 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىنبەگنىڭ نەسلى تا شۇ كەمگىچە ۋاڭلىق، ھاكىملىق



دەرىجىدە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ ۋاقىتلاردا بىرەر يەرگە ھاكىم تەيىنلىمەكچى بولسا مۇتلەق ئىمىنبەگنىڭ نەسلىدىن قويۇلۇشى مانجۇر ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى ئىدى. لېكىن كېيىنرەك جاھانگىر غوجىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىگە مۇكاپات تەرىقىسىدە بۇ مەنسەپ يەنە ئالتىشەھەرلىك ئىسھاق دېگەن كىشىگە سوغا قىلىپ بېرىلدى.

## ئىلىدا مانجۇر تائىپىلىرى ۋە ئۇيغۇرلار

چىن ئەسكەرلىرى موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىپ جۇڭغارىيەنى قورغىنىمىز دەپ ھېسابلىغاندىن كېيىن ئاياغلىرىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇر ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە دەررۇ جاڭجۈن (باسقاق) تەيىن قىلدى. 1762 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، سانغۇن مىڭرىي تۇنجى ئىلى جاڭجۈنلىكىگە تەيىنلەندى ۋە چيەنلۇڭ خان بۇ يەرنىڭ ھەممە ئىختىيارىنى ئاشۇ جاڭجۈنگە تاپشۇردى. جاڭجۈن ئىلى دەرياسى بويىغا كونا كۈرە (خۈييۈەن) ناملىق ئۆزىگە مەخسۇس قورغان سالدۇردى ھەمدە غۇلجىغا يېقىن بايانداي دېگەن يەرگە يەنە بىر «خۈي ئەن چىڭ» ناملىق بىر قورغانلىق شەھەر سالدۇرۇپ، مانجۇرلارنى ئولتۇرغۇزدى.

چيەنلۇڭ خاننىڭ 28 ـ يىلى ئىلىنىڭ باشلىقى جاڭجۈن ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەمدە ھۆكۈمەتنى يۆلەش يۈزىسىدىن مانجۇرلار ئۇدۇمىغا مەنسۇپ شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ، خىلوڭجياڭ، جىلىن ئۆلكىلىرىدىن مانجۇرلاردىن ئەسكەرلىك ئۈچۈن 8000 نەپەر، سولۇن ـ داغۇرلاردىن 1000 نەپەر، شىۋەلەردىن 1000 نەپەر، چاخارلاردىن 1000 نەپەر، ئۆلۈت (موڭغۇللار)دىن 1000 نەپەر بولۇپ بەش مىللەتتىن جەمئىي 12000 نەپەر ئەسكەر ئالدۇردى. (ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي كۆچۈپ كەلگەنلەر بۇ ھېسابقا كىرمەيدۇ).

ئىچكى ۋە تاشقى مەزھەپ ئۇرۇشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن مانجۇر، موڭغۇل باسمىچىلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى.

ئەسلىدە بۇ قانلىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرىنىڭ بېشى مۇنداق باشلانغان: XV - ئەسىرنىڭ يېرىمىدا مەختۇم ئەزەم دېگەن بىر غوجا يەكەن خانلىقىغا كېلىدۇ. باش - ئايىغى ئۈزۈلمەي بولۇۋاتقان ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن ئالتەشەھەر خەلقىگە ماددىي، مەنىۋى ئەمىنلىك بەك زۆرۈر ئىدى. مۇنداق ئەمىنلىككە تەشنا بولىۋاتقان مەزگىلدە كېلىپ قالغان بۇ غوجىنى ئالتەشەھەر خەلقى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىدۇ. بۇ زات ئالتەشەھەرلىكلەرگە ناھايىتى كۆپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرگەندىن كېيىن ۋاپات بولغانىدى. ئۇ غوجامدىن كېيىن ئىمام كالان، ئىسھاق ۋەلى دېگەن ئىككى ئوغلى غوجىلىق مەنسىپىنى تالىشىپ، ئالتەشەھەر خەلقىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىدۇ. بىرى دۆلەتنى سىياسىي يول بىلەن باشقۇرىمىز دېسە، يەنە بىرى ئىسلام دىنى بىلەن باشقۇرىمىز دەپ ئىككى مەزھەپ پەيدا قىلىدۇ. ئىمام كالان مەزھىپى: «ئىشقىيە »، ئىسھاق ۋەلى مەزھىپى: «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتىلىپ ئىشقىيە تەرەپدارلىرى «ئاق تۇغ»، ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى «قارا تاغ» لىقلار، ئىشقىيە تەرەپدارلىرى «ئاق تۇغ»، ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى «قارا تۇغ» بولۇپ، ئۆز - ئارا ئۇرىشىدۇ. بۇ ئۇرۇشلار ئىككى ئەسىرگىچە سوزۇلۇپ بۇ بىر تۇغقان ئىككى قېرىنداشنىڭ سەۋەبىدىن ئۇيغۇر باللىرىنىڭ قانلىرى دەريا - دەريا بولۇپ ئېقىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈپ بىرلىكتىن ئايرىلىدۇ (ئاپپاق غوجىنىڭ ئۆزىمۇ ئاق تۇغلۇقلاردىن ئىدى).

غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ مەزھەپ ئۇرۇشلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ئالتەشەھەرنى پۈتمەس - تۈگىمەس بالا - قازا غارىغا سولاپ قويغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مانجۇرلار بىلەن جۇڭغارلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئېيتقۇسىز ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچراتقانىدى. ئىلگىرى مۇستەقىل، كۈچلۈك دۆلەت ئىگىسى بولۇپ، شۆھرەت تاپقان ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئاخىرى موڭغۇللاردىن قۇتۇلۇپ مانجۇرلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى.



ئالتەشەھەرلىكلەر ئۆز - ئارا سوقۇشۇۋاتقاندا مانجۇر سۇلالىسى كۈچىيىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارغا ئاياق بېسىشنىڭ باشلانغۇچى قىلىپ، قۇمۇل بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، 1712 - يىلدىن 1718 - يىللىرىغىچە قارا شەھەرگە قەدەر بېسىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا غالداننىڭ نەسلى تۈگەپ، موڭغۇل بەگلەر ئارىسىدا ھەركىم ئۆز ئالدىغا خان بولۇشنى تالاشماقتا ئىدى. جۇڭغارىيەگە خان بولغۇسى كەلگەن ئامۇرسانا دېگەن كىشى ئىچكى پىتنە - پاساتلاردىن پايدىلىنىپ، 1754 - يىلى مانجۇرلاردىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. غالدان پوچۇق زامانىسىدىن بېرى جۇڭغارىيەگە ئاياق باسالماي كېلىۋاتقان مانجۇرلار بۇ تەكلىپنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ئەسكەر كىرگۈزدى.

ئامۇرسانا يامان نىيىتىنى ئىشقا سېلىپ «مانجۇر سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنى بېسىۋېلىشقا ئەسكەر كىرگۈزدى» دەپ ئۆزى چاقىرىپ كەلگەن مانجۇر ئەسكەرلىرى بىلەن ئاق تۇغلۇق، قارا تۇغلۇقلارنى قورقۇتماقچى بولغانىدى. بۇ چاغدا ئاق تۇغلۇق غوجىلاردىن بۇرھانىدىن خان غوجا قارا تۇغلۇقلارنى يېڭىپ، ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرلارغا خان بولدى. لېكىن بۇ خانلىقنىڭ داۋامى ئۇزاققا بارماستىن ھىلىگەر ئامۇرسانانىڭ چاقىرىپ كەلگەن مانجۇر ئەسكەرلىرى جۇڭغارلىقلارنىڭ بېشىغا مىندى. بۇنى كۆرگەن ئامۇرسانا چىن تۆرىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى بىلىپ كۈچ توپلاپ، مانجۇرلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىن گەنسۇغىچە قوغلاپ چىقاردى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. جۇڭغارلار شۇنىڭغا نارازىلىق قىلىپ تۇرپان شەھىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كۆپ زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ چاغدا تۇرپان ھاكىمى ئىمىن بەگ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئاپپاق غوجا ئەۋلادلىرىدىن ياردەم سورىغانىدى، بىراق غوجا نەسلىنىڭ مەزھەپ ئۇرۇشى تېخىچە داۋاملاشقانلىقتىن ئىمىن بەگنىڭ مۇراجىتى ئىلتىپاتقا ئېلىنمىدى. موڭغۇللارنىڭ زالىملىغىدىن، بۇلاڭ - تالاڭلاردىن زەربە يېگەن ئىمىنبەگ چارىسىزلىقتىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرى

80 - XVII - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. يىللىرىغا كەلگەندە غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكەپ كەلدى. غالدان ئىلى تەۋەسىنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن ئالتەشەھەرنى بېسىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ يەردە ئۆتكەنكى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان ئىسمائىل خانغا كۆچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئامالسىز قالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئىسمائىل خان بىلەن خانلىق تالىشىپ كېلىۋاتقان مەھدۇم ئەزەم ئەۋلادىدىن بولغان ھىدايەتۇللا (ئاپپاق) غوجمۇ ئىسمائىل خانغا ئۆزى تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ دالاي لامادىن ياردەم سورايدۇ. دالاي لاما ئۇنىڭغا ئاپپاق دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خاقانى غالدانغا تونۇشتۇرۇپ يولغا سالىدۇ. ئۇ ئالتەشەھەردە ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچى مۇرىتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ، غالداندىن ياردەم بولسىلا ئالتەشەھەرنى ئوڭايلا قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. غالدان بىر يىل پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن يەكەن خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن تورپان، توقسۇنلارنى ئېلىپ، ئاندىن ئاپپاق غوجىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنى ئوڭايلا قولغا ئالىدۇ. ئىسمائىل خاننى ئەسىرگە ئېلىپ ئىلىغا پالاپ ئەكەلگەندىن كېيىن يوق قىلىدۇ. غالدان ئالتەشەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئاپپاق غوجىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن مۇكاپات بېرىپ، ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاپپاق غوجا غالدان بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى ماتا، چەكمەن ۋە پاختىلار ئىلىغا چىقىرىلىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ماتا ناھايىتى ئەتىۋارلىق تاۋار سانىلاتتى. شۇڭا بىر ماتا بىر ئۆچكىگە توختام قىلىناتتى. جۇڭغارلار ھەممە چوڭ شەھەرلەرگە ئۆز ئادەملىرىدىن نازارەتچى قويۇپ، غوجىلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاپپاق غوجىنىڭ جۇڭغارلارغا بولغان ئىخلاسى تۈگىگەنىدى .



جۇڭغارلار ھازىرقى قاينۇق يېزىسىغا يېقىن ئورۇننى پايتەخت قىلغان بولۇپ، ئەنە شۇ ئەسىرلەردىن قالغان ئوردىنىڭ كونا تاملىرى تېخىچە بار. چاغاتاي باللىرىنىڭ ئوردىلىرىمۇ مۇشۇ ئورۇندا ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىنمايدۇ. «قاينۇق»، «خانلىق» ياكى «خانبالىق» دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. «بالىغ» - ئۇيغۇرچە شەھەر دېمەكتۇر.

ئاپپاق غوجا ۋاپات بولغاندا غالدانمۇ ۋاپات بولغان ئىدى. كېيىن بۇ ئىككى ئوردا بىر يولى دېگىدەك ۋارىسلارنىڭ قولىغا قالدى. شۇ مەزگىلدە ئاپپاق غوجىنىڭ رەقىبى بولغان كاسانى غوجا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، «ئاپپاق غوجىنىڭ باللىرى جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭغا ھازىرلىنىۋاتىدۇ» دەپ چېقىشتۇرىدۇ .جۇڭغارلارنىڭ قەشقەرگە قويغان نازارەتچىلىرى بۇ ئەھۋالنى يۇقۇرىغا مەلۇم قىلغاندا، بۇنىڭدىن موڭغۇللار شۈبھىلىنىپ، غوجىلاردىن ئىلىغا چۈشىدىغان ھەمراھ سورايدۇ ۋە ئاپپاق غوجىنىڭ ئەھمەت دېگەن تۆرىسىنى ھەمراھ قىلىپ، ئىلىغا ئېلىپ كېلىپ يوق قىلىدۇ.

جۇڭغارلار زامانىسىدا ھازىرقى قاينۇققا يېقىن يەردە شەھەر غوجا (شەرۋاغ) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ «تاغلىق» دېگەن كېلىشكەن بىر شەھىرى بار ئىدى. باشلىغى مۇھەممەت ئىمىن خان دېگەن كىشى ئىدى، ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئۆز - ئارا تالاش تارتىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ مۇناسى، جۇپتالاسى، ماڭلاي سۇبۇغ، ماڭلاي چۇ دېگەن يەرلەردە بىر ئايغا قەدەر ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى جۇڭغارلار بىلەن تەڭ كېلەلمەي، كۆكنەك - ھازىرقى تەلەمەت داۋانىدا ئېشىپ كۇچاغا كەتتى. كۇچا خانى ئابدۇكېرىمبەگ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ 1000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن 1000 دانە ئېگەرلىك ئات ئەۋەتكەنىدى. قالماق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆتكەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن ئىلاجىسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئۇيغۇرلار ئالتەشەھەرنى چاغاتاي تۇخۇمىدىن قايتۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرەلمىدى. XVII - ئەسىرگىچە ئۈزلۈكسىز

«ئالتۇنلۇق» دېگەن نامنى ئۇلۇغلاپ قويغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خۇنخايدىكى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ قەبرىسىنى ئۇلۇغلاپ «ئالتۇنلۇق» دېيىشى شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مەملىكەتنى كېڭەيتىش يولىدا جەسۇر، غەيرەتلىك خان ئىدى. ئۇ 1360 - يىلى ئالتىشەھەرنى قولىغا ئالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قولىغا كىرگۈزگەن يەرلىرىنىڭ ئاۋات، مەمۇرچىلىق بولۇشىغا تىرىشاتتى. ئۇ ئوغلى ئىلياس غوجىنى سەمەرقەنتتە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىلىدا تۇرغان چېغىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قەبرىسى قورغاس - بورۇنقى «ئالمىلىق» شەھىرىگە قويۇلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىلياس غوجا بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئوتتۇرىسىدا خانلىق تالىشىش ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئىلياس غوجا يېڭىلىپ ئىلىغا قايتىپ كەلدى. ئەمىر تۆمۈر ئىلياس غوجىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ تەختى بولغان «كۆك تاش»قا كوراگان (كۈيئوغۇل) نامىنى ئېلىپ قايتتى. ئەمىر تۆمۈر بۇ سەپەردە ئۇلۇغ يۇلتۇزغا بارغانىدى، كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن ئارقىغا قايتىپ كەتتى.

ئىلياس غوجىدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر غوجا خان بولدى. خىزىر غوجا تۇرپان، قۇمۇل ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش يولىدا قاتتىق جەڭ قىلدى ۋە ئاخىرى شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە شېھىت بولدى. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ تۇرپاندادۇر. خىزىر غوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن 1401 - يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئوغلى شەيخ جاھان (شاھى جاھان) خان بولدى. 1408 - يىلى خىزىر غوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شىرمۇھەممەد خان بولدى. يېقىنقى زامانلاردىلا يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاچىنۇقا دېگەن يېرىدە بۇ خاننىڭ نامىغا سوقۇلغان تەڭگىلەر تېپىلغان. شەيخ جاھان خاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى نەقشى جاھان خان بولدى. نەقشى جاھاندىن كېيىن شىرئەلى خان، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان خان بولدى. ئۇۋەيسخاننىڭ زامانىسىدا قالماقلار موغۇلىستانغىچە ھۇجۇم قىلىپ، ئىلى رايونىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولغانىدى.



ئۇۋەيسخاننىڭ ئېسەن بۇغا، يۇنۇسخان دېگەن ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇۋەيسخاننىڭ قەبرىسى غۇلجىدىن 80 چاقىرىم شەرقتىكى ئابرال تېغىنىڭ ئالدىدىكى «سۇلتان ئۇۋەيس(سۇلتانۇۋەيس)» دېگەن مەھەللىدىدۇر. ئامما بۇ تەرەپتىكى خەلقلەر بۇ قەبرىنى ھىجاز ۋىلايىتىدىكى رەھمەتۇللا ئەلەيھەنىڭ قەبرىسى دەپ بىلىدۇ.

ئۇۋەيسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى ئوغلى خانلىق تالاشقانىدى. ئېسەن بۇغا خانلىققا ئولتۇردى. ئۇ 1438 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى كىپەك (ئەھمەد)خان بولدى. يۇنۇسخان 1472 - يىلى ئەھمەد سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولدى.

## ئىلىدا جۇڭغار خانلىقى دەۋرى

جۇڭغار خانلىقى ئويرات مۇڭغۇللىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئويرات قەبىلىلەر ئىتتىپاقى جۇڭغار، دۆربەت، تورغۇت، خوشۇت قاتارلىق تۆرت چوڭ قەبىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. XVII - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە، قارا قۇللا باشچىلىقىدىكى جۇڭغار قەبىلىسى پەيدىن-پەي كۈچىيىپ، ئويرات قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ھۆكۈمران قەبىلىگە ئايلاندى. 1635 - يىلى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەيشىسى قارا قۇللا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى باتۇر قۇنتەيجى ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئاساس سېلىنغان بولۇپ، 1640 - يىلى تارباغاتايدا ئويرات ۋە خالخا مۇڭغۇللىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلىپ، موڭغۇل ئويرات قانۇنى ماقۇللاندى. بۇ قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى جۇڭغار خانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلدى. 1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سېڭگې ۋارىسلىق قىلدى. بىراق سېڭگې 1670 - يىلى ئىچكى ئىختىلاپلاردا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى غالدان تەختكە چىققاندىن باشلاپ جۇڭغار خانلىقى قۇدرەت تېپىپ،

چاغاتاي خانلىغى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ماھمۇد، مەسئۇد، ئالغۇي، ئىسەن بۇغا، تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئىلياسخان، خىزىر غوجا، شەيخ جاھان، شىرمۇھەممەت، شىرئەلىخان، يۇنۇسخان، ھاسان بۇغا، يۇسۇپخان، مۇھەممەت سۇلتان، سۇلتان ئەخمەت، ئاجىخان قاتارلىق ئون ئالتە خان ھۆكۈم سۈردى.

1262 ـ يىللىرىدا ئارىق بۇغا، ئالغۇيلار ئىلىدا قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. ئەنە شۇنداق ئۆز ـ ئارا ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خانلار پات ـ پات ئالمىشىپ تۇرغاچقا قىسقا ۋاقىتتىلا يىگىرمىگە يېقىن خان ئۆتتى. شۇ سەۋەپتىن قەشقەرىيەدە چاغاتاي تۇخۇمىدىن خان ئۇرۇقى قالمىدى. ئاخىرى شۇ مەزگىلدىكى تۆرىلەر بۇخارادىن غوجا مەخلىك ئىسەن بۇغا دېگەن چېچەن ئوغلىنى ئالدۇرۇپ، ئۇيغۇرستانغا خان قىلىپ تىكلىدى. ئېسەن بۇغىنىڭ توقال خوتۇنى مىخلىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسىملىك بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ بالا ئانىسى بىلەن قەشقەردىن ئىلىغا قوغلىنىۋېتىلىدۇ. سەۋەبى ئېسەن بۇغىنىڭ چوڭ خوتۇنى ساتىلمىشنىڭ كۈندەشلىكىدىن بولغانىدى.

بەزى گەپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلىغا چىقىپ بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن «ئالمىلىق» شەھەر ئوردىسىدىكى سۇۋانغا ئىلتىماس قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىدا تامامەن سۈت، قايماق، ئايران بار ئىكەن، نان بولسا كام ئىكەن، بىز مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرەمدۇق». بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇۋان ئالتىشەھەردىن 100ئۆيلۈك كىشىنى بالا ـ چاقىسى بىلەن كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارغا قورغاسنىڭ كېگەن غولىدىن بىر غول سۇ بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. جەنۇبتىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى موڭغۇللار ئۆز مىللىي ئىسمى بىلەن ئاتىماي ئىش نامى بىلەن ئاتاپ «تارانچى» دېگەن ، موڭغۇللار بوغداينى «تارىن» دېگەچكە «تارانچى» دېگەن نام شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ قالغانىدى.

بۇ دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسىللىرىگە تەڭرى تاغلىرى ئىچىگە ئورۇنلىشىپ قالغان كۆچمەن ئايماقلار تىنچلىق بەرمەي ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈگمەس ـ پۈتمەس دەرتتالاشلارىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكسىز



ھوجۇملارنى قىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بىرلىكى پارچىلىنىپ، تالان ـ تاراجغا ئۇچرايدۇ . ھەممە ئۆز ئارا چىقىشالماي ئۇششاق نىزاھلار بىلەن ۋەيران بولۇشقا باشلايدۇ.

## ئىلىدا تۇغلۇق تۆمۈز خان دەۋرى

قەشقەرىيەدە ئېسەن بۇغا خاننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرستان يەنە خانسىز قالدى. ئېسەن بۇغىنىڭ تۆرىلىرىدىن ئەمىر بۇلاجى 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىلىغا خان قىلىپ كۆتەردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز ئوردىسىدىكى رەشىد باغدادى دېگەن زاتنىڭ تەكلىپى بىلەن 160 مىڭ موڭغۇلغا باش بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. ئىسەن بۇغا تۆرىلىرىدىن جوراسى دەسلەپتە قارشى چىققان بولسىمۇ ئاخىرى ئۆزىمۇ مۇسۇلمان بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدا 160 مىڭ موڭغۇل ئىسلامنى قوبۇل قىلغانىدا يېڭى مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن باشلىرىدىكى نىشانە بولغان تەلپەكلىرىنى دەرياغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ توسۇلۇپ دەريا ياقىسىدىكى كۆرە شەھىرى ئامان قالغانلىقتىن ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار «ئىلاھا» دەپ ۋاقىرىغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىلاھا» بۇ سۇغا نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 160مىڭ موڭغۇل بىلەن مۇسۇلمان بولغانلىقى راست، قالغىنى غەلىتە سۆزلەردۇر.

«ئىلى» نامىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى تەكشۈرسەك ئەسلىدە ئۇ «ئىلى» ـ «ئىللىق» دېگەن سۆزلەردىن ئېلىنغاندۇر. ئۇيغۇرلار ئۇنى كۆزگە يېقىملىق ۋە خوش كۆرۈنۈشلۈك مەنىلەردە يۈرگۈزگەن. دېمەك «ئىلى» ـ ئىللىق دېگەن مەنىدە ئېلىنغانلىقى ناھايىتى توغرىدۇر.

خەنزۇ ئالىمى ۋاڭ فامىلىلىك كىشى بىلەن بىرمۇنچە ۋاقىت بىللە بولغانىدىم. ئۇ «ئىلى» دېگەن نام خەنزۇ تارىخلىرىدا يوق. موڭغۇلچە ئىسىم بولسا كېرەك دېگەن جاۋابنى بەرگەنىدى. موڭغۇللار ئىلىنى «جىلڭ» دېيىشىدۇ. بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار ھەم موڭغۇللار مەشھۇر ئادەملەرنىڭ قەبرىسىگە

# تارىخىمىز ھەققىدە ئۇمۇمىي بايان

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز زامانىمىزدىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بۈيۈك بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەرنى، خانلىقلارنى، ھەمدە سۇلالىلەرنى قۇرۇپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. مىللىتىمىز دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلىغى، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىغى تەركىبىدە ياشىغان. كېيىن ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىغى، قارا خانىلار سۇلالىسى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىغى، يەكەن سەئىدىيە خانلىغى قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە قارا خانىلار سۇلالىسى تەۋەلىگىدىكى بارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمانلاشقان ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە پۇختا ئاساس سالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى قارا خانىلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخى جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى قەبىلىلەر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مۇسۇلمانلىشىشىدا تارىخى خاراكتېرلىق تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قارا خانىلار سۇلالىسىدىكى خانلار ئىچىدە مەملىكەت باشقۇرۇشتا ماھىر كىشى بولغان. ئۇ قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. ھازىر ئۇ خاننىڭ جەسەتى ئارتۇشتا.

XI ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ XII ـ ئەسىرنىڭ 12 ـ يىللىرىغىچە يەنى قاراخانىلار باشقۇرۇپ كەلگەن مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل چوڭ دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا شۇ دەۋرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يېڭى باشتىن تىكلەنگەن ھەم گۈللەنگەن دەۋرى دېيىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «قۇتادغۇ بىلىك»داستانى ئەنە شۇ



دەۋرىدە يېزىلىپ، شۇ زامانىدىكى شەرقىي قارا خانىلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئۇبۇلھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان. قاراخانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم ماھمۇت قەشقەريي تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى»دۇر. ئالىم بۇ ئەسەرنى 1075 ـ يىلى شۇ دەۋردىكى ئەرەپ خەلىپىسى مۇقتەدىرغا تەقدىم قىلغان.

## چىڭگىزخاننىڭ بېسىپ كىرىشى

1228 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى كەلكۈن سۈدەك شىددەت بىلەن شىمالىي خىتاي (جورجىتلار)، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ھىندىستان ۋە روسىيەنى بېسىپ، ياۋروپاغا ئۆتتى. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى موڭغۇللار بىلەن كېلىشىم تۈزگەنىدى.

چىڭگىزخان دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ، تۆرت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇ دەشتى قىپچاق دالاسىنى، يەنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكنى چوڭ ئوغلى جۇجىغا، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، تالاس دەرياسى ئەتراپى ھەمدە قەشقەر ۋە ماۋرائۇننەھرى قاتارلىق جايلارنى2 ـ ئوغلى چاغاتايغا مەرھەمەت قىلدى. چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئۆگدايخان بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالى قىسمى، يەنى ئىمىل دەرياسى، تارباغاتاي، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇنگۇ دەرياسى قاتارلىق رايونلارغا ئىگە بولدى. كەنجە ئوغۇل تولىغا بولسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان توغلا دەرياسى، ئونون دەرياسى بىلەن قورۇلون دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى يەرلەر تەگدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ XIV ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە ئۇيغۇر ئېلى چىڭگىزخان نەسلىنىڭ قولىدىن ـ قولىغا ئۆتۈپ، تىنچلىق تاپمىدى. خانلارنىڭ ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئېلى چوڭ كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپ خاراب بولدى.

## سۆز بېشى

بىزنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تارىخىمىزدا تارىخچىلارنىڭ يۇرتىمىز ئىلى تارىخىنى يېزىپ مەيدانغا كەلتۈرگەنلىرى كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ن. ن. پانتۇسوۋنىڭ ئەسەرلىرى، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق كىتابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ (ئۇيغۇر ئوغلى)نىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى» ناملىق ئەسىرى بېسىلىپ تارقالغان بولسىمۇ ھۆكۈمران مۇستەبىتلەرنىڭ سىياسىي بېسىمى بىلەن خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالمىغان ئىدى.

ئىلىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى ھەمدە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆتكەن زاماندا قانداق بولغانلىقىدىن ئوچۇق مەلۇمات بېرەلەيدىغان بىرەر ئەسەر رويابقا چىقمىغاچقا، بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىلىدىغان قېرىنداشلىرىمىز يوق دېيەرلىك. تارىخنى بىلىدىغانلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بولسا ئېغىزدىن - ئېغىزغا، بالىدىن - بالىغا ئۆتۈپ، يوق بولۇپ كېتىشى تەبىئىي. مانا شۇ ۋەجىدىن بۇ يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە، 1923 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى يىغىپ، رەتلەپ بۇ «ئىلى تارىخى»نى موشۇ ھالغا كەلتۈردۈم. ئەينى ۋاقىتتا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن بۇ ئەسەرنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلمەي كەلگەنىدىم. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بىر نەچچە يىل ئۆمرۈمنى سەرىپ قىلىپ يىغقان بۇ تارىخى ئەسەرنى بىر كۈن بولسىمۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇرۇنىراق ئوقۇپ، ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - پاتىھە قىلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ تارىخنى يېزىش ئۈچۈن موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ «ئىلى تارانچى تارىخى»دىن، ن.ن. پانتۇسوۋنىڭ رۇسچە ئەسەرلىرىدىن، مانجۇر، سولۇن، شىۋەلەر تارىخى، «كۆچ - كۆچ» تارىخى ۋە موڭغۇلچە «موڭغۇل لامالار تەزكىرىسى»، ئىمىن ۋاڭ، مۇسا گۆڭلارنىڭ تارىخىدىن پايدىلاندىم. بۇ ئەسەرىمدە گەرچە



كامچىلىق - نۇقسانلار كۆپ بولسىمۇ، قۇرۇق قاراپ تۇرغاندىن كۆرە كەلگۈسىدىكى تارىخچىلىرىمىزغا يارىمى تېگىپ قالار، دېگەن نىيەتتە ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇردۇم.

**ئىمىنجان باھاۋۇدۇن.**

**1948 - يىلى، 28 - فېۋرال، غۇلجا**

بوۋلم ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشتا كۆپ ئىزدىنىپ، 22 يىللىق ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ «ئىلى تارىخى»نى يېزىپ چىققان. «ئىلى تارىخى» ئەسىرىنى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلى ئابدۇرېشىت ئىمىنغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن بۇ تارىخنى موشۇ يەردە توختاتتىم. 22 يىللىق ئۆمرىمنى سەرپ قىلىپ ئىشلىگەن بۇ كىتاپنى مېنىڭ ئورنىمدا رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىم جانابىلىرىغا تەغدىم قىلارسەن» دېگەن ئىكەن. دادام ئابدۇرېشىت ئىمىن بوۋامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قولىيازمىنى قايتىدىن كۆچۈرۈپ ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرىدۇ. بوۋلم ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسىنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى ئىمىرئاخۇن باھاۋۇدۇنىنىڭ ئۆيىدىن يۇسۇپبەگ مۇخلىسى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئىككى قولىيازمىلار ئۇرۇمچىدىكى ئەسەر-ئەتىقىلەرنى ساقلاش مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۇنىڭدىن باشقا «ئىسلام ئۆلۇمالىرى»، «ئىسلام خەلىپىلىرى»، «ئىسلام تارىخى» ئوخشاش تارىخى ماۋزۇلاردا ئەسەرلەر يازغان. 40-يىلى ئىلى دىيارىنىڭ مەتبۇئات ۋە مەتبەئە ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن كىتاپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان. شۇ سەۋەپلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالىتىدە قالغان ۋە بەزىلىرى بولسا ژۇرناللاردا نەشر قىلىنغان.

بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىپ توپلاش ئىشىدا كۆپ ئەمگەك قىلغان. بۇ توغرىسىدا «شىنجاڭ ئەدەبىيات سەنئىتى» ژۇرنالى 1957-يىلى 10-سانىدا «...ئىمىنجان ئاكا 3000دىن ئوشۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىزگە تەغدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئېگە بولالمىغان ئىدى. بىز ژۇرنالىمىزنىڭ موشۇ سانىدىن باشلاپ مەرھۇم ئىمىنجان ئاكا تەرىپىدىن توپلانغان ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن تېخى مەتبۇئات يۈزىدە چىقمىغانلىرىنى تاللاپ، داۋاملىق تونۇشتۇرىمىز» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 11-12-سانلىرىدا ۋە «تارىم» ژۇرنالىنىڭ 1958-يىلى 1-2-سانلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان.



بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ «ئىلى تارىخى» ئەسىرى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرى»، «ئىلى چاغاتاي دەۋرى»، «ئىلى جوڭغار خانلىقى دەۋرى»، «ئىلى مانجۇر خانلىقى دەۋرى»، «ئىلى سۇلتانلىقى دەۋرى»، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى» قاتارلىق بىر قانچە قىسىملاردىن ئىبارەت.

مانا بۇ قولىڭىزدىكى بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتاۋى بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. موشۇ نەشر قىلىشتا بىزگە ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە ياردەم كۆرسەتكەن قېرىنداشلىرىمغا، دوستلارغا چىن يۈرەكتىن رەخمەت ئېيتىمەن.

ئەكبەرجان ئابدۇرېشىت ئوغلى باھاۋۇدۇنوۋ،
پەلسەپە پەنلىرىنىڭ نامزاتى

شۇنىڭدىن كېيىن قول يازمىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. شۇ جەريانىدا كىچىك دادام ئابدۇشۈكۈر ئىمىن بوۋلم توغرىسىدا بىر نەچچە ماقالىلارنى يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1897 ـ يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە مەرىپەتچى، بىلىملىك، دىنىي زات باھاۋۇدۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپ غۇلجا شەھرىدىكى «تائالىيە» مەكتىۋىدە ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ (1868 ـ 1960) قولىدا، كېيىن ناغىرچى مەھەللىسىدىكى «خانىقا» مەكتىۋىدە بىلىم ئالغان. 1912 ـ يىلى يانۇاردا ئائىلىسى بىلەن خونخاي مازارىغا كۆچۈپ چىقىپ، ئورۇنلىشىپ قالغان .

بۇ مەزگىلدە خونخاي مازار جۇڭگو ـ رۇسىيە سودا ئېغىزى بولغان. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن بۇ يەردىكى رۇس ئايالى بار جو جاڭگويدى دېگەن باي خىتاي سودىگەرنىڭ قولىدا تۆرت يىل ئىشلەپ، جو جاڭگويدىن خىتايچە ۋە ئۇنىڭ ئايالى ناتاشىدىن رۇسچە تىل ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك يىگىت ئىكەنلىكىنى سەزگەن باي سودىگەر ئۇنى دۇكاندا مال سېتىشقا ئىشقا سالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ ۋە خونخايدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا شۇ چاغدا بىرىنچىلەردىن بولۇپ پەننىي مەكتەپ قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارى بولىدۇ. شۇ دەۋردىكى يېڭىلىقنى خالىمايدىغان بىلىمسىز، مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كۆرەش قىلىپ ئاخىرى ئىلغار پىكىرلىك جامائەتچىلىكنىڭ ياردىمىدە 1916 ـ يىلى خونخاي مازاردا تۇنجا (ئىككى سىنىپلىق) مەكتەپ قۇرۇپ باللارنى يىغىپ ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ.

رۇسىيە ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن چاپچال خونخاي مازارىغا چەت ئەلدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ئېشىپ دەرسلىكلەرنىڭ يېتىشمەسلىكى كېلىپ چىقىدۇ. 1920 ـ يىلى بوۋلم ئىمىنجان ئىلى دىيارىدا ئوقۇش قوراللىرى مەسلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيەگە سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردىن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى باشقىلار ئارقىلىق ئىلغا ئەۋەتكەن. ئۆزى



بولسا، بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىگە كېلىپ ئۇ يەردە تۈرك، تاتار، پارسى، رۇس تىل ـ يېزىغىنى ئۆگىنىدۇ. بوۋلم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلى دىيارىدا پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان. 1930 ـ يىلىدىن كېيىن خونخاي مازار مەھەللىسىگە يەتتىسۇدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپەيگەنلىكتىن پەننىي دەرس ئوقۇتۇش تېخىمۇ كەڭ يولغا قويۇلغان. ئۇ توققۇزتارا رايونىنىڭ ھاكىمى نەزەرخان غوجىنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ، مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىغى ئەمەتخاننىڭ تەستىقى بىلەن خونخاي مازاردا 500 كىشىلىك كلوب سېلىپ، 8 سىنىپلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدە كەڭ تونىلىدۇ.

1933 ـ يىلى نەزەرخانغوجا بوۋامنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىپ توققۇزتارلغا ئېلىپ كېتىدۇ (ئۇ چاغدا چاپچال توققۇزتارا ناھىيەسىگە قاراتتى). توققۇزتارا ناھىيەسىدە مەدەنىي ـ مائارىپ، يېزا ئىگىلىگى ۋە مەمۇرىي ساھالەردە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. 1936 ـ يىلى چاپچال ئايرىم ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىغى ۋە دىنىي بۆلۈم مەسئۇلى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە چاپچال رايونىدا 10غا يېقىن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل مەكتەپلىرى قۇرۇلىدۇ.

1940 ـ يىلى شىڭ شىسەي ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى قولغا ئالغاندا بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇنمۇ تۈرمىگە سولىنىدۇ. 1944 ـ يىلى، 10 ـ نويابر كۈنى ئىلى پارتىزانلىرى غۇلجىنى ئازات قىلغاندا ئۇمۇ تۈرمىدىن چىقىدۇ. 1945 ـ يىلى، بىرىنچى يانۋار كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇختورۇشى بويىچە چاپچال ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى بولىدۇ. ئۇ بۇ خىزمەت جەريانىدا گومىنداڭ قالدۇق ئىشپىيونلىرىنى تازىلاش بىلەن بىرگە خەلقنىڭ كۆپلىگەن ناھەق تۆھمەتلىرىنى، ھۆججەتلىرىنى، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەر ماجراسىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇ د ك 94/93
ب ب ك 3.63. (2ئۇيگ)
ئى 30

بۇ كىتاپ ئاۋتور ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ نەۋرىسى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلاندى

مۇھەررىر:
قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىگى، قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئەزىز نارىنباييۋ

پىكىر يازغانلار:
قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئوسمان توغۇساقوۋ
بىشكەك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئابدۇرەھىم ھاپىزوۋ

ئى. باھاۋۇدۇن
ئى 30 **ئىلى تارىخى** /ئى. باھاۋۇدۇن. - بىشكەك.: «ئايىت» نەشرىياتى، 2016. -288 بەت.

ئى س ب ن 978-9967-16-165-8

كىتاپتا ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىمىزدىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بۈيۈك بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەرنى قۇرۇپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى يېزىلىدۇ.
كىتاپتا تارىختىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇتقان ئورنى، قەھرىمان - باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئەرلىكى - جاسارىتى، مىللەتپەرۋەرلىكى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شان - شۆھرىتى ھەققىدە تارىخىي فاكتلار بايان قىلىنىدۇ.

ئى 0503020900-16
ئۇ د ك 94/93
ب ب ك 3.63. (2ئۇيگ)
ئى س ب ن 978-9967-16-165-8

© ئىمىنجان باھاۋۇدۇن
© ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ



# بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن توغرىسىدا

1948-يىلى 23-مارت كۈنى بوۋلم ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ چاغدا مەن 6 ياشتا ئىدىم. شۇ كۈنى بېلىمغا ئاق باغلاپ دادىم ئابدۇرېشىت ئىمىننىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆلۈم پەتىگە كەلگەن كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتىم. بوۋامنىڭ جەسىتى غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىسىدىكى (ھازىرقى مالىيە مەكتىۋىنىڭ بېناسى ئورنىدا) قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. (بۇ زەرەتكالىق 70-يىللاردا قارلىدۆڭ مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا كۆچۈرۈلگەن) شۇ كۈننى تا بۈگۈنگىچە ئۇنتۇقىنىم يوق. مەن چوڭ بولۇپ شۇ چاغدىكى سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن 1961-يىلى قىرغىزستاننىڭ فرۇنزې شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدۇق. بوۋلم توغرىسىدا ئانام رىزۋانگۈلدىن سورىغىنىمدا، بوۋامنىڭ كۆپ كىتاپلارنى يازغانلىقى، بوۋلم ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇغقانلار ئۇ قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مېنىڭ كۆڭلۈمگە «بوۋلم يازغان كىتاپلار يوقۇلۇپ كەتمىسە ئىكەن» دېگەن ئويلار كەلدى. كېيىنرەك ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يۇسۇپبەگ مۇخلىسىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» (1957-يىلى، ئۈرۈمچى) ناملىق كىتاۋى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. كىتاپنىڭ 47-48 - بەتلىرىدە: «ئىلى تارىخى» ئاۋتورى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ كۆڭلۈم ئىمىن تاپقان ئىدى.

1988-يىلى ۋەتەنگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارغان چېغىمدا كىچىك دادىم ئابدۇشۈكۈر ئىمىن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ مۇزېيىدىن ئېلىپ كەلگەن بوۋامنىڭ «ئىلى تارىخى» قولىيازمىسىنىڭ فوتو كۆچۈرمىسىنى ماڭا كۆرسەتتى. شۇ چاغدا مېنىڭ ھاياجانلىغىم كۆككە يەتكەن ئىدى. كىچىك دادىم بىلەن بوۋامنىڭ «ئىلى تارىخى» كىتاۋىنى ۋەتەندە نەشر قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىلانلاشتۇق. ئابدۇشۈكۈر ئىمىن نەشرىياتلار بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار ۋەتەندە چىقىرىشقا بولمايدىغانلىغىنى ئۇقتۇرغان.



ئەمىنجان باھاۋۇدۇن

(1897 - 1948)

قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
پەلسەپە ۋە سىياسىي-ھوقۇق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

ئەمىنجان باھاۋۇدۇن

# ئىلى تارىخى

بىشكەك - 2016

ئىمىنجان باھاۋۇدۇن

# ئىلى تارىخى



بىشكەك - 2016